XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • شىنجاڭ مەدەنىيىتى

«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىن ئورۇن ئالغان نەشرى ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵 双效期刊 中华人民共和国新闻出版总署

دولان روھى

رەسسام: غازى ئەھمەد



6

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498

# 新疆文化

2006



**تونۇلغان شائىر، ئۇستاز ژۇرنالىست، تىل-ئىملا ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە ئۇنۇملۇك ئىزدەنگەن سەمەرىلىك تەتقىقاتچى مۇھەممەد رەھىم ئەپەندىنىڭ 80 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز**

ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىلمىي ئەمگەكلىرى: «بەخت ناخشىلىرى»، «گۈلباھار»، «ئايدىڭ كېچە»، «غۇنچىلارغا»، «مۇھەببەت سەۋدالىرى»ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان؛ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ ئارۇز ۋەزنىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدىن «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر»؛ «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى» (4توپلام)؛ مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا، تېيىپجان ئېلىيېفلارنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «باھار يامغۇرى»، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېف شېئىرلىرى»ناملىق توپلاملارنى نەشرگە تەييارلىغان؛ «قاپىيە لۇغىتى»نى ئىشلەپ نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان؛ تىل ۋە ئىملا مەسىلىرىگە دائىر ئوتتۇز نەچچە پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان؛ ئۆزىنىڭ تولۇق شېئىرلار توپلىمى «جان تەسەددۇق»نى نەشرىياتقا يوللىغان.

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى


(55 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2006 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 282 ـ سان)

باش مۇھەررىر:

**زۇنۇن باقى** (قوشۇمچە)

(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نا-
زارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:

**قۇربان مامۇت**

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**رىسالەت مۇھەممەت**

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


### تەبرىك سەھىپە

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى
مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرايلى.............. ئىسمائىل تىلىۋالدى 2

«خەلقئارا 6 ـ نۆۋەتلىك مۇقام مۇھاكىمە يىغىنى»دا «ئۈرۈمچى ئورتاق تونۇشى» ھاسىل
قىلىندى .............. ليۇ چيەنشىڭ 7

### روھ چۇقانلىرى

دۇنيا ئەر دەپ يىغلايدۇ.............. نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 8

ئەرلەرگە خىتاب.............. ئابلىز ئىبراھىم دولان 19

### تىكەنلىك گۈللەر

ئىگىسىنى تاپالمىغان بەتنام.............. ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 22

ئايال قەلبى.............. مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 26

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى.............. ئابدۇقادىر كېرەم قاتارلىقلار 27

### زامان تەقەززا پىكىرلەر

ئۇركۇگەك تايلار نەگە كەتتى؟.............. ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن 45

### ئەدەبىيات گۈلزارى

يېڭىچە خەتنە توي.............. (ھېكايە).............. ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 56

### ئېغىر تىنىقلار

پادىشاھنىڭ ئەت گۆشى ۋە پاختەك پاجىئەسى.............. ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر 61

### تىلسىزلار نېمە دەيدۇ

ھايۋاناتلارنىڭ خەلقئارا قىزىق نۇقتىسى.............. روزىجان ئابلىز ئىللىق 64

### قىرتاق پاراڭلار

مەركىزىي شەھەردىكى يېڭى گەپلەر.............. زۆھرەگۈل ئەخەت تەرجىمىسى 67

جۇڭگو ۋە غەربنىڭ مائارىپى، چوڭ بولغاندىن كېيىن....... ئەسقەر ئەھمىدىي تەرجىمىسى 68

قىرىق ئەرگە تەگسىمۇ قىز پېتى تۇرىدىغان پەرىزات.............. مەتىمىن ئابلىز 68

### ئانىلىرىمىز نەزەرىدىكى چەت ئەل

مەن كۆرگەن ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىلىقلار.............. ھەجەر. ئا. سابىت 69

### كۆڭۈل ئىزھارى

ئۇكام، سېنىڭ مەۋلۇت كۈنۈڭگە.............. دىلئارام قۇربان 76

### تەقدىرىڭ تەدبىرىڭدە

«ئەقىل پاراسەت دەستۇرى»دىن تاللانغان ھېكمەتلەر.......ئوبۇلقاسىم مۇھەممىدىي (ت) 80



مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت**



# غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرايلى

— «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

**ئىسمائىل تىلىۋالدى**

(ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى)

مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى گۈل-
لەندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش — سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئى-
ناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلپى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدىن
بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچە-
لىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇ-
ھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات
قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئەدەبىيات - سەنئەتنى
خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى

**تەبرىك سەھىپە**

ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە
سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت-
نىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشنى چىڭ ئىگىلەپ، دەۋر مېلودىيىسىنى
ياڭرىتىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تىرىشىپ دەۋر ئالاھىدى-
لىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبى-
يات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئىلغار ئىدىيىۋىلىككە،
يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە زور بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەر ئىلگە-
رى - كېيىن بولۇپ «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى»، «ۋېنخۇا مۇ-
كاپاتى» قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ - چوڭ ئەدەبىيات -
سەنئەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا
ياخشى تەسىر قوزغىدى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭ-
جېنىغا سادىق، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئاڭلىق تۈردە
ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولالايدىغان ۋە ئامما ئۈچۈن
جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر

قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى گۈللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش خىزمىتىدىمۇ زور ئىلگىرىلەش بولدى. بولۇپمۇ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان ـ شەرىپى بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان ـ شەرىپى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان ـ شەرىپى؛ ئۇ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر مۇقامى جۇڭگونىڭ قەدىمكى غەربىي دىيارىدا تەسىر پەيدا قىلغان خەلق سەنئىتى بولۇپ، قەدىمىي ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ، نەچچە مىڭ يىللىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق بېيىتىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مۇقام پېشۋاسى ئامانىساخان يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، جايلارغا تارقالغان 12 يۈرۈش مۇزىكىنى توپلاپ رەتلەپ، مۇقام تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. 12 مۇقام ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارىدىكى ئېسىل گۈل، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، دۇنيا مەدەنىيىتى تەرەققىياتى تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان سەنئەت قامۇسىدۇر. ئۇ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا، ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، نەپىس مۇزىكا قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزگىچە سەنئەت شەكلى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك، مۇھەببەت، غايە، ئىنتىلىش ۋە خۇشاللىق ـ قايغۇلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ، ئەمگەكچان ۋە ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئىنسانىيەت «مۇقام چوڭ ئائىلىسى»دە ئۇيغۇر مۇقامى كىشىلەر تەرىپىدىن «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۆھىرى»، «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت»، «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى قالتىس مۆجىزە» دەپ تەرىپلىنىپ كەلدى. ئۇ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا، قەدىمكى شەرق مەدەنىيىتى بىلەن باشقا قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن جەۋھەر بولۇپ، مۇھىم ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىممىتى ۋە تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە.

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئەۋلاد مۇقامچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنىڭ جاپالىق ئەجرى سىڭگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر مۇقامى يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نى بىر قەدەر مۇكەممەل ئېيتالايدىغان پېشقەدەم مۇقامچىلار ئىنتايىن ئاز قالغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايونىمىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىلا «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش خىزمىتىنى باشلىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا يولداش ۋاڭ جېن بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نى قۇتقۇزۇش ـ قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلغاندا، جۇ ئېنلەي زۇڭلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭغا مۇتەخەسسىس ئەۋەتىشى توغرىسىدا بىۋاسىتە يوليورۇق بەرگەن. يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ۋەن تۇڭشۇ، ليۇجى ۋەكىللىكىدىكى مۇزىكانتلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بىلەن بىللە، مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا قاتارلىق داڭلىق مۇقامچىلار ئورۇندىغان 12 مۇقامنى سىنىغا ۋە لېنتىغا ئېلىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نى قۇتقۇزۇۋېلىپ، «12 مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلىگەن ھەر نۆۋەتلىك رەھبەرلەر، جۈملىدىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۆمۈر داۋامەت ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نى قۇتقۇزۇش، قېزىش، رەتلەش، قوغداش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە بۇ خىزمەتنى بىۋاسىتە تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇردى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئالاقىدار تارماقلار ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا 1997 ـ يىلى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» دېگەن بىر يۈرۈش كىتاب دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تۆت خىل يېزىقتا تارقىتىلدى؛ 2002 ـ يىلى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» نىڭ CD، VCD پلاستىنكىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىنىپ، مۇقام مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىدىن ئورۇن ئالدى؛ 2005 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز ۋە ئەرەب قاتارلىق تۆت خىل تىلدىكى جۇڭگو «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نىڭ DVD پلاستىنكىلىرى رەسمىي نەشر قىلىندى. 2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىردا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن 3 ـ تۈركۈمدە «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ، ئۇيغۇر مۇقامى تارىخىدىكى دۇنياۋى ئۇلۇغ نەتىجىدۇر. «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش جەريانىدا، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە زور مەدىتى بىلەن، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، جاپادىن قورقمايدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتتىكى ئىلتىماس نۇسخىسىنى يېزىپ چىقتى ۋە ماتېرىيال فىلىمىنى تەييارلىدى. ئۇ، پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە

شەھەرلەر مەلۇم قىلغان 14 تۈر ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇ-
رۇپ، خەلقئارا باھالاش كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تولۇق ئاۋاز
بىلەن ماقۇللىشىدەك قالتىس نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا
ھەر نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھ-
بەرلىرى ۋە مۇقامغا ئۆزىنى بېغىشلىغان نەچچە ئەۋلاد ھەر مىللەت ئا-
لىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ جاپالىق
ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى ھەم غايەت زور ئىلمىي ئىجتىھات ۋە ئىزدىنىش
بىلەن قالتىس تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ مول مېۋىسى، شۇنداقلا،
شىنجاڭنىڭ سەنئەت تارىخىدا يارىتىلغان شانلىق سەھىپە.

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغ-
زاكى ۋە غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى قاتا-
رىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى،
پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مە-
دەنىيەت ـ سەنئىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى،
مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقى، بىرلىكتە گۈللىنىپ
تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر
سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. بۇ ئاجايىپ مۆجىزە شۇنى ئىسپاتلىدى-
كى، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقالغان بىر خىل قەدىمكى سەنئەتنىڭ
نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن، دۇنيا مىقياسىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قايـ-
تىدىن ھاياتىي كۈچكە ۋە بەدىئىي جەزبىدارلىققا ئىگە بولۇشى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئەمەلگە ئاشتى. بۇ، ئاپ-
تونوم رايونىمىز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ۋە راۋاجلان-
غانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى. مۇقامنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق
قىلىش تارىخى ـ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت
ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغان
تارىخ، شۇنداقلا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مە-
دەنىيەت ـ سەنئىتى ئۈزلۈكسىز گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان تارىخ.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
قىممەت قارىشى، ئېستېتىك ھەۋىسى ۋە ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ،
ئۇنىڭغا جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى ۋە ئا-
لىيجاناب غايىسى مۇجەسسەملەنگەن. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مى-
راسلىرى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى، جۇڭخۇا مىل-
لەتلىرى روھىنىڭ سىمۋولى ۋە ۋاستىسى. ئاپتونوم رايونىمىز مىللەت-
لەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى ۋە مول مەدەنىيەت بايلىقىغا ئىگە ئاز
سانلىق مىللەتلەر رايونى بولغانلىقتىن، بىز سوتسىيالىستىك ئىلغار مە-
دەنىيەت قۇرۇلۇشنى چوقۇم ئىلمىي تەرەققىيات قارىشنى ئومۇميۈز-
لۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە سوتسىالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قى-
لىش ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ پائال ئىلگىرى سۈرۈپ،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى
يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

## 1. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە بۇرچ ئېڭىنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم

بۈگۈنكى دۇنيادا مەدەنىيەت ئىقتىساد ۋە سىياسىي بىلەن يۇغۇرۇل-
غان، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىدىكى ئورنى ۋە رولى بارغانسېرى
گەۋدىلىك بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئىجادچانلىقى ۋە ئۇ-
يۇشۇش كۈچىگە ئايلاندى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، سوتسىيالىستىك
ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇ-
رۇپ، مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى چىڭ
ئىگىلەپ، ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئە-
سەرلىرى ئارقىلىق پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ۋەتەننى، ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىشنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتىنى، گۈزەل يېڭى تۇرمۇشنى
مەدھىيىلەپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ ۋە ئىلـ-
ھاملاندۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈ-
رەشنى قەتئىي ئېغىشماي قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى،
دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم
رول ئوينىدى. يېڭى ۋەزىيەتتە، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا
قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ
كۈچەيتىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ساقلاپ، كىشىلەر-
نىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مەدەنىيەتنىڭ مىللەتلەرنى
ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە
ئالغا بېسىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز زۆرۈر.

مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىر-
لىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقى، شۇن-
داقلا مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىنى
كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ رەڭ-
گارەڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك
دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي دەلىلى، مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتى يۇغۇرۇلغان
قىممەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى ھەتتا
دۇنيادىكى ئىنتايىن قىممەتلىك، مۇھىم مەدەنىيەت مىراسىدۇر. پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش
خىزمىتىگە ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بولۇپمۇ، يېقىنقى
بىرقانچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مى-
راسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى قوللاش سالمىقىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى
ھەمدە «يىپەك يولى» (شىنجاڭ بۆلىكى) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
قوغداش قۇرۇلۇشنى رەسمىي باشلىدى. بۈلتۈر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
14 ئەلئارا مەدەنىيەت دۆلەت دەرىجىلىك تۇنجى تۈركۈمدىكى غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى قاتارىغا، مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرى قوغدىلىدىغان 17 ئورۇن مەملىكەت بويىچە مە-
دەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن قاتارىغا كىر-
گۈزۈلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مى-
راسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ يېپيېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دې-
رەك بېرىدۇ.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز ئىلمىي تەرەققىيات قارىشنى ئومۇم-
يۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا
قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
قوغداشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى
ئىلگىرى سۈرۈش «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى
ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىس-
لىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئال-
دۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ

مۇقەررەر تەلپى، شۇنداقلا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ رېئال تەلپى. بىز يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، چوقۇم مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى دۆلەت ۋە مىللەت ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى تىرىشىپ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارغا قارىتىشىمىز لازىم.

## 2. مەدەنىيەت بايلىقى ئۈستۈنلۈكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئۇيغۇر قاتارلىق كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى بۇ زېمىندا ئىناق ئۆتۈپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىگىلىك يارىتىپ، مىللەتلەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيىتىنى ئورتاق بارلىققا كەلتۈردى. كۆپلىگەن مەدەنىيەت مىراسى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ «مۇقام» ۋە «مەشرەپ»ى، قازاقلارنىڭ «ئاقىنلار ئېيتىشىشى»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر»ى، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى، خۇيزۇلارنىڭ «گۈل» كۈيى قاتارلىقلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنتايىن جانلانماقتا ھەمدە مىللەتلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ قالدى. قاينام - تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى 20 نەچچە يىل مابەينىدە مەيدانغا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ، يېڭى دەۋردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللەنگەن، باياشات، مەدەنىي سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى بىزگە ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز ئۈچۈن مۇنبەت زېمىن ھازىرلاپ بەردى ۋە قىممەتلىك ئىجادىيەت خۇرۇچى بولدى. بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

**بىرىنچىدىن، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.** دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىنى باشتىن - ئاخىر ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەتنىڭ ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا بولغان ئىجابىي تەربىيە فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مول ۋە رەڭگارەڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت شەكلى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى دەۋردە ھەمنەپەس، تەقدىرداش ۋە قەلبداش بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق قوغداشتەك روھىي قىياپىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، مىللەتلەر «ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش» سىگنالىنى ياڭرىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇلۇغ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇشىمىز لازىم.

**ئىككىنچىدىن، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز لازىم.** ئىلىم جەھەتتە دېموكراتىك بولۇش، ھەر تەرەپنىڭ پىكرىنى تەڭ قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن، «قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى 1 - ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق ئېچىش» پرىنسىپى بويىچە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىن ئىبارەت ھازىرقىلار ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىدىغان بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. نادىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت بايلىقىنى قېزىش، بىرلەشتۈرۈش ۋە ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن، مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋەكىللىك ئەسەرلەر ۋە مىراس ئەسەرلەرنى تىرىشىپ يارىتىپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ بەدىئىي جەزبىدارلىقىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى مەملىكىتىمىزگە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچىدىن، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىش ئاساسىدىكى خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.** مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت بولۇپ، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، مۇناسىۋەتلىك دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلار «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش، جەمئىيەت قاتنىشىش، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بىرلەشمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈش، باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇش، نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، بىر تۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە دائىر چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى قەرەللىك مۇھاكىمە قىلىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى داۋامىدىكى ئالاقىدار چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشى لازىم. مەدەنىيەت خىزمىتى ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئوبدان ماسلىشىپ، شەكىلگە قوغداشتىن ئاكتىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قوغداشقا، يەككە، تار دائىرىلىك قوغداشتىن ئومۇميۈزلۈك قوغداشقا ئۆتۈشكە تىرىشىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق قاتنىشىدىغان خىزمەت ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى لازىم.

**تۆتىنچىدىن، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى دەۋر قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەلئارا مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.** يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم خىزمەت. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەركەزنىڭ «يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»ىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ كىتاب كۆرۈشى، كۆڭۈل ئېچىشى، كىنو كۆرۈشى، رادىئو ئاڭلىشى ۋە تېلېۋىزور كۆرۈشى قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپى، يېزىلار مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى، دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلاشقان يېزىلار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت بازىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى، يېزىلارنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار ئىچىدىكى مەدەنىيەت تالانتلىرىنى پائال تەربىيىلەپ، ئەلنەغمىچىلەر، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تالانتلىقلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەلئارا مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**بەشىنچىدىن، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئىلغار ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشىمىز لازىم.** مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەمۇرىي تارماقلىرى، مۇزېي، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانا قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ تەخىرسىز مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى» قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا دائىر سىستېمىلىق پائالىيەتلەرنى ياخشى تەشكىللەپ ۋە ئۆتكۈزۈپ، ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال، ئالاقە تورى قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئاممىۋى ياقتۇرىدىغان كۆپ خىل تەشۋىق - تەربىيە شەكلىنى قوللىنىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدايدىغان، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىشى لازىم.

### 3. نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ زور غەيرەتكە كېلىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش تارىخىدىكى بىر نامايەندە. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە مەدەنىيەت خادىملىرى يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ بۇنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشى، بولۇپمۇ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئىلتىماسنامىسى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئون يىللىق قۇتقۇزۇش - قوغداش پىلانى»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يەنىمۇ بېيىتىش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

**بىرىنچىدىن، «ئەينەن ۋارىسلىق قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.** «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ خەلق ئارىسىغا تارقىلىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، بىر تۈركۈم «مۇقام يۇرتى» ۋە «ئۇيغۇر مۇقامى ئەلنەغمىچىلىرى»گە نام بېرىشىمىز، مۇقام بىر قەدەر مەركەزلەشكەن تىپىك جايلاردا «ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش - ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى» قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقام سەنئىتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشىمىز ۋە قېزىشىمىز لازىم.

**ئىككىنچىدىن، «كەسپىي جەھەتتە ۋارىسلىق قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.** شارائىتى يار بېرىدىغان مەخسۇس سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، زامانىۋى سەنئەت ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ سەھنىلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشىگە پائال ئىلھام بېرىشىمىز؛ دەۋر روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى ئۈزلۈكسىز نۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچىدىن، «مائارىپ ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.** مۇقام تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرى ھازىرقى ئاساستا داۋاملىق چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى مۇقام تەتقىقاتى ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم. سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىدا ئۇيغۇر مۇقام سىنىپى ئېچىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى تەتقىقات يۆنىلىشى قىلغان ستۇدېنت، ماگىستىر ئاسپىرانت ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىپ، تەتقىقاتنى پائال كۈچەيتىپ، ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇيغۇر

مۇقامنى قوغدايدىغان، ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان يۇقىرى ساپالىق، خىل، ئۆتكۈر كەسپىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

**تۆتىنچىدىن، ماسلاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.** ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش خىزمىتى زور سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى ئۇيغۇر مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى زور قۇرۇلۇش قىلىپ، تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. مەدەنىيەت - مائارىپ، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ۋە ئاخبارات - نەشرىيات تارماقلىرى فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كونكرېت يولغا قويۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلىشى لازىم.

**بەشىنچىدىن، تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.** ئۇيغۇر مۇقامىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت سېھرىي كۈچىدىن ھوزۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم. مۇقام بايرىمى ئۆتكۈزۈش، خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق مۇقامنى سەھنە ۋە ئېكرانلاردا جەۋلان قىلدۇرۇپ، جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش يېڭى دەۋردە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدا يېڭى ۋە پارلاق نەتىجە يارىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈش ۋە ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

(2006 - يىل 24 - سېنتەبىر) (M2)

# «خەلقئارا 6 - نۆۋەتلىك مۇقام مۇھاكىمە يىغىنى»دا «ئۈرۈمچى ئورتاق تونۇشى» ھاسىل قىلىندى

## جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملار مۇقامشۇناسلىق تەسىس قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى

«1 - ئۆكتەبىر» ئالتۇن ھەپتىلىكىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا 6 - نۆۋەتلىك مۇقام مۇھاكىمە يىغىنى»دا گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق توققۇز دۆلەتتىن كەلگەن 75 نەپەر ئالىم - مۇتەخەسسىس «ئۈرۈمچى ئورتاق تونۇشى»نى بىردەك ماقۇللاپ، مۇقامشۇناسلىق تەسىس قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

2006 - يىل 25 - سېنتەبىردىن 29 - سېنتەبىرگىچە گېرمانىيە، فرانسىيە، تۇنىس، ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان، ياپونىيە ۋە جۇڭگونىڭ مۇقامنى ئاساسلىق تەتقىقات نىشانى قىلغان 75 مۇزىكىشۇناس، ئۇسسۇلشۇناس ۋە ئەدىبى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا 6 - نۆۋەتلىك مۇقام مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشتى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك 33 ئالىم يىغىندا ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئوقۇدى ھەم جۇڭگو شىنجاڭدىكى، چەت ئەللەردىكى مۇقاملارنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى، مۇقاملارنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئىپادىلىنىش شەكلى، مۇقاملارنى 21 - ئەسىردە قوغداش ۋە تارقىتىش قاتارلىق تېمىلاردا ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزدى.

يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار بىردەك مۇنداق قارىدى: مۇقاملار ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا كەڭ تارقالغان مۇزىكا ھادىسىسى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. 20 - ئەسىردە مۇقاملارنى قېزىش، رەتلەش، قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، تەتقىق قىلىش قاتارلىق ساھەلەردە بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا، مۇقام تەتقىقاتى خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغىشى كېرەك.

يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار مۇقاملارنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا كەڭ تارقالغانلىقى، ھەتتا ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، شۇنداقلا مۇقاملارنىڭ تارقالغان دۆلەتلەر، رايونلار، مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى مۇقام ئىلمىي گۇرۇپپىسىنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشىدا دۇنياۋى مۇقامشۇناسلىقنى تەسىس قىلىشقا دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەك، دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

يىغىن ئەھلى مۇنداق دەپ قارىدى: مۇقامشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ساھەسى، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۇ بولسىمۇ: مۇقاملار مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، مۇقاملار نەزمىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش؛ مۇقاملارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەتقىق قىلىش؛ مۇقاملار ئورۇنلىنىدىغان سورۇن، مۇقاملارنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش؛ مۇقاملارنىڭ پەيدا بولۇش، شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش، تارقىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىش؛ ھەرقايسى دۆلەت، رايون ۋە مىللەتلەر مۇقاملىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش؛ مۇقاملارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىدىكى ئورنىنى تەتقىق قىلىش، مۇقاملارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت.

**لىيۇ چيەنشىڭ**

(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى) (M2)



# دۇنيا ئەر دەپ يىغلايدۇ

— تۇرسۇن مەھمۇتنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 5 ـ سانىغا بېسىلغان «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئىدىيە ئىزىدىن

نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

زېمىنغا تۇنجى بولۇپ ئاپىرىدە قىلىنغان ئىنسان ـ ئادەمئاتا، يەنى
ئەر بولدى. ياراتقۇچىنىڭ ئۇنى زاتى ئىنسانىنىڭ بىردىنبىر ئاتا يىلتىزى
قىلىپ ئەزگۈ، كامىل سۈپەتلەر ئاساسىدا يارىتىشىدا ۋە ھەتتا پۈتكۈل
پەرىشتىلەرنىمۇ ئۇنىڭغا سەجدە قىلدۇرۇشىدا، زېمىننى مەڭگۈئەتلىك
يوسۇندا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالقىنىغا تۇتقۇزۇشىدا كارامەت
ھېكمەت مۇجەسسەم. دېمەككى، ئەر ياراتقۇچىنىڭ ئۈمىد، ئىشەنچ
تىمسالىغا ئايلاندى، ئادەمئاتا ـ ئەر ئەڭ كامىل ئىنسان سۈپىتىدە
ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇنىڭغا چەكسىز ئىمكان ـ ئىستەك بېرىلدى، شۇن-

روھ چۇقانلىرى

داقلا شىللىسىگە يەنە يېتەرلىك دەرىجىدە قەرز ـ پەرزلەر يۈكلەندى
(بېرىشى يوق ئېلىشىنىڭ ئەسلا مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى يارالمىش ئەپ-
سانىلىرىدىن تولۇقى بىلەن كۆرۈڭ).

بىز دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئەل ـ قوۋمنىڭ يارالمىش ئەپسا-
نىلىرىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق، زېمىنغا تۇنجى ئاپىرىدە قىلىن-
غان ئىنسانىنىڭ ئايال ئەمەس، بەلكى ئەر ئىكەنلىكىنى بايقاپ يېتىمىز.
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قەھرىمانلىق ئېپوس ـ رىۋايەتلىرىنى كۆزەتسەك
زۇلمەت خوجىلىرى، قاراڭغۇلۇق، دوزاخ، ئازاب مۇئەككەللىرى، يال-
ماۋۇز، دېۋە، ئەجدىھا... لارنى يوقىتىپ ئىنسانىنى شاد ـ بەختىيار،
تىنچ ـ ئەمىنلىككە ئېرىشتۈرگۈچى باھادىر ـ پالۋانلارنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسمىنىڭ ئەر، ئەركەك ئىكەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنىمۇ ئىن-
چىكە ۋە رېئاللىق نۇقتىسىدىن كۆزىتەيلى، ئىنسانىيەتنى زالالەت،
گۇمراھلىق، ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھېسابسىز بەدەل ـ

قۇربانلىقنى تۆلىسمۇ ۋايسىماي چىن ھەقىقەتلەرنى تەرغىب ـ تەلىم قىلغان مەرھەمەتلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ كىم، قايسىسى ئايال ئىكەن؟ دۇنيا تارىخىغا، پەن تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان شاھ، ئالىم، قەھرىمان، پۇقرانىڭ قانچىلىكى ئەر، قانچىلىكى ئايال؟ بىزنىڭ سېلىشتۇرمىمىز ئايالالارنى چۈكۈرۈش، پەس كۆرۈشنى مەقسەت قىلمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە ئۇنى يۆلەپ تۇرغان پازىل ئايالدىن بىرسى ۋە ھەتتا بىر نەچچىسى بولىدۇ. ئايال ئەرنىڭ ۋىجدان ـ ئىمانىنىڭ يېرىمى. بىز يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىلاردىن دەۋرلەر ئارا كىشىلەرنىڭ ئەرلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى، ئەرلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ـ ئارزۇسى، ئەرلەرگە قويىدىغان تەلەپ ـ ئۆلچەملىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. چۈنكى، رىۋايەتنىڭ يىلتىزى، ئەپسانىنىڭ مەنبەسى بار. ئەگەردە تۇتقىلى، كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەرنىلا بىردىنبىر مەۋجۇدلۇق، رىۋايەتنى ئاساسى يوق، ئىشەنچسىز ئويدۇرما گەپلەر دۆۋىسى دەپ قارايدىغانلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، رىۋايەت ھېچ بولمىغاندا شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ غايىۋى خىيالى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. بىز ئاشۇ غايىۋى خىيال، ساماۋى ئىستەكلەرنىڭ يىلتىزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەر، ئىنسان ھەققىدىكى بەزىبىر ئويلىرىمىزغا جاۋاب ئىزدەيمىز: ئەر قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئەرنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، رولى، ۋەزىپىسى نېمە؟ ئەرنىڭ ئايال ئالدىدىكى ئورنى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئەرنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى ئىناۋەت ـ نوپۇزى قانداق تىكلىنىدۇ؟ بىر ئەل ـ قوۋم ئۈچۈن قانداق ئەرلەر يۆلەك ـ تىرەك بولالايدۇ؟ ئەرلەر ئۆز تېنى ۋە روھىيىتى ئالدىدا قانداق قىياپەت ـ ھالەتنى ساقلىشى كېرەك؟ بىر ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم، بىر ئايالنىڭ شاد، پەرزەنتلەرنىڭ خاتىرجەم ـ بەختىيار بولۇشى ئۈچۈن بىر ئەر ئۆزىدە قانداق ساپا ـ خىسلەتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟ ئەرلەر قانداق ئىشلاردىن قەتئىي ساقلانمىقى لازىمدۇر؟ نېمە ئۈچۈن؟...

يۇقىرىقى سوئال ـ مەسىلىلەرگە يالغۇز يارالمىش ئەپسانىلىرى ياكى رىۋايەت ـ چۆچەكلەر جاۋاب بەرمەيدۇ ھەم بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىزمۇ ئالدىنقىلارنىڭ خىيال ـ تەسەۋۋۇرىنى ساماۋى ئىستەك قاتارىدا تەلقىنلەپ تاشلاپ قويۇشلا ئەمەس. مەيلى قايسى زامان، قايسى ماكان كىشىلىرىنىڭ قانداق ئوي، قانداق پىلان ـ تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىنساننىڭ تەقدىرى ۋە مەۋجۇدلۇقىغا بېرىپلا تاقىلىدىكەن، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەڭگۈ ئورتاقتۇر. شۇنداقلا پەن ئۈستىدىكى ھەر بىر ئىزدىنىش تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ تەقدىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتۇر. ئىنساننىڭ ئۆتمۈشى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئەتىگە ئۇل سالىدۇ. ئەگەر بىر تەتقىقات ياكى ئىزدىنىش يالغۇز ئۆتمۈشنىڭ قاراڭغۇ جاڭگاللىرىغىلا قامىلىپ قېلىپ بۈگۈننىڭ ھالى ـ بارىنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇ يەنە بىر ئاچچىق، ئېچىنارلىق تارىخنى يارىتىدۇ. بۈگۈننىڭ ئالىمى ئۆتمۈشنىڭ جەسىتىنى تەتقىق قىلىپلا ئۇنىڭدىكى روھ، مەنىنى بۈگۈنگە ئۇلىيالمىسا ۋە ئۇنى بۈگۈننىڭ ئىجتىمائىي قاباھىتىنى داۋالاش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالمىسا، ئەتىكى ئالىم بەلكىم ئۇنى تەتقىق قىلارغا سۆڭەكنىمۇ تاپالماسلىقى مۇمكىن. بىزنىڭ باشتىكى ئەپسانە ـ يارالمىش قىسسىلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەرلەر ھەققىدىكى باياناتلارنى شىپى كەلتۈرۈشىمىزمۇ دەل بۈگۈن، بۈگۈننىڭ ئەر، ئەركەكلىرى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىمىز ئۈچۈندۇر.

خوش، يارالمىش ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەت ـ چۆچەكلەر ئۆز دەۋرىدىكى ئەرلەر، قەھرىمانلار ئۈچۈن يېتەرلىك مەدھىيە خاتىرىلىرىنى قالدۇرۇپتۇ. تارىخىي بەتلەردە لەنەت تامغىلىرى بىلەن تامغىلانغان كىشىلەرنىڭ پاسىق ـ ئىپلاسلىقلىرى، ئاجىزلىقلىرىغا بېغىشلانغان ئەسەر ـ خاتىرىلەر بىزگە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بار دېگەندىمۇ ياخشىلىق، گۈزەللىك، ۋاپادارلىق، ئادالەت ھامان رەزگى كۈچلەرنىڭ غالىب خوجىسى بوپكەلدى. ئەمما بۈگۈنچۇ؟

مەن يېقىنقى يىگىرمە يىل مابەينىدىكى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇدار ـ ئاھاڭىنى قىسقىچە تەكشۈرۈپ ـ ۋاراقلاپ كۆردۈم. تارىخ ـ يازما مەنبەلەر بىزگە ئەرلەرنىڭ شۆھرىتىنى تەنتەنە قىلىپ كەپتۇ، بىز بۈگۈن ئەرلەرنىڭ ئاجىز، زەيىپانىلىقنى تۆكمە ـ تۆكمە قىپتىمىز؛ ئۆتمۈش ئۆز باتۇرلىرىدىن غۇرۇرلىنىپتۇ، بىز ئەرلىرىمىزنىڭ بىچارە ھالىدىن نومۇسلىنىپتىمىز؛ ئۆتمۈش ئەرلىرىنىڭ ئاياللار، پەرزەنت، ئائىلە، جەمئىيەت ئالدىدىكى سۈر ـ ھەيۋىسىدىن جاھان تىترىگەن دەپتۇ غالىبلىق بىلەن. بىز خوتۇن كىشىگىمۇ ئىككى ئېغىز گېپىنى قاملاشتۇرۇپ قىلالماي تىزلىرى دىر ـ دىر تىترەيدىغان، يۈلۈنلىرى سىرقىرايدىغان، پاتىڭى سوغۇق تەرلەيدىغان ئەرلىرىمىز بىلەن جىمجىت تۇرۇپتىمىز؛ رىۋايەت ـ چۆچەكلەردىكى ئەرلىرىمىز قوغلاپ يۈرۈپ خوتۇن ئاپتۇ، خوتۇنلىرى ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا شەرتسىز رازىلىق بىلەن شەكسىز ئىتائەتتە تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدىكى ئەرلەر خوتۇننىمۇ يالۋۇرۇپ ئاپتۇ. ئىتائەتكە ئالالماي خوتۇندىن، زاماندىن زارلاپ ـ قاقشاپ تۇرۇپتۇ. خوتۇنلىرى ئېرىگە قانائەت قىلماي سىرتلاردىن كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىزدەپ كوچا ـ كويلارغا پاتماي دېغىراپ يۈرۈپتۇ... ئۆتمۈش ھايا، ئەخلاق نۇرىنى قۇر ـ قۇرلارغا سىڭدۈرۈپ، پاكىز، ھاياتبەخش تەلقىنلىرىنى مۇڭلۇق شىۋىرلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ئەسەرلىرىمىزدىن بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ھاياسىز شەھۋەتنىڭ كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان سېسىق ئىس ـ بۇسلىرىنى كۆرمەكتىمىز، سەزمەكتىمىز. ئەلۋەتتە، بىز بۇ ئەسەرلەردە ئەكس ئەتكەن ئىدىيە، خاھىشنى تۇرمۇشىمىزنىڭ، رېئاللىقىمىزنىڭ ئىنكاسى دېمەي ئامالىمىز يوق...

ئۆتمۈش شۇنداق پارلاقمۇ؟ ئۆتمۈش راستتىنلا شۇ قەدەر كىرسىز ـ داغسىزمۇ؟ ئۆتمۈشتىكى ئەرلىرىمىز، قىزلىرىمىز، ئائىلىلىرىمىز راستتىنلا شۇ قەدەر كەم ـ كۈتىسىز كامالەت جۇملىسىدىنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۆتمۈشنىڭ قاباھەت ـ زالالىتىمۇ يېتەرلىك. ھەتتا بەزى يەرلىرى بۈگۈندىن ئېشىپ چۈشكۈدەك رەزىل، رەزگى، زۇلۇم ـ ستەملىرى كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك دەھشەت ـ قەبىھ. ئەمما ئاشۇ قەبىھ، رەزىل، بەتئەخلاقلىق ئىچىدىن بىزگە كىشىنىڭ ئەقلىنى زوققا ئورايدىغان شەرەپ ساھىبلىرى يېتىپ كېلەلىدى. ئاقىلنىڭ ئىشى ئۆز ئىش ـ ئەمەلىنى كامىللىققا تەققاسلاش ۋە قابىللىققا يېتەكلەش، ھەرگىزمۇ غاپىللىققا سېلىشتۇرۇپ ئۆزىچە كىبىرلىنىپ پاسسىقلىققا يېقىنلىشىش ئەمەس. شۇ جۇملىدىن بىزمۇ زامانىمىز زالالەتلىرىنى ئۆتمۈشنىڭ كىر ـ يۇندىلىرىغا سېلىشتۇرمايمىز، بەلكى ئۆتمۈشنىڭ نۇرانە ئەينىكى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەيىبناق ھالىمىزنى كۆرىمىز، رۇسلايمىز، تۇرمۇشتىن تېخىمۇ تاكامۇللۇق ئىزدەيمىز.

ئېتىراپ قىلماسلىق زادى بولمايدىغان ئاچچىق رېئاللىق شۇكى، جەمئىيىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ۋابالارنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ بىز ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، ئورنى، ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى ھەققىدە جىددىي ئويلانماسلىق بولمايدىغان يەرگە يەتتى. ئاشۇ جاھان تىترەتكەن باھادىر ئەرلەرنىڭ پۇشتى ئەۋلادلىرى بۈگۈن نېمىشقا ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ تىرناق تاتىلاپ، دىرىلدەپ تىترەيدۇ؟ مەسىلىلەر ئالدىدا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ، كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ؟ ئەرلەر

نېمىشقا ئاجىزلاپ كېتىدۇ؟ ئەرلىك روھ نېمىشقا زەيىپانلىشىدۇ؟

بىز تۆۋەندە ئەر ۋە ئەرلىك روھ ھەققىدە مەلۇم سېلىشتۇرما تەھلىللىرىمىزگە مەنبە بولغان ـ بولىدىغان بىر ھېكايىنىڭ ئىدىيە لىنىيىسىنى بويلاپ مېڭىپ باقىمىز. تۇرسۇن مەھمۇت «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت»نىڭ يۈرىكىدىن «كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» نىڭ تۇرقىغىچە بولغان جەريانىغا بەدىئىي نۇقتىدا تۇرۇپ تەسۋىرىي سۈرەتلەش ئېلىپ بېرىپتۇ. بىز ئاشۇ تەسۋىرىي سۈرەتنى تەنقىدىي نەزەردە كۆزەتسەك ۋە جەريانلارنىڭ ئىدىيىۋى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرىگە ئەقلىي، ئىلمىي نۇقتىدىن باھا يۈرگۈزسەك، بەلكىم ئەرلەردىكى جەڭگىۋار جۇشىنىڭ بوشىشى، ئەقىل ـ ھوشىنىڭ ئاجىزلىشىشى، سۈرىنىڭ يوقىشى، كۈچىنىڭ سۇنۇشىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چۈشىنىپ يېتەلىشىمىز مۇمكىن.

ئەر قانداق سۇندى؟

* * *

مىللىي، ئىرقىي، دىنىي پەرقسىز ھالدا ھەرقانداق بىر ئەر ئۆزىدە بېجىرىم تەن، ساغلام ئەقىل، كەسكىن ئەقىدە ساپاسىغا ئىگە بولۇشتىن سىرت، مۇنداق ئەڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيەتلەرنى پەرز سۈپىتىدە ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولىدۇ: 1. خوتۇن ئېلىش، خوتۇنىغا ئىگە بولۇش، يەنى خوتۇنىنىڭ جېنىغىمۇ، مېلىغىمۇ، گېلىغىمۇ، دىلى ـ دىنىغىمۇ، ئىپپەت ـ ھاياسىغىمۇ ئىگە بولۇش؛ 2. پەرزەنتلىرىنى لاياقەتلىك، ساپالىق تەربىيىلەش، ئۇنى تېپىپ جاھانغا تۆرەلدۈرۈپ قويۇپلا تەربىيىتسىز تاشلىۋەتمەستىن، ئۇنىڭغا مۇقەددەس ئەمەل ـ نىزاملارغا، ئەجدادلارنىڭ ئۆگۈتىگە قانداق ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىش ھەمدە جاھاننىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن زۇلۇم ـ سىتەمىگە ئەقىل بابىدا سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان دۇرۇس ئەۋلاد قىلىپ يېتىلدۈرۈش، 3. ئۆز ئائىلىسىنى ياخشى قامداش، ئائىلە ئەزالىرىنى بەختەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرۈش. ئۇلارنىڭ تىلىنى تۇتۇلدۇرماي، دىلىنى خورلۇق، كەمسىتىشكە يولۇقتۇرماي ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇلارنى تاغدەك يۆلىكى، توغراقتەك تىرىكى باردەك خاتىرجەم، شاد قىلىش؛ 4. ئۆز قوۋمىنىڭ مەنپەئەت ۋە پايدا ـ زىيىنى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش، ئەل ـ قوۋمغا كەلگەن ھەرقانداق شەكىلدىكى قىيىنچىلىق، ئازارلىق ئۈچۈن مەيدە كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان، ئاۋامنىڭ تەقدىرى ئېغىر ھالغا چۈشكەندە قۇيرۇقنى قىسىۋالمايدىغان، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالمايدىغان، كۆزىنى يۇمىۋالمايدىغان بولۇش؛ 5. ئەجدادلىرىنىڭ نەسەب ـ شەجەرىسىنى، شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرالايدىغان بولۇش، ئۇنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئەۋلادلار ئۈچۈن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ساغلام ئەنئەنە قالدۇرۇش.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى پەرز سۈپىتىدىكى ۋەزىپە ـ ئەركانلارنى بىراۋ بىر ئەرنىڭ گەدىنىگە ئارتىپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. بەلكى «غايىلىك ئادەم بۇيرۇقنى ئۆزىنىڭ ئىمانىدىن تاپشۇرۇۋالىدۇ» ① غايە ـ ئىمان بولمىسا ئۆزىنىڭ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئەقەللىي بۇرچ ـ ۋەزىپىلىرىنىمۇ چۈشەنمەستىن، يەپ ـ ئىچىپلا كۈن ئۆتكۈزۈۋېرىدىغان گەپ. ئەرلەرنىڭ ئۆز ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە پەرۋاسىز قارىشى، ھەتتا ئارقىسىنى قىلىۋېلىشى، ئاياللارنى خار، بالىلارنى بىچارە، ئائىلىنى پاراكەندە، قوۋم ـ مىللەتلەرنى نىمجان، جەمئىيەتنى سوغۇق، مۇدھىش قىلىۋېتىدۇ...

بىر ئەرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپە ـ مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئائىلە ـ جەمئىيەتنى تەشكىللەپ گۈللەندۈرۈشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەن، ئەقىل، ئەقىدىدە ساغلام، كامىل بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇلۇغ غايە ـ بېجىرىم تەنگە تەقەززا؛ ئۇلۇغ پىلان ـ تەسەۋۋۇر ـ ساغلام ئەقىلگە موھتاج؛ ئورتاق ئېتىراپقا ئېرىشەلەيدىغان ھەرقانداق نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەت ـ دۇرۇس، چىن ئەقىدە ـ ئېتىقادقا سىڭىك. بىر ئەر ئۆزىدە، خاراكتېرىدە مانا شۇ تەن، ئەقىل، ئەقىدە بىرلىكىنى لايىقىدا بىرلەشتۈرەلىگەندىلا ئاندىن ئايال، پەرزەنت، ئائىلە، قوۋم، جەمئىيەت، ئەجداد ـ ئەۋلاد ئالدىدىكى ئەقەللىي مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇڭا دەيمىزكى،ئەر ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىدە جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك تەن، ئەقىل، ئەقىدە ساغلاملىقىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئاندىن ئۇ خوتۇنىنىمۇ راۋۇرۇس ئىتائەتكە ئالالايدۇ، پەرزەنت ئالدىدا جىنايەتچى، ئەجداد ئالدىدا خىيانەتچى بوپقالمايدۇ، ئەل ـ ئۇلۇس ئۇنى قارغىمايدۇ. ئۆزى ھەر جەھەتتىن دۇرۇس ئەرلەر ئەزگۈ ئىش ـ ئەمەللەرنى ئىزدەپ سوراپ قىلىدۇ، يامانلىق، رەزىللىك، زالالەتكە پۇت تىقمايدۇ، بەلكى ئۇنى بار كۈچى بىلەن توسىدۇ، چەكلەيدۇ. تېنى زەئىپ، ئەقلى چولتا ياكى تولۇق ئويغانمىغان، ئەقىدىسى چۈشكۈن، زەئىپ ۋە بىنورمال ئادەملا يىرگىنچلىك پاسىقلىقىمۇ چۈشەنگە ئوخشاش ئولىشىدۇ، رەزىللىككە مەت قىلمايدۇ، ھاياسىزلىقنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قوبۇل قىلىۋېرىدۇ، ئەتراپتىكى ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىكلەرنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىلىپ كۆزىنى يۇمىۋالىدۇ. بوشاڭ ئەرلەر ھەقىقەتەنمۇ پاسىقلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئەرلىك روھ دەل ھاياتقا بولغان ئەقىدە ـ ئىمانى سۇس ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا شىددەت بىلەن ئاجىزلايدۇ، سۇنىدۇ. ئاندىن ئومۇمىي قوۋم ئارىسىدا ئىجتىمائىي قاباھەت ـ كىرىزىس يەنە شۇنداق شىددەت بىلەن كېڭىيىپ كېتىدۇ ـ دە، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ چېھرىدىكى ئەرلەرنىڭ غۇرۇر ـ ئىپتىخارى بولمىش ناز ـ كەرەشمە، ھايا ـ ئىپپەت ئۆچىدۇ، بالىلارنىڭ ۋۇجۇدى قۇرۇپ كېتىدۇ. نىكاھ پاجىئەلىرى ۋە بۇزۇقچىلىقلىرى ئائىلىلەرنى قاپلاپ كېتىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا يەنە شۇ ئەرلەرنىڭ بويىنى قىسىلىپ، تىلى تۇتۇلۇپ، بېلى ئېگىلىپ كېتىدۇ... ھەقىقەتەنمۇ، ھاياسىز ـ پاسىقلار ئارىسىدىن ئەرلىك روھى قالمىغان ئاجىز ـ بىچارە ئەرلەرنىڭ مەيۈس ۋايساشلىرى ۋە قابىل ئەرلەرنىڭ غەزەپلىك ئاھسىنىشلىرى بوش ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ھېكايىدە قانداق بولدى؟

«يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» دە تۆت بۆلەك، يەنى تۆت زامان ـ ماكان، تۆت ئەر، يەنى تۆت خىل زامان ـ ماكان شارائىتىدا ياشىغان تۆت ئەۋلاد كىشىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى، ئائىلە تۈزۈلۈشى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئىش تەقسىماتى، پەرزەنت تەربىيىسى، ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى، ئەرلىك خاراكتېر، روھ ھەققىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى مەۋجۇد. بىز بۇ خىل ھال ـ ئۆزگىرىشلەرنى لىنىيىلەر بويىچە تەھلىل ـ تەنقىد قىلىپ چىقىمىز:

## «تۆت ئەر» گە «ئۈچ» نۇقتىدىن نەزەر

### «جان ـ تەن» گە نەزەر

شۈبھىسىزكى، تەن بىر ئىنسانغا تۇغۇلۇشتىلا ساق، پاك ھالدا تارتۇقلاپ بېرىلگەن بۈيۈك نېئمەت. تەن روھنىڭ سىغار يېرى، جاننىڭ ئامبىرى. بىر ئىنساننىڭ تېنى زەئىپ، ئاجىز، نىمجان بولسا، ئۇنىڭ غايىلىرى ھەرقانچە ئۇلۇغ، بۈيۈك، چۈشلىرى قانچىلىك ساماۋى بولسىمۇ ئۇنىڭ قالتىس نەتىجىلەرنى قازىنىشى تەسكە توختايدۇ. زەئىپ تەن بۈيۈك غايىلەرنى كۆتۈرەلمەيدۇ ياكى ئاجىز كېپقالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئاقىل ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز تېنىنى گۆھەر بىلىپ ئاسرايدۇ، ئۇنى زەھەر ـ زەققۇمدىن، ھارام ـ پاسىق نەرسىلەردىن، زىيانلىق تەركىبلەردىن نېرى تۇتىدۇ، قۇۋۋەتلىك يەيدۇ. ئاندىن گۆس ـ گۆس دەسسەپ ماڭىدۇ، گەپنى كېسىپ قىلىدۇ، ئىشنى قەتئىيلىك بىلەن بېجىرىدۇ، ئالدى ـ ئارقىغا قاراپ قالمايدۇ. تەن ساق ـ بېجىرىم بولغاندىلا ئائىلىنىمۇ جايىدا قامدىغىلى، خوتۇنىنىمۇ غىڭ قىلالماس دەرىجىدە رازى قىلىپ لايىقىدا ئىتائەتكە ئالغىلى بولىدۇ. بولمىسىچۇ؟ تېنىڭ ئاجىز، گېپىڭدە جان، مېڭىشىڭ، تۇرۇشۇڭدا جۇش ـ ماغدۇر يوق، ئىش بېجىرىشىڭ لامزەللە، سوغۇق تەرلەيسەن، قورقىسەن، جاپادىن قاچىسەن، خوتۇنۇڭنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھېسسىي تەلەپلىرىنىمۇ قاندۇرالماي تىلىڭ تۇتۇق، ئۈنۈڭ بوغۇق ئۆتىسەن...

تۆمۈر مەرگەن. ئۇنىڭ تېنى تەبىئەتنىڭ ئوت قىزىقىدا تاۋلىنىپ، قەھرىتان قىش ـ سوغۇقىدا پىشقان. ئۇنىڭ ئۆمرى چاپچىپ تۇرىدىغان ئات ئۈستىدە، تەبىئەتنىڭ ئەڭ ۋەھشىي يىرتقۇچلىرى بىلەن قاراملارچە ئېلىشىپ ـ چېلىشىپ ئۆتتى. ئۇ كۈن بويى ئوۋدىن قالمىدى، يەنى كۈرەشتە بولدى. ئەڭ قۇۋۋەتلىك گۆشلەر بىلەن غىزالاندى. ئەسەردىن بىز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەزىز بىلىپ يارىتىلغان تېنىگە رەھىمسىزلىك بىلەن زەھەر زورلايدىغان ناچار ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى ئۇچرىتالمايمىز. ئۇنىڭ مېڭىشى چىلاڭ، گېپى كەسكىن، ئىرادىسى قەتئىي. 14 يېشىدا ئۇنىڭغا تەگكەن خوتۇنى ئۇنى يۆلەك، غۇرۇر، خۇشاللىق بىلىدۇ ۋە چەكسىز رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت ئىتائىتىدە بولىدۇ. ئۇ ئۆز تېنىنى شېرىنلىككە ھېچ نەرسىنى تەڭ قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە ئەزىز بىلىدۇ، ئاسراپ ئاۋايلايدۇ. ئەمما ئەل ـ ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەرىپى، ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ۋاي دېمەي ئۆلۈم قارىنىغا ئاتالايدۇ. بەلكى، «بىر ئەركەك قورقماي ئۆلەلىسە، يەنە كېلىپ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ ئۆلسە... بۇنىڭ ئۆزى يىغلايدىغان ئىش ئەمەس. ئەرلىك شەرەپنى ساقلىماق ھەممىدىن مۇھىم. ئەركەكلىك نومۇسنى ساقلىغان ئادەملەر ئۆلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. يەنى، ئەل ـ ئاۋامنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى قوغداشنى ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قارايدۇ. ئۆلىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يولۋاس ئۇۋىسىغا تەمتىرىمەي مەيدە كېرىپ بارىدۇ ۋە يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ مەغرۇرلۇق ئىلكىدە جان بېرىدۇ. مانا بۇ تۆمۈر مەرگەننىڭ جان ـ تەن قارىشى. ئۇنىڭ جان ـ تەن قارىشىدا ئاممىۋى ئاڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

سادىن. ئۇ ھە دېسىلا سوغۇق تەرلەيدۇ، تېنى جۇغۇلدايدۇ، بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا پۇت ـ قولىدا جان قالماي، بۇرۇن پەررەكلىرىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولىدۇ. قېرىنداشلىرى خەتەر ئىچىدە قالسىمۇ، قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە باھانە ئىزدەپ قاچىدۇ. خەقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىدىن نومۇس ھېس قىلمايدۇ. ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆز جېنىنى ئەزىز كۆرىدۇ. «بۆرە دېگەن ئويناشقىدىغان مەخلۇق ئەمەس، ئالمادىس بىرەر ئىش بوپقالسا، بالىلىرىم قانداق قىلىدۇ، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىم نەلەردە بويۇن قىسىپ يۈرىدۇ. جان دېگەن تاتلىق...» دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭدا ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئايانماي تەقدىم قىلالايدىغان جان ـ تەن ئەمەس، ئىنتايىن شەخسىيەتچىل، قورقۇنچاق، ئاجىز تەن ۋە جان قارىشى مەۋجۇد.

سادىر. ئۇ، ئاچچىق موخۇركىنى بولۇشىچە شوراپ، بەڭ خىيالىنىڭ ئەللىيىدە ئۇگدىسىغا كېرىلىپ ياتىدىغانلاردىن. تاماكا ـ يوشۇرۇن قاتىل دەيدىغان گەپ بار. دۇنيادا ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ تاماكا ۋە ئۇنىڭدىكى زەھەرلىك ماددىلار تۈپەيلى پەيدا بولىدىغان يۇتقۇنچاق راكى، ئېغىز بوشلۇقى راكى، كاناي راكى، ئۆپكە راكى... دېگەندەك كېسەللىكلەر بىلەن ۋاي تارتىپ ئۆلىدىغىنىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. ئاقىل ئادەم ئۆز تېنىگە زەھەر ـ زەققۇمنى راۋا كۆرمەس. ئەپسۇسكى، سادىر تاماكىغا دۈم چۈشكەن، كۈنلىرى قارتا ئويناش دېگەندەك تايىنسىز ئىشلار بىلەن لەيلۈەشتەك لەيلەپ ئۆتىدۇ (ئۇنىڭ يەنە قانداق بەتقىلىقلىرى بار، بۇ بىزگە نامەلۇم. لېكىن بىكارچىلار بۇزۇقچىلىققا ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئىنتايىن چۈشكۈن، رەزگى پوزىتسىيىسى بىزگە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىڭمۇ چاكىنا ئادەتلەرگە يېقىن تۇرىدىغىنىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرىدۇ). خوتۇنىمۇ ئۇنىڭدىن نارازى، ھەتتا «سىزمۇ ئەر كىشى بوپقاپسىز» دەيدۇ، ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك ھىجىيىدۇ، لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەكسىزلىكىدىن، خوتۇنلارنىڭمۇ لەنىتىگە ئۇچراشتىن، بىكارچىلىقتىن نومۇس ھېس قىلمايدۇ. توخۇدىنمۇ قورقۇپ پارتاقشىپ قاچىدۇ.

سەمەتجان. ئۇنىڭ كۈنلىرى خوتۇنىنىڭ كىرىنى يۇيۇش، تامىقىنى ئېتىش بىلەن ئۆتىدۇ، ئۆزى ئۆيدە ئاھسىنىپ سولىنىپ ياشايدۇ (ئەرنىڭ ئەرلىكى ئەركتە)، خوتۇنى ئۆيدىن كۆڭۈل خۇشى تاپالماي خۇشاللىقنى سىرتلاردىن ئىزدەپ سوكۇلداپ يۈرىدۇ. ئۇ، لازا دېگەندەك ئىنسان تېنىگە زىيانلىق نەرسىلەرگە كۆنگەن. ئاۋازىدا، مىجەزىدە ماداراچىلىق ۋە خوتۇنىغا ئىتائەتچانلىق كۈچلۈك. چىراي ـ تۇرقى خانىم ـ قىزلارنىڭكىدەك ئاپئاق، ئەۋرىشىم. ئۇيقۇسى ئىنتايىن ياخشى، خوتۇنىنىڭ جانىنى قاقشىتىدىغان سېھىرلىك تەلپۈنۈشلىرى بىلەن پەرۋايى پەلەك. پاقىدىنمۇ قورقۇپ خوتۇن ـ بالىلىرىنىمۇ تاشلاپ بەدەر قاچىدۇ.

## «ئەقىل»گە نەزەر

تۆمۈر مەرگەن. ئەقلىنى ئەل ـ ئاۋام ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى شەرەپ، مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ. ئىنتايىن ئۇستا مەرگەن، ئات ئاستىدە كېتىۋېتىپ قېچىپ كېتىۋاتقان توشقاننىڭ كۆزىگە سوقالايدۇ. ئۇنىڭ ئەقلى، دۇنياسى، بارلىقى ئالدى بىلەن بىر ئاۋامىي روھقا تەۋە.

سادىن. ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقىمۇ ئەقىل ـ زېھنى قويمايدۇ، بەلكى مەجبۇرىيەت، قانداقتۇر بىر كىملەرنىڭ يۈزى، دەۋىتى، ئەيىب تۇيغۇسى تۈپەيلىلا ئىش قىلىدۇ. ئالدىدىلا قېچىپ كېتىۋاتقان تۈلكىنىمۇ ئاتالمايدۇ. ئەقلىنى، كۈچىنى ئەل ـ ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل ـ زېھنى خېلىلا چولتا ھەمدە ئاۋامدىن ئۆيگە، ئۆز بېشىغا كۆچكەن.

سادىر. ئۇ ئەقلىنى ھېچقانداق ئەھمىيەت ـ ئۈنۈمسىز ئويۇن ـ تاماشىنىڭ سېسىق ئىس ـ بۇسىدا كۆمۈپ قويىدۇ، ھەتتا ئائىلىنى قانداق قامداش، خوتۇنىنىڭ ئىپپىتىنى قانداق ساقلاشقىمۇ باش قاتۇرمايدۇ. ئۇنىڭدا ئاۋامىي روھ ئاللىقاچان ئۆلگەن، ئائىلە قارىشى ئېغىر دەرىجىدە سۇسلاشقان، ئۇنىڭ ئەقلى ئۆز قارنىغىلا مىخلاقلىق.

سەمەتجان. ئۇنىڭدا ئەقىل بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدا ئەقىل، ئىقتىدارنى توغرا يوسۇندا ئىشقا سالىدىغان يېتەكچى ئاڭ ـ ئەقىدە مەۋجۇد ئەمەس. ئۇنىڭدا ئەل ـ ئاۋام ياكى ئائىلە ئەندىشىسى ئەمەس، نىكاھنى چۈشەنگۈدەكمۇ ئەقىل يوق. ئۆزىنىڭ كىملىكى، ئەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمە، قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىغۇدەكمۇ ھېس بۇ زاتى جانداردا مەۋجۇد ئەمەس. ئۇنىڭ ئەقلى پەقەت خوتۇنىنى قانداق ياساش، قورسىقىنى تويغۇزۇش ۋە ئاللىكىملەرنىڭ قوينىغا ئۇزىتىپ قويۇشتىن باشقىغا ئىشلىمەيدۇ. خوتۇنى كىملەر ئۈچۈن ياسىنىپ، كىملەرنىڭ

رازىلىقى، خۇشلۇقى ئۈچۈن زىننەتلىنىۋاتىدۇ. دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ
قويمايدۇ. خوتۇننىڭ هاياسىنىڭ ئۆزىنىڭ غۇرۇرى، ياتلار بىلەن كۆ-
ڭۈل ئېچىپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خورلۇق، هاقارەت، ئۆلۈم، نومۇس ئە-
كەنلىكىنى هېس قىلغۇدەك، ئويلىغۇدەك ئەقىل ـ ئاڭ ئۇنىڭدا يوق. ئۇ،
خوتۇننىڭ هەرقانداق قىلىق ـ ئادىتىنى توغرا چۈشىنىۋەرگۈچى خۇمە-
سى مىجەز «ئىلمىي» مەخلۇق. بىز بۇنىمۇ ئەقىل، ئىلمىيلىك دەپ
سۈپەتلىشىمىز كېرەكمۇ؟ كىشىلەرنىڭ هەرقانداق ئىنتىلىش، هاۋايى ـ
هەۋەسلىرىگە ئىنسان تەبىئىتى، كىشىلىك شەخسىيەت دەپ بىر مۇنچە
توقۇم سۆزنى ياسىۋېلىپلا يول قويۇۋېرىشىمىز شەرتمۇ؟ بۇ خىل ئۆز ـ
ئۆزىمىزنى ئالدايدىغان سەپسەتە ئىچىدىكى رەزگىللىكتىن ئىنسانغا نېمە
پايدا، نېمە خوۋلۇق يېتەر هەم يەتتى؟ ئەقىل ئىنسانغا ئۇنىڭ كائىناتنىڭ
غالىب خوجىسى بولۇشى ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان بىباها نېئمەت ئىدى.
سەمەتجان بۇ سەمەرلىك سوۋغىنى خوتۇننىڭ تاپىنىغا باغلاپ قويۇپ،
خوتۇننىڭ پېتىكىگە تەزىم قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بەزىلەر بۇنى هۆرمەت،
ئىلمىيلىك دەپ بوياپ كۆرسىتىپ سەپسەتە ساتىدۇ. مەن ئەرنىڭ ئە-
قىل ـ ئەقىدىسىنىڭ خوتۇنلارغا پۈكلىنىپ، يالۋۇرۇپ رازىلىق ئېلىشقىلا
ئىشلىتىلىدىغان پايتىما ـ پېتەكنىڭ هالىغا چۈشۈشىدىن بەك قورقىمەن.
ئەر ئۆز پەزىلىتى، سۈرى بىلەن خانىم ـ قىزلارنىڭ مەيلى ـ رايىنى قول
باغلىتىپ ئالدىغا ئەكېلەلمىسە، ئۇنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دەپ چاپ-
قان ـ تاپقىنى پاخال ـ پۇچەككە باراۋەردۇر.

## «ئەقىل» گە نەزەر

**تۆمۈر مەرگەن.** ئۇنىڭ يۇرتقا، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا، ئەل ـ
ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك.
ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنى شەرەپ، بۇرچ دەپ بىلىدۇ. ئەل ئۈچۈن، دۇ-
رۇس يول ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا هەرقاچان تەييار تۇرىدۇ.
ياۋنى، خەتەرنى يوقىتىشنى هەممىدىن مۇهىم ئىش دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ
هاياتقا بولغان ئەقىدىسى، ئۆلچەم ـ پرىنسىپى، بېجىرىدىغان ئىشلارغا
بولغان ئىرادىسى ئىنتايىن ئېنىق، قەتئىي. شۇڭا ئۇ ئۆلىدىغانلىقىنى
بىلىپ تۇرۇپ يولۋاس ئۇۋىسىغا باش تىقىدۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئەلنىڭ
ئەمىنلىكى ئۈچۈن جان بېرىدۇ.

**سادىر.** ئاتىسىنىڭ ئىزى، ئەنئەنىسىدىنمۇ مەجبۇرىي دېگۈدەك
ماڭىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشىغا ئىخلاس قويمايدۇ، قان ـ قېرىنداشلىرىغا
كەلگەن بالايىئاپەتكە هېسداشلىق قىلىش تۇگۈل ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.
دادىسىنىڭ شەرىپىنى ساقلاشنى بۇرچ دەپ تونۇمايدۇ. تىنچ ـ ئامان،
باش ئاغرىتماي تىرىكچىلىك قىلىشنى جاهاندىكى ئەڭ ياخشى ئىش
دەپ قارايدۇ. ياخشى ـ يامان ۋە نومۇس توغرۇلۇق ئۇنىڭدا ئېنىق
ئۆلچەم، قاراش يوق. ئۇ جاپا تارتماي، ئۆز جېنىنى ئاغرىتماي باقسىلا
شۈكرىنىڭ چوڭىنى ئوقۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ياشايدىغانلاردىن.
دېمەككى، ئۇنىڭدا قەتئىي، ئېنىق ئەقىدە مەۋجۇد ئەمەس.

**سادىر.** ئۇنىڭ هاياتقا، هەتتا ئائىلە، ئۆزىگە بولغان ئەقىدە ـ
ئىمانىنىڭمۇ تايىنى يوق. ئۇ بىكار يۈرۈشتىن نومۇس هېس قىلمايدۇ،
جەددىي ـ جەمئىيەتكە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلەرچە پەرۋاسىز مۇئامىلە
قىلىدۇ. هەتتا بوۋىسىنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنىنى، ئەقىدە بەرگەن يولى-
نىمۇ يالغانچىلىق، ئويدۇرما قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ. ئائىلىسىنى قاە-
داش، خوتۇن ـ بالىلىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى بۇرچ دەپ بىلمەيدۇ.
خوتۇننىڭ هاياسىغا، ئىززەت ـ نەپسىگە خۇمسىلارچە مۇئامىلە قىلى-
دۇ. خوتۇنىغا يات ئەرلەر قارىسا سېنى يەپ كېتەمتى دەيدۇ، هەتتا
«هالال ـ هارام بولۇشى بىلەن نېمە كارىم؟» دەپ هۆكىرەيدۇ.

خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ كېمىنى پۈتۈن، قېمىنى تەل قىلىش ئەلۋەتتە،
ئەقىدىسى ساغلام هەرقانداق بىر ئەرنىڭ جان كەتسىمۇ قىلىشقا تې-
گىشلىك ئىشى. بولۇپمۇ، خوتۇننىڭ هاجەت ـ هاياسىغا قىلىنىدىغان
پەرۋاسىزلىق خوتۇنلارنى هارام يول، سوغۇق قوللارغا تەلمۈرتۈش،
بۇزۇقچىلىققا داغدام يول ئېچىش بىلەن باراۋەردۇر.

**سەمەتجان.** ئۇنىڭ هاياتتىن ئىزدەيدىغان مەنا ـ شادلىقىنىڭ
تېخىمۇ تايىنى يوق، ئۇ خوتۇننى قىبلە، ئۆيىنى قەبرە قىلىپ تۈگۈلۈپ
ياشاشنى ئادەت قىلىۋالغان قۇرتسىمان بەندە. ئۇنىڭدا تاشقى دۇنيا،
ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە ۋە هەتتا خوتۇننىڭ روهىي دۇنياسىغا مەسئۇل
بولىدىغان ئىگىدارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئۇرۇق ـ پېچىكىمۇ يوق. ئۇ، خو-
تۇننىڭ خىزمىتىنى قىلىشنىلا قوغلىشىدۇ، ئەمما خوتۇننىڭ نەگە بې-
رىپ، نەدە تۇرۇشى، كىملەر بىلەن قانداق يوسۇندا بىللە بولۇشىغا
قىلچىلىكمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بۇلارغا كاللا قاتۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇ-
نىڭدا هايات، ئائىلىنىڭ بىرلىكى، ساغلام ئۇيۇشۇشچانلىقىنى قوغداي-
دىغان ئېنىق ئۆلچەم ـ پرىنسىپ مەۋجۇد ئەمەس. (ئۆلچەم ـ پرىنسىپ-
سىز ئەقىدە نېمە ئىش قىلسۇن؟) ئۇ، خوتۇننىڭ بەزى قىلىقلىرىغا نا-
رازى بولىدىيۇ، ئەمما قاش كۆتۈرۈپ خوتۇنىغا ماۋۇ ئىشلارنى قىلسەن،
مونۇ ـ مونۇ ئىشلارنى قىلساڭ قەتئىي بولمايدۇ، دەپ ئىككى ئېغىز
گەپنىمۇ راۋۇرۇس قىلالمايدۇ. تۇرمۇشقا قويىدىغان ئەڭ ئەقەللىي
تەلىپىنىڭمۇ تايىنى يوق، ئەقىدىسى ئەڭ چۈپرەندە بۇنداق ئادەملەرنىڭ
ئۆزىغۇ خانىۋەيران، خوتۇن ـ بالىلىرى، ئائىلىسىمۇ كرىزىس، خورلۇق
ۋە پاسقىلىق ئىچىدە ئىككى ئالەم ۋايداد ـ ۋايجاندۇر.

تۆت ئەۋلادقا مەنسۇپ تۆت ئەرنىڭ تەن، ئەقىل ۋە ئەقىدە سا-
پاسى ۋە پوزىتسىيىسى، تۇرقى ـ هالىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىز شۇ دەۋر،
شۇ ئائىلە هەمدە شۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بەزىبىر قىياپەت ـ ئەهۋالل-
رىنى ئېنىق هالدا كۆرۈپ يېتەلەيمىز. تۆۋەندە نەزەرىمىزدە بولىدى-
غىنى يۇقىرىقىدەك تەن، ئەقىل، ئەقىدە ساپاسىغا ئىگە كىشىلەر ـ
ئەرلەر هامىلىقىدا مەيدانغا چىقىدىغان بەزىبىر مۇناسىۋەت قۇرۇلما ـ
شەكىللىرى بولىدۇ:

## ئەر ۋە ئايال

ئەر ئايالنىڭ يۆلىكى، تىرىكى، باشپاناھىدۇر. هەرقانداق بىر ئايال
ئۆز ئېرىدىن تولۇق بىخەتەرلىك، خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئېرىششنى
ئىستەيدۇ. بۇ خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى كۆپ قىر، كۆپ تارامىلىق
بولۇپ، ئۇ ئۆيدە ئېيىقتەك يوغان بىر ئەرنىڭ قارانچۇق ـ هەيكەل
ئورنىدا سايە تاشلاپ تۇرۇپ بېرىشىنى ئەمەس، ئەڭ مۇهىمى ئايالنىڭ
ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى ئېهتىياجلىرىنى لايىقىدا قاندۇرۇش-
نى شەرت قىلىدۇ. ماددىي ئېهتىياج ئايالنىڭ پۇل ـ ئىقتىساد، كىيىم ـ
كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتىن بەهرىلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشسا،
مەنىۋى ئېهتىياج ئايالنىڭ كۆيۈش ـ سۆيۈشكە ئېرىششىدىن كۆڭلى
شاد، شەهۋەت ـ مۇهەببىتىنىڭ لايىقىدا ئىنكاسقا ئېرىششىدىن بەختى-
يار هېس قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر پازىل ئايال هەرگىزمۇ
ماددىي يوقسۇزلۇق، گادايلىق تۈپەيلى ئۆز ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ،
نىكاهقا يۈزسىزلىك قىلمايدۇ. ئەمما مەنىۋى ئېهتىياجىنىڭ قانماسلىقى،
تېگىشلىك بەهرىلىنىش تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمەسلىك تۈپەيلى، هەرقانچە
باي ـ باياشات ئائىلىنىڭ زەردار خوتۇنلىرىمۇ ئۆزىنى هېچنېمىسى
يوقتەك بەختسىز، غەمكىن هېس قىلىشى ۋە هەتتا قېچىپ تازغا خوتۇن
بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۆز ئېرىدىن رازىمەن ئاياللار ياتلارغا كۆز قىرىنى
سېلىپمۇ قويمايدۇ. ئېرى رازى قىلالمىغان ئاياللار ئوڭاي بۇزۇلىدۇ،

ئىتائەتتىن چىقىدۇ، ئېرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، نىكاھنى مەنسىتمەيدۇ،
ئىپپەت ـ ھاياسىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ.
ئەرلەرنىڭ ئايال ئالدىدىكى بۇرچى يالغۇز ئۇنى يېدۈرۈپ ـ
تويدۇرۇپ، ئوفرى ئېلىپ قاچماسلىقى، قېچىپ كەتمەسلىكىدىن خەۋەر
ئېلىپ ئولتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ھاياسى، ئىپپىتىگە ئىگە
بولۇش، ئۇنى قوغداش، ئاسراشتۇر. شۈبھىسىزكى، «ئاياللار ئەرلەرگە
جانابىي ھەقنىڭ ئامانىتىدۇر» ② . ئايالنىڭ ھاياسى ئەرنىڭ باھاسى؛
ئەرنىڭ ئىپپىتى ئەرنىڭ شەرەپ ـ قىممىتى؛ ئايالنىڭ نومۇسى ئەرنىڭ
ھۆزۈرى ـ غۇرۇرىدۇر. ئۆز خوتۇنلىرىنى خالىغان بىر ئەر بىلەن
ئاشكارا ـ يوشۇرۇن تۇستە كۆڭۈل خۇشى قىلىشقا تاشلاپ بەرگەن،
قويۇپ بەرگەن ۋە ھەتتا خوتۇنىنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن قۇچاقلىشىپ،
سۈركىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىغا (تانسا، ۋالس، ئۇسسۇللارنى كۆز ئالدى-
مىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ) ھىجىيىپ مەستخۇشلۇق بىلەن كۆرەڭلىك
ئىلكىدە ئولتۇرغان بىر ئەردە ئەركەكلەرچە ساغلام ئەقىدە ـ ۋىجدان
يوقتۇر. مەن ئۇنداق ئەرلەرنىڭ ئۆز خوتۇنىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا
ھەقىقەتەن شەكتىمەن، گۇماندىمەن. خوتۇن كىشى ئۆزىنىڭ ئون ـ
يىگىرمە يىللاپ ئاۋايلاپ ساقلىغان ئىپپەت ـ ھاياسىنى بىر ئەرگە ھا-
لاللاپ بەرگەنىكەن، دېمەككى ئۇ شۇ ئەرگە مۇتلەق تەۋە يېگانە
مەرھەمەتتۇر ۋە ئۇنىڭ تېنى، تىلى، دىلى، دىنى، قېنى، جېنى، جىمى ـ
جىمى نەرسىسى شۇ ئەرگە ئامانەتتۇر. ئامانەت نەرسە يات بىراۋغا
خالىغانچە كۆرسىتىلىدىكەن ياكى ياخشى ئاسراپ ساقلىنىپ ئۆز ئىگە-
سىگە جايىدا يەتكۈزۈلمەيدىكەن خىيانەتتۇر، جىنايەتتۇر. يات ئەرنىڭ
تېنى ـ ئەزايى بىلەن تولا ئۇچراشقان ئايالدا ھايا، ئۆز ئېرىگە ۋاپا
قالماس، ياتلارنىڭ يىرىك قوللىرىنى نومۇس بىلمەس. ھاياسىز گۈ-
زەللىك، ۋاپاسىز نىكاھ قايسى بەندىنى شاد قىلىپ باققان؟...
ئۆز خوتۇنلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى راۋۇرۇس قاندۇرالمىغان ئەرنىڭ
بوينى ھامان ئېگىك، بېلى پۈكۈكتۇر. بىر ئەر خوتۇنىغا لازىم نەرسە-
لەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بېرەلىسە ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۆزىگە لازىم
ساپا ـ خىسلەتنى ئاشۇرۇپ تەلەپ قىلالايدۇ. خوتۇننى رازى، قايىل
قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن رازى بولغۇدەك ئىتائەتنى كۈتۈش، ئارزۇ-
لاش بەكمۇ ئەخمەقلىقتۇر.
ئېرىدىن رازى بولمىغان، قانائەت تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمىگەن ئا-
ياللارنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇسى كەلمەيدۇ، قەلبىدىكى، ۋۇجۇدىدىكى
بوشلۇقنى سىرتلاردىن، باشقا نەرسىلەردىن ئىزدىگۈسى كېلىدۇ. نەتى-
جىدە كىيىمگە، گىرىمگە بېرىلىدۇ. ئۆز تېنىدىكى ھاياجان ۋە تەلپۈ-
نۈشلەر ئېرىنىڭ نىمجانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلى ئېتىبار-
سىز قالغاندا لازا، ھاراق ـ شاراب، گۈلدۈر ـ گۈپپىڭ مۇزىكىلارغا
ئەسەبىيلەرچە سەكرەش ئارقىلىق تېنىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنى غىدىق-
لاپ شۇ ئارقىلىق ئارام تاپماقچى بولىدۇ. ئۇ ئارقىلىقمۇ كۆڭۈل بايا-
ۋىنىدا سوزۇلۇپ ياتقان قاغجىراش، قۇرغاقچىلىقنى بېسىپ بولالمىسا
بۇزۇلىدۇ، يات ئەر ئارقىلىق خۇشلۇق ئىزدەيدۇ... ھەقىقەتەنمۇ تاپتىن
چىققان، بۇزۇلغان، ئەڭ پاسىق، شەرمەندە ئورۇنلاردا ياسىما ناز ـ
كەرەشمە، يالغان ھاياجان ۋە سۈنئىي غىدىقلاش شەكىللىرى بىلەن
قىيامەتنىڭ نەرسىسىنى چىللاۋاتقان ھەر بىر ئايالنىڭ كەينىدە تېنى ئا-
جىز، ئەقلى چولتا، يىلىكى سوۋۇغان، ئەرلىك جاسارەت ـ روھى
سۇنغان، ئەقىدىسى زەئىپ نىمجان ئەردىن كەم بولغاندا بىرى ۋە
ھەتتا بىر نەچچە مىڭى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر ئەرنى
پادىچىغا ئوخشاتقان ۋە ئۆز پادىلىرىڭلارنى قوغداڭلار، دېگەنىدى.

دېمەككى، ئاياللار، بالىلار ئەرلەرنىڭ قوغدىشى بەرھەق بولغان تاۋا-
بىئاتلار جۈملىسىدىندۇر. ئاياللارنى ئاسرىماسلىق، مەسئۇلىيەت بىلەن
سۆيمەسلىك، تەربىيىلىمەسلىك، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ خاھىشىغا سەل قاراش
تۈپەيلى ئاياللار يولدىن چىقىپ كېتىدۇ. ھەر بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ
كەينىدە بوشاڭ ئەردىن بىرى بار. ھەر بىر ھاياسىز قىزنىڭ كەينىدە
مەسئۇلىيەتسىز دادىدىن، پەرۋاسىز ئاكا ياكى بىغەم ئۇكىدىن بىرى ياكى
بىر نەچچىسى بار. ھېچ بولمىغاندا، پاكىز، سالىھ قىز ـ خوتۇنلارنى
بۇزغىلى، يولدىن چىقىرىپ ھايۋانىي نەپسىنى ھارامدىن قاندۇرۇش
كويىدىلا يۈرىدىغان بەتبەخت ئەردىن كۆرمىگى بار. دېمەككى، خو-
تۇن ـ قىزلارنىڭ ساقلىقى، پاكلىقى، ئاقلىقى ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ تۆ-
زەلمىكى، كۈچلەنمىكى، ئۆزلىرىنى تەن، ئەقىل، ئەقىدىدە كامىل، قا-
بىل قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمىقى مۇرەسسە تەلەپ قىلمايدىغان
ھەقىقەتتۇر. قابىل ئەرلەر سالىھ ئاياللارنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ
چىقالايدۇ، پەزىلەتلىك ئاياللار مۇنەۋۋەر بالىلارنى تۇركۈملەپ تۇ-
غۇپ، تەربىيىلەپ بېرەلەيدۇ. مىللەتنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى گەۋدىسى
شۇندىلا مۇناردەك كېرىلىپ تىكلىنىدۇ.
ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ نىكاھ ئاساسىدىكى قوشۇلۇشىدىن مۇ-
ھەببەت خانىدانلىقى بەرپا بولىدۇ. ئەرلەر ئاشۇ كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ
شانۇ ـ شەۋكەتلىك تاجۇ ـ تەختىدىن ئورۇن ئالغۇچى شاھى ـ سۇل-
تاندۇر، ئاياللار بولسا ئىپپەتلىك، ھۆرمەتلىك مەلىكە ـ خانىشلاردۇر.
شاھتا شاھقا تۇشلۇق ساپا، پاراسەت، سۇر، كىبىر، پەرمان بەرگۈدەك
كەسكىن ئۆلچەم، ئەل ـ يۇرتقا ئىگە بولغۇدەك ھامىيلىق روھى بول-
مىسا ۋە ھەتتا خان ـ ئايىللارنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قول باغلاپ قالسا
ئۇنىڭ شاھانە سەلتەنىتى نېمىگە ھېساب؟ بۇ خىل خانىدانلىق قانچى-
لىك داۋاملىشىدۇ؟ شاھقا تۇشلۇق سۇر ـ ھەيۋىسىنىمۇ يوقىتىپ چۆ-
رىلەرچە كىر ـ پايپاق يۇيۇپ ئولتۇرسا قايسى مەلىكە ـ ئايىم ئۇنى
خان ـ جان بىلىپ ئىتائەتكە كىرەر؟ ئۇنىڭ كەينىدىن بەخت ئىزدەپ
ئەگىشىپ ماڭار؟...
**تۆمۈر مەرگەن.** ئۇ 14 يېشىدا ئالغان خوتۇنىنىڭ كىيىم ـ يېمىنى
پۈتۈن، دىلىنى يورۇق، روھىنى ئۈستۈن قىلدى. خوتۇنى ئۇنى غۇرۇر
بىلىپ شەكسىز ئىتائەتكە كىردى، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى پە-
خىر ـ ئىپتىخار، ھاياجان، سېغىنىش بىلەن ياد ئېتىپ تۇردى. ئۇ، خوتۇ-
نىنىڭ ئىشتانىبېغىغا ئېسىلىپ، قولتۇقىدىن چىقماي يېتىۋالمىدى، بەلكىم
ئۇلۇغ قۇرۇق ۋەدىلەرنىمۇ بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ مۇ-
ھەببەت، كۆيۈنۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئەرنىڭ خوتۇن ئۈچۈن
نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۆز ھەرىكىتى بىلەن دەپ بەردى.
ئەر ـ خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتى يالغان ـ ياۋىداق گەپ ئۈستىگە ئەمەس،
ئاددىي ئەمما مۇستەھكەم ئىشەنچ، ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلۇپ، يۈرەك ـ
يۈرەككە تائەبەدلىك قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا خوتۇنىغا خوش
ئېيتىپ، ئايالى ئۈچۈن غەم ـ ئەندىشە قىلىپ كەتمىدى. ئۇ، خوتۇنىنىڭ
ئۆز ئۆلۈمىنى ئەپسۇس ئەمەس، شەرەپ بىلىپ روھى ئۈستۈن ھالدا
جۇشقۇن مەغرۇرلۇق بىلەن پاكىز، مەنىلىك ياشاپ ئۆتەلەيدىغانلىقىغا
ئاللىقاچان ئىشەنگەن، ئۇنى شۇ ھالدا تەربىيىلەپ چىقالىغانىدى.
**سادىر.** ئەسەردىن بىز سادىرنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەت تەپسىلاتىنى تەھلىل قىلغۇدەك تەسۋىر ـ بايانلارنى ئۇچرى-
تالمايمىز. ئەمما ئۇنىڭ جان ۋە ئائىلە قايغۇلىرىدىن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ
ئەتىسىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى
بايقاپ يېتەلەيمىز. دادىسى تۆمۈر مەرگەن خوتۇنىنىڭ كېيىنلىكىگە

غەم ـ قايغۇ، ئەندىشىدىن خالىي قالتىس ئۈمىد بىلەن مۇئامىلە قىلالىغانىدى. سادىردا خوتۇننىڭ پەزىلەت ـ ساپاسىغا، تائەت ـ تەقۋاسىغا ئىشەنچى كەم بولسا كېرەك.

سادىر. ئۇ، خوتۇننىڭ تاماق لازىمەتلىكلىرىنىمۇ ھەل قىلىپ بەرمەي يانپېشىنى يەرگە چاپلاپ يېتىۋالدۇ. ئۇ، خوتۇنىنىمۇ سىرتلارغا چىقىپ ئىشلەشكە بۇيرۇپ ئۆكتەملەرچە ھۆركىرەيدۇ. ئەر بولغۇچى جەزمەن ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك بولغان ئىشلارغىمۇ كەينىنى قىلىۋالىدۇ. ئايالنى نازاكەت دۇنياسىدىن چىقىپ كۆچەپ ئىشلەشكە تۇتۇپ بېرىدۇ. خوتۇنلار مېھىر ـ مۇھەببەت دۇنياسىنىڭ ھۆرمەتلىك نازىنىن گۈزەللىرىدۇر. ئۇلار ئېغىر ـ قىيىن ئىشلارغا ئەمەس، ئەڭ يەڭگىل ئىشلارغا ۋە ئەرلەرنىڭ سۆيۈپ، پەپىلەپ، ئاسراپ، قوغدىشىغا يارىتىلغان. ئاشۇ نازىنىن، ئەۋرىشىم، يۇمران تەننىڭ ئېغىر ئىشلارغا قېلىشى ئەرلەردىكى ھامىيلىق روھى، ئىگدارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ دەلىلى. نازۇك تەنلەر ئېغىر يۈك ئاستىدا ئېزىلىپ، پۈكۈلگەندە ئاياللاردىكى سۈلكەت ـ نازاكەت يوقاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىللىق، مېھرىبان خانىش ـ خوتۇندىن جىسمانىي، ئەقلىي كۈچىنى چىڭقالدۇرۇپ پۇل تېپىشى كېرەك بولغان مەدىكار ـ ئىشلەمچىگە ئايلىنىدۇ. ئەرلەر دۇنياسىدا ئەرلەر بىلەن كۈچ سىنىشىپ رەھىمسىزلەرچە تىركىشىش نەتىجىسىدە ئاياللاردا ئاياللىق خىسلەت ـ سۈلكەت زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىدۇ؛ ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش ئىشلەش نەتىجىسىدە ھايا ـ نومۇس تۇيغۇلىرى خىرەلىشىدۇ. ئىشلەمچى خوتۇنلار بىر كۈنلۈك ئالدىراش ئىشتىن ھارغىن پېتى ئۆيىگە قايتقىنىدا ئۇلارنىڭ ئېرىگە، باللىرىغا ئىللىقلىق، مېھرىبانلىق يەتكۈزگۈدەك ماغدۇرىمۇ قالمايدۇ. ئەرلەرنى سۆيدۈرۈپ ـ كۆيدۈرىدىغىنى سىرتلاردىكى مەدىكار ـ ئىشلەمچى ئايال ئەمەس، ئۆيدىكى چېۋەر خوتۇندۇر. ئەمما ھارغىنلىق ئۇلارنى ئېزىدۇ، بوشاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە ئاياللار ئائىلىدە جەزمەن بېجىرىشى كېرەك بولغان ئاياللىق مەزمۇناتلىرىنىمۇ ئورۇندىيالماي قالىدۇ ۋە ھەتتا تېرىككەك، ئېرى بىلەن تەڭ تۇرۇپ زاكونلاشقاق بوپقالىدۇ.

سادىر خوتۇنى يات ئەرلەرنىڭ قارىشىدىن ئۆيلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتسىمۇ «قارىسا قارىمامدۇ، قارىغانغا سېنى يەپ كېتەمتى»دەيدۇ بىزەڭگىلەرچە. دېمەككى، ئۇ، ئايالنىڭ ئېيپىتىنى يات كۆزلەرنىڭ ھارامزادىلەرچە قارىشىغا نومۇس ھېس قىلماستىن تاشلاپ بېرىدۇ، ئايالنىڭ ھاياسىنى قوغداش تۇگۇل، ئۇنىڭ نومۇس ئالدىدىكى ھايا بىلەن قىزىرىپ ـ تەمتىرىشىنى مازاق قىلىدۇ. بەلكىم بۇنداق ئەرلەر خوتۇنى يەنە بىرى بىلەن ئاپئاشكارا ناشايان ئىشلارنى قىلىشسىمۇ «شۇمگەنگە تۈگەپ قالىدىغان كەمپۇت بولمىغاندىكىن»دەپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە شۇ ئايالنى خاتىرجەم خوتۇن قىلىپ ئولتۇرۇۋېرەر. ھەقىقەتەنمۇ، بىزدە «خوتۇن ئالساڭ كوچىدىن ئال، ئادەم قىلىش ئۆزۈڭدىن» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەر جۇشقۇن، ساغلام، ئەقىدىلىك بولسا پاھىشىنىمۇ تەقۋا ئايالغا ئايلاندۇرۇپ خوتۇن قىلىپ ئولتۇرالايدۇ. ئەمما بوشاڭ ـ زەئىپ ئەرلەر مۆمىن خوتۇنىنىمۇ جالاپقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ... خوتۇنى سادىرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىدۇ، ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلىدۇ ۋە ئاخىرىدا «ئەر كىشى يوق يەردە»دەپ، ئېرىنىڭ زەئىپ گەۋدىسىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ ئەرلەر قىلىدىغان ئىشقا قول تىقىدۇ، ئۇنى كۆزىدىن سىلىۋېتىدۇ، ئاندىن «ئىست، ئەر» دېگىنىچە ئەرلىك روھىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقىنىغا ھازا ئاچقاندەك ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ «ئىست» دېيىشىدىن ۋە ئاچچىق يىغىسىدىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يوقاتقان نىمجان ئەرلەرگە بولغان ئاچچىق ئەپسۇس ئاققىپ تۇرىدۇ. سادىردا خوتۇننى رازى قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇنى سالىھلىقا چىللايدىغان ساپا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ خوتۇنىدىن ئەمەس، ھەتتاكى خوتۇنىمۇ ئۇنىڭدىن ئىشەنچ تاپالمىدى. ھەقىقەتەنمۇ پەزىلەتلىك ئاياللار بولۇمسىز ئەرلەرنىڭ قولىدا ۋەيلۇن دوزاخ ئازابىغا مۇپتىلادۇر.

سەمەتجان. ئۇ ئايالنى ئىتائەتكە ئالغان ئەر ئەمەس، ئايالغا ئىتائەتكە كىرگەن ئەر، يەنى سۇنغان ئەر، ئاغدۇرۇلغان خاندۇر. ئۇ، خوتۇننىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ، ئىشتان ـ پايپىقىنى يۇيۇپ ئولتۇرغۇچى چاكار ئەردۇر. بىر ئەرنىڭ خوتۇننىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىشى ئەڭ ئەقەللىي ئىش. ئەمما، بىر ئەرنىڭ ئىنچىل، ھەر كۈنى خوتۇنى تۇرۇشقا تېگىشلىك قازان بېشىنى ئىگىلەپ، خوتۇننىڭ ئورنىغا ئۆتتۈۋېلىشى نومۇسلار ئىچىدىكى ئەڭ نومۇستۇر. ئائىلە ئىشلىرىدا چەك يوق. لېكىن ئەر بىلەن ئايال قىلىدىغان ۋە قىلىشقا لايىق ـ ئەپ قىلىپ يارىتىلغان بەزى ئىشلارنىڭ ئۆز يولىدا جارى بولمىقى كاتتا ھېكمەت، قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمى دائىرىسىدىكى ئىشتۇر. مەن ھېچقانداق بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ھەر كۈنى ئاش ـ تاماق ئېتىدىغىنىدىن پەخىر ھېس قىلغىنىنى كۆرمىدىم؛ ھېچقانداق بىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىرىنى يۇيۇپ بېرىدىغان ئېرىنى چوڭ بىلىپ ئىززەت كۆرسەتكىنىنى، ھۆرمەتلەپ ئىتائىتىگە كىرگىنىنى ھەم كۆرمىدىم؛ ئاياللار ئەرلەرنىڭ سۈرىنى ياقتۇرىدۇ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ نوپۇز ـ ھەيۋىسىنىڭ كاتتا بولۇشىنى خالايدۇ، شۇنىڭدىن پەخىر ـ غۇرۇر ھېس قىلىدۇ. قېنى قايسى ئايال يىل ـ ئون ئىككى ئاي خوتۇن كىشىنىڭ پايپىقىنى يۇيۇپ ئولتۇرغۇچى ئەرنى ھۆرمەت، ئىززەت بىلەن سۆيىدىكىن؟ دېمەككى، ئەر دېمەكلىك نوپۇز ـ كۈچ دېمەكتۇر. بىر ئەردە ئۆز ئايالنى تەپ تارتقۇزالايدىغان، ھېيقتۇرالايدىغان كۈچ، سۈر، ھەيۋە، نوپۇز بولمىسا، خوتۇنى ئۇنى چوڭ بىلىپ ئىتائىتىگە كىرمەيدۇ، خۇشلۇق بىلەن كەينىدىن ئەگەشمەيدۇ. شۇڭا، ئەر ـ خوتۇنلار ئالمىشىپ قالماڭلار، دەپ مۇراجىئەت قىلماق بەك زۆرۈردۇر.

سەمەتجاندا سۈر يوق، نوپۇز يوق، ئۇ ئايالنى ھېيقتۇرالمىغان، تەپ تارتقۇزالمىغان، ئىتائىتىگە ئەكىرەلمىگەن، ھەتتاكى ئۇنىڭ تاماققا لازا سالماسلىقتەك ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ ئادەتتىكى تەلىپىمۇ ئايالنىڭ پۇشتىكىدە پوش. ئۇ، خوتۇننىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى يالۋۇرۇپ تىلەيدۇ. خوتۇنىغا مەلۇم ئىش ياكى پىكىردە كەسكىن ھۆكۈم بىلەن بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ قىلالمايدۇ، ئەكسىچە، ھە دېسىلا يالۋۇرىدۇ، يېلىنىدۇ. خوتۇن ئالدىدا تىز پۈككەن، بېشى ئېگىلگەن، تىلى تۇتۇلغان بىر ئەرنىڭ ئايانچلىق ئىڭىرىشى، ئاجىزلارچە يېلىنىشى ئۇنىڭ ھەربىر ئاۋاز تېمبىرىدىن يەتكىچە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەرنىڭ تەن، ئەقىل، ئەقىدە ئاجىزلىقى، ئېرىدىن يېتەرلىك قانائەت، تويۇنۇش تاپالمىغان خوتۇنىنى ئۆزىنى بوياپ سىرتقا ئاتىدىغان، ئولتۇرۇش ـ چايلاردىن خۇشلۇق ئىزدەيدىغان قىلىۋەتكەن. «جاننى قاقشىتىدىغان مەنلەر»نىڭ سەمەتجان تەرىپىدىن پەرۋاسىز تاشلىنىشى خوتۇنىنى ياش ئاياللاردا بولىدىغان چەكسىز ھاياجان، ئوتتەك تەلپۈنۈشلەرنى لازىنىڭ ئاچچىقىدا، بەزمىلەرنىڭ سۈرەن ساداسىدا ۋە يەنە ئاللىكىملەرنىڭ قول ـ قۇچىقىنىڭ غىدىقلىشىدا باسىدىغان قىلىپ قويغان. شۇڭا، ئۇ ئېرىنى چاكارچىلىكىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنى مەدىكارنى ئىشقا سالغاندەك كۆرەڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئىشقا ھەيدەيدۇ. بىز ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ دىئالوگ ئورانىدىن ئەر ـ خوتۇنلار ئارا بولىدىغان ھۆرمەت ـ تەكەللۇپ، يول قويۇش، ئىزا، ئۆز كۆرۈش

تۈيغۇلىرىنىڭ ئىزناسىنمۇ تاپالمايمىز.
سەمەتجان خوتۇنىنىڭ ھاياسىنىڭ ئۆزىگە مۇتلەق تەۋە ئىكەنلىكە-
نى، ئۇنىڭ يات ئەر ـ خوتۇنلار سورۇنىدا كەلسە ـ كەلمەس يۈرۈشىنىڭ
ياخشى ئەمەسلىكىنى، نىكاھنىڭ ئىززىتىنى ساقلاش كېرەكلىكىنــــمۇ
ئەسكەرتەلمەيدۇ. دېمەككى، خوتۇنىنىڭ ھاياسىغا ئىگە بولالــمايــدۇ.
ۋەھالەنكى، بىز خوتۇنىنىڭ جىسمىنى ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ھا-
ياسىنى ئالىمىز ۋە ئاشۇ ھاياغا نىكاھ ئاخىرلاشقۇچە ياكى ئۆلگىچە يال-
غۇز ئىگىدارچىلىق قىلىمىز. خوتۇننى شېرىكلىشىپ ئالمىغانىكەنمــىز،
ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش، ھۇزۇرلىنىش ھوقۇقىمۇ مۇتلەق بولۇشى كې-
رەك. خوتۇن ئومۇمنىڭ مۈلكى ئەمەس، بىر خوتۇنىنىڭ زىننەت ـ زىبا-
سى ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر يات ئەرگە مۇتلەق ھارامدۇر.
سەمەتجان بەلكىم خوتۇنىنىڭ كىملەردۇر بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈ-
رۈشنى توغرا چۈشىنىدىغاندۇ، ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا تۇتقان پوزىتسىيە-
سىنى يول قويۇش، ئىلمىيلىك، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تۇرمۇش
ئۇسۇلى، دۇنيا قارىشى بولىدۇ، بۇ بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، دې-
گەندەك پەتىۋا ـ قاراشلار بىلەن ھارغىچە بوياپ ـ زىننەتلەپ چىقىدى-
غاندۇ. ۋەھالەنكى، مەن، ئۆز خوتۇنلىرىنى يات جىنسلار ئارىلاش سو-
رۇن، يىغىلىش، ئولتۇرۇشلارغا قويۇپ بېرىپ ئۆزى ئۆيدە خىرامان
ئۇخلاپ ياتقان ھەر قانداق بىر ئەرگە ئەپسۇس، ئەپسۇس، يەنە مىڭ
ئەپسۇس دېگۈچىلەردىن. خوتۇن كىشىنىڭ مۇھەببىتى ۋە مۇھەببەت
قويغۇدەك يېرى ئۇنىڭ ئىپپەت ـ ھاياسىدۇر. ھاياسىز خوتۇندا سىنى
سۆيدۈرگۈدەك گۈزەللىك، نازاكەت نېمە ئىش قىلسۇن؟
سەمەتجاننىڭ ئايالى ئۇنى ئەسلىدىنلا مەنستىمەيتتى، كۆزگە ئىل-
مايتتى، ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ رازى ئەمەس ئىدى. ئاخىرىدا ئۇ سەمەت-
جاننىڭ پاقىدىنمۇ قورقۇپ ئالدى ـ ئارقىغا قارىماي پارتىلداپ قې-
چىشلىرىغا قاراپ، «كەلمەسكە كەتكەن بىر قىممەتلىك نەرسە ئۈچۈن
ئاھ ئۇرۇپ، ھازا ئاچقاندەك يىغلاپ ناله» كۆتۈردى. ھەئە، ھەقىقە-
تەنمۇ بىر ئايال ئۈچۈنلا ئەمەس، بىر ئائىلە، مىللەت ئۈچۈنمۇ قىم-
مەتلىك بىر نەرسە ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كېتىۋاتاتتى.

## ئەر ۋە ئەۋلاد

ئەرنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى ئۇنى دۇنياغا تۆرەل-
دۈرۈپ تاشلاپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ھاياتلىقتا جەزمەن
رىئايە قىلىشى كېرەك بولغان ئەمەل ـ مىزانلارنى، ئەجدادلار ئۆگۈت-
لىرىنى، ئېسىل ئەنئەننى، ئەخلاق ـ ئەركانلارنى بىلدۈرۈش ۋە كە-
چىكىدىنلا غەيرەتلىك، قەتئىي، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ۋە ئازغۇن ئىدى-
يىلەر ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان قىلىپ تەربىيلەشتىن ئىبارەت.
**تۆمۈر مەرگەن.** ئۇ ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بىلەنلا بوپكەت-
تى ـ دە، ھاياتىدىكى ئىنتايىن چوڭ بىر خاتاغا يول قويدى. يەنى،
بالىسى سادىننى ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگىلا تاشلاپ قويۇپ ئۇنى ئۆزد-
نىڭ، ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىدىن ئەگەشتۈرۈشنى، ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدى-
كى قورقۇمسىز خىسلەتلەرنى ئوغلىغا سىڭدۈرۈشنى ئويلاپ قويمىدى.
بالا تەربىيىسى نۇقۇل ئانا تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەريان ئە-
مەس. ھەر قانداق بالا مېھرنى ئانىسىدىن ئالىدۇ، قەھر ـ سۈرنى
دادىسىدىن. ئەگەر بىر ۋۇجۇد ئانىسىنىڭ پېشىدىلا، ئىللىقلىق، مېھر
باغرىدىلا يوغناپ قەلبى ئاچچىقنىڭ، جاپانىڭ، خەتەرنىڭ، بالا ـ قا-
زانىڭ، دەھشەتنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىدىن سىلكىنىپ باقمىسا، ئۇنىڭ
قەلبى يۇمشاقلىقلا مايىل نازۇك يېتىلىپ قالىدۇ. بىر ئادەم كۆيۈمنىلا
بىلىپ غەزەپلىنىشنى بىلمىسە ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى تاكامۇللاش-
تۇرالمايدۇ، جاھاننىڭ جاھالىتى ئۇنىڭ پاكىز ئەقىدىسىگــە يــۈنــدى
چاچسىمۇ چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، ئاسماندىن رەھىم، ئا-
دالەت تىلەشنىلا بىلىدۇ، ئۆز ـ ئۆزىنى ۋە توغرا ھەقىقەتنى قوغدىيال-
ماي خارلىقتا قالىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ قەھر ھەقنىڭ قالقىنىدۇر. بىر بالا
كىچىك چېغىدىلا قانداق ۋاقىتتا، نېمىگە، قانداق مېھرىبانلىق كۆرسە-
تىپ، نېمىلەرگە قانداق قارشى تۇرۇشنى بىلەلمىسە، تاللاش ـ شاللاش
پرىنسىپىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىتىدىن قوبۇل قىلالمىسا بۇ خىل
ئىنسانىي ساپالارنى تاشقى دۇنيادىن ئۆگىنىشى قىيىن. ئۇ بولۇپمۇ بىر
ئوغۇل ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئەجدادلىرى كەچكەن سۇ، ئاچقان بوزلارغا
قەدەم ئېلىپ باقمىسا، ئەجدادلىرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن شەرەپلىك
يولغا كىرىپ، ئۇنىڭغا كۆمۈلۈپ ياتقان سىر ـ ئەسرارلارنى بىۋاستە
تەلقىنلەپ باقمىسا، تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز كۈرەشلىرىنى ۋە ئاتىسىنىڭ
ھايات يولىدىن قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ئۆز يۈرىكى بىلەن ھېس
قىلىپ باقمىسا، شۈبھىسىزكى، بۇنداق قەلب تۇغما سادىدا، قورقۇنچاق،
شىجائەتسىز پېتى قالىدۇ ۋە ھەتتا ئانىسىنىڭ كەينىدىلا، خانىم ـ قىزلار
دۇنياسىدىلا يۈرۈپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ خېنىم مىجەز، ئىن-
تايىن ئەۋرىشىم، ئاسانلا ۋايجانلايدىغان جانباقتىلىشىپ كېتىدۇ.
تۆمۈر مەرگەن بەلكىم ئوغلىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك
پالۋان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئانى-
سىمۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىنى كېچە ـ كۈندۈز تىلەيدۇ.
ئەمما ئارزۇ پالۋان تۇغمايدۇ. تەربىيەتسىز تاشلانغان بــىر ئــەۋلاد
بىر ـ بىرىدىن زەئىپ نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.
موماي تۆمۈر مەرگەننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا بۇ نۇقتىنى ناھايىتى چوڭقۇر
ھېس قىلىپ يەتتى. بۇ ئاجىزلىقنى ئەمدى تولدۇرۇش تــەس ئــىدى.
چۈنكى سادىن ئاللىقاچان ئەر يېتىپ خاراكتېرى پىشىپ قالغان، بۆرد-
دىن، خەۋپتىن «جان تاتلىق»دېگىنىچە قاچىدىغان ھالغا كېلىپ بول-
غانىدى. ئۇ تۈلكىنى ئاتالماي جىلە بولىدۇ، قېرىنداشلىرى خەۋپتە قال-
سىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئاتىسىنىڭ ماڭغان ئىزى، قىلغان ئىشىنى ئۆزى
بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھېسابلايدۇ. ئەل ـ ئاۋامنىڭ لەنىتىدىنمۇ قورق-
مايدۇ. خوتۇنىنىڭ، بالىسىنىڭ قولتۇقىغا قىسىلىپلا جان ئاغرىتماي يا-
شاشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ خىل مەۋقەسىزلىك نەدىن كەلدى؟ بىزنىڭ
ھۆكۈم نەزەرىمىزنى تۆمۈر مەرگەننىڭ بالا تەربىيىسىدىكى پەرۋاسىز-
لىقىغا قادىماي ئامالىمىز يوق. ئۆزىدىكى جەڭگىۋار روھنى ئەۋلادلىرىغا
يەتكۈزۈپ بېرەلمەسلىك ئىنتايىن چوڭ ئاجىزلىق، كەمچىلىكتۇر.
**سادىن.** ئۇنىڭ مىجەزىدە ئايالLARغا خاس ئالىلىكلا باش قا-
تۇرۇش ئېغى كۈچلۈك. بالىسىغا ئامراق، ئەمما ئامراقلىقىدا مەنە يوق.
ئامراقلىق سىستېمىلىق تەربىيە پىلان ـ مەزمۇنى بىلەن تەركىبلەنمىسە
بالىنى يالاپ ـ سۆيۈپ، قۇچاقتىن چۈشۈرمەي ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇش
ئۇنى ياخشى باققان، ئاسراپ سۆيگەنگە ھېساب ئەمەس. سادىن بالە-
سىغا ئامراق بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاتا ئىزىنى بويلاپ سورىغان
سوئاللىرىغا ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلسە بولاتتىغۇ؟
ئەكسىچە ئۇ بالىغا ئامراقمەن، دەپ قويۇپ بالىسىنىڭ ھەر قانداق بىر
قىزىقىشىنى چەكلەيدۇ، ئۇنى «تىنچ ـ ئامان تىرىكچىلىك قىلىدىغان
ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇش»قىلا رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە بالىسىنى قوغلاپ
يۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئوتياش ئوتىشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىدۇ. دې-
مەككى، ئۇ بىر پەرزەنتنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە قىيىنچىلىق،
خەتەر، مۇشكۇلاتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى، بالىلارنىڭ كۆرپە
ئۈستىدە زەيىپانىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىدى. ھەددىدىن

زىيادە كۆيۈنۈش بالىلارنىڭ پۇت ـ قولىغا سېلىنغان ئىشكەل ـ زەنجىردۇر. بالىلار قىيىنچىلىق ئىچىدە بەردەملىشىدۇ، بېلى قېتىپ، روھى تاۋلىنىدۇ. بۇنداق بالىلار يوغىنىسىمۇ كىچىككىنە قىيىنچىلىق تۈپەيلى تۈگىشىپ كەتمەيدۇ، جاپادىن قورقۇپ تۈگۈلۈۋالمايدۇ.

سادىن ئوغلىنى تەۋەككۈلچىلىك ـ قارامىلىقتىن توسۇپ ئوتتىياش ئوتاشقا تۇتۇپ بەردى. دېمەككى، ئوغلىنى جاسارەت قىرغاقلىرىدىن باغلاپ ئەكېلىپ مېھىر ـ ئىشتىئەت دۇنياسىغا باش ئەگدۈردى. ئوغلىغا دادىسىنىڭ تەرىپى، ئەجدادلىرىنىڭ شەرىپىنى دەپ بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق ئوغلىدا ئۇلۇغ غايە تىكلەشنى ئەھمىيەتسىز بىلدى. ئاتىسىنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنىنى قورقۇنچلۇق نەرسە قىلىپ كۆرسەتتى. بالىسىنى تىللاش، قورقۇتۇش ئارقىلىق تىز پۈكتۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلىدىن توخۇدىنمۇ قورقۇپ پارتىلداپ قاچىدىغان، ئائىلىسىنىمۇ قامدىيالمايدىغان، ھاياتقا، ئائىلىسىگە، خوتۇن ـ بالىلىرىغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنىڭ تايىنى قالمىغان، بىكارچىلىق، بۇزۇقچىلىققا بۇرنىغىچە پاتقان، ئەجدادلىرىنىڭ شەرەپلىك ئىزىنى تەپ تارتماستىن يالغانغا چىقىرىپ ئىنكار قىلالايدىغان، ئۆكتەم، ئۆتشۈق، نومۇسسىز ئەۋلادتىن بىرى تۆرەلدى.

**سادىر.** ئۇ، پەرزەنتكە بولغان تەربىيىدە ئالدىنقىلارنى تامامەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتىدۇ. ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەن ئىشلىرى توغرىلىق ئۆزىغۇ بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا ئوغلىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى سورىغان سوئالىغىمۇ پەلىپەتىش گەپلەر بىلەن «قىپقىزىل يالغان»دەپ ھۆركىرەيدۇ. «بۇرۇن كىملەر، نېمە ئىش قىلغان بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى بىلسەك بولدى»دەپ قارايدۇ. يەنى ئەنئەنىنى تامامەن ئىنكار قىلىش ۋە ئۆزىنىلا ئويلاشتەك شەخسىيەتچىل پوزىتسىيىدە تۇرۇپ بالىسىغا تەربىيە بېرىدۇ. ئوغلىغا بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقتا ئەجداد ئەنئەنىسى، ئەقىدە مىراسسىز مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. ھەممىدە ئۆزىنىڭ ئىشىنى بىلىشنىلا تەۋسىيە قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلىدىن ئەرنىڭ نېمىلىكى، قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان، ئەجدادلىرىنىڭ شەرىپى ئەمەس، ئالدىدا جىلمىيىپ تۇرغان خوتۇنىنىڭ ئاپئاشكارا شەھۋىتى، مەنە ـ ھېسلىرىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان، ئەقىدە ـ ئىمانى ئۆلگەن، ئەرزىمەس ـ چۈپرەندە نەرسىلەردىنمۇ قورقۇپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنىمۇ تاشلاپ قاچىدىغان ئەۋلادتىن بىرى دۇنياغا كەلدى.

**سەمەتجان.** بىز ئۇنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنىدىن بالىسىغا تەربىيە ئىشلەپ ھىدايەتكە يېتەكلىگۈدەك ساپادىن لاتا رەختىنىڭ چىرىگەن پارچىسىچىلىكمۇ تاپالمايمىز. ھاياتلىققا قويىدىغان ئۆلچەم ـ تەلىپىنىڭ ھېچقانداق تايىنى يوق، ئەقىدە ـ ئەخلاقتىن تامامەن مۇستەسنا، تېنى زەئىپ، روھى چۈشكۈن، پاقىدىنمۇ قورقۇپ ئۆيىنى تاشلاپ قاچىدىغان بۇ نىمجان گەۋدە يەنە كىملەرگە، نېمە ھەققىدە تەربىيەت ئىشلىيەلىسۇن؟ ھەقىقەتەنمۇ، ئوت ئىچىدىكى ئادەمنىڭ يەنە بىراۋنى قۇتقۇزۇشقا قۇربى يەتمەيدۇ. ئەگەردە سەمەتجاننى بالا تەربىيىلىدى دېگەندىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆگەتكىنىنى تويغىچە يېيىش، ياخشى كىيىنىش، چاچ تاراش، گىرىم قىلىشتىن ھالقىپ نەگە بېرىشى مۇمكىن؟

مەن زەئىپلىك ئىچىدە قالغان ھەربىر ئەر ـ ئايالدىن تۇغۇلغان ھەر بىر نارەسىدە بالىنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن چوڭقۇر ئاھ دەيمەن. تۈپ مەنىدىن ئالغاندا، ئاشۇ سەبىيلەر پاك ـ كىرسىز، بىباھادۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ ناكارلىقى تۈپەيلىلا پاكلىق، ساقلىقىغا شۈبھە كەتمەيدىغان ئەڭ بىغۇبار ۋۇجۇدلار ئەيىبناق، چولاق، روھسىز، ھەتتا بارلىق يامانلىق، رەزىللىكنىڭ پاسىق ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالسا، ئەجەبا بۇ تراگېدىيە، ھالاكەت، ئىنسانىنىڭ قىيامەت ـ زالالىتى بولماي نېمە؟!

## ئەر ۋە ئائىلە

ئەر دېمەك مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر. ئەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ئادەتتە ئائىلە تەشكىللەش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە ئەڭ كۈچلۈك ئەكس ئېتىدۇ. ئۆز ئائىلىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەرتىپكە سېلىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلالىغان ھەم ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ساداقىتى ئارقىلىق ئۆزى خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئېرىشەلىگەن ئەرلەر ھەر قانداق كەسىپ، خىزمەت، سودىنى ئارامخۇدا، ئوڭۇشلۇق بېجىرەلەيدۇ. ئۆز ئائىلىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئەر پاراكەندە، ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، ئىشلىرى ئالغا باسمايدۇ. ئەر ھورۇنلۇق ـ ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىپ ئائىلىسىنى ياخشى قامدىيالماي، ئائىلە ئەزالىرىنى موھتاجلىقتا سارغايتىپ قويسا، ئۇلارنى قوغدىيالمىسا ئائىلىدە ھۆرمەت قالمايدۇ، خاتىرجەملىك بولمايدۇ. مۇنداق ئائىلىلەر بىلەن تولغان جەمئىيەت تېخىمۇ مۇدھىش ۋە پاراكەندە بوپكېتىدۇ. ئەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئائىلىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغۇچى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

**تۆمۈر مەرگەن.** بىز ئەسەردىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ياخشى قامداپ، ئورتاق ھۆرمەت ـ ئىززەت، ئىشەنچ، بىرلىك تۇرغۇزالىغىنىنى ھېس قىلالايمىز. ئائىلە تۈزۈلمىسىدە تۆمۈر مەرگەن يېتەكچى ۋە نويۇز ئىگىسى، خوتۇنى ئۇنىڭدىن پەخىر ـ غۇرۇر ھېس قىلىپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا، ئائىلىگە ئاتىۋەتكەن. بىز بۇ ئائىلىدىن جېدەل ـ نىزانىڭ غەلۋە ـ چۇقىنىنى ئاڭلىمايمىز.

**سادىن.** بىز ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دىئالوگىنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەمما سادىننىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئۆكتەملىكىدىن بىز ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان مۇشتۇمزور مۇئامىلىسىدىن ئاز ـ تولا ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيمىز. ئائىلە توپ ـ قوۋمدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. سادىننىڭ ئائىلىنى توپنىڭ، ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىدىن يۇقىرى بىلىشى ئۇنىڭ ئائىلىسىنى جەمئىيەتتىن زور دەرىجىدە ئايرىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئائىلە قولۇم ـ قوشنىلار ئارا بىرلىك تاپالمايدۇ.

**سادىر.** ئۇنىڭ ئۆيى ۋەيرانە، كونا. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن كۆچەپ ئىشلىمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆيى ۋە خوتۇنىغا تۇتقان تاشلىۋېتىش پوزىتسىيىسىدىن مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئائىلە ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەشتىن كۆرە، بەڭ تارتىپ ئوڭدىسىغا ياتىدۇ، كۈننى بىكار ئۆتكۈزىدۇ. بىر ئەر، بىر ئىنساننىڭ بىر ئائىلىدە قىلىدىغان ئىشىنىڭ يوق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ توقلۇقتىن تىقىلىپ، شادلىقتىن كېرىلىپ كەتكەن بەندە تېخىمۇ ئەمەس. دېمەك ئۇنىڭ قىلىدىغان، دەرھال بېجىرىدىغان ئىش ـ كۈشلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىكلىك. سادىر ۋە سادىرنىڭ تىمسالىدا بىكار يېتىپ كۈننى ھارامدىن كەچ قىلىۋاتقان تالاي ـ تالاي لايغەزەل ئەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى غۇربەتتە، خوتۇن ـ بالىلىرى كۈلپەتتە. غۇربەتچىلىكتىن، كۈلپەت ـ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشقىمۇ ئىنتىلمەي خارلىقتا ئېزىلىپ يېتىۋېرىش كىشىلەرنى تېخىمۇ يىرگىنىشلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. سادىر ئاشۇ غۇربەت مەينەتچىلىكتىن يىرگەنمەي، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىمەي چوشقىدەك مىلىنىپ يېتىۋېرىدۇ. ھەتتا ئۆزى قىلىپ بېرىشى كېرەك بولغان ئىشلارغىمۇ خوتۇنىنى بۇيرۇپ يېتىۋالىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئائىلە، ئايالىنى قامدىيالماسلىقى خوتۇننى ئۆيدىن ئىش ـ ئەمگەك دۇنياسىغا چىقىرىدۇ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئاياللىق خىسلەتتىن ۋە ھەتتا بەزى ھاللاردا ئىتائەتتىنمۇ چىقىرىدۇ. ئېرى خوتۇنىنىڭ ئەمەس، خوتۇنى ئېرىنىڭ سۆز ـ تالىقىنى

بېرىدىغان تراگېكومېدىك ھاللار مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش
بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ.

سادىر خوتۇننى ئۇن تارتىشقا ھەيدىدى، «سىنىدىمۇ قورساق
بارغۇ» دېيەلىدى تەپ تارتماي. ياۋاش، ئىتائەتچان، تەقۋا خوتۇن
ئۇنىڭغا: «ئاشۇ قورسىقىمنى تويدۇرۇشنى بىلىپ ئالغانمىتتىڭ؟ باقالـ
ساڭ باق، بولمىسا گېپىڭنى قىل!» دېيەلمىدى. سادىر خوتۇنىنىڭ يات
ئەرلەر ئالدىدىكى ئۈيلىش، قىزىرىشىنى مەسخىرە قىلغاندەك: «قارد-
ىغانغا سىنى يەپ كېتەمتى»دېدى. بېچارە خوتۇنىنىڭ ھاياسى ئۆز ئېرى
تەرىپىدىن كەمستىلىۋاتاتتى. ئۇ: «يات ئەرلەرنىڭ ھارامخورلارچە كۆز
تاشلىشى مېنى يېمەيدۇ، ئەمما سېنىڭ غۇرۇرۇڭ ۋە قەدىر ـ قىممىتىڭگە
تىغ بولۇپ سانجىلىدۇ»دېيەلمىدى. بەلكى ئېرىنىڭ زەيپانىلىكىگە
ھەسرەت، ئېچىنىش بىلەن مەسخىرىلىك ھېجايدى، ئارقىسىدىن ھۇ
تارتىپ يىغلاپ كەتتى. دېمەككى، ئائىلە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، سادىر قامدىغۇچى، ھامىي، قوغدىغۇچى ئەمەس، ئۇ ھۆرمەت،
ئىززەت ئىگىسى بولماي قالدى. خوتۇنى ئۇنىڭ زەئىپ ھالىغا قاراپ:
«سىزمۇ ئەر كىشى بوپقاپسىز»دېدى مەسخىرىلىك ھېجىيىپ، ئېچىنىپ
ۋە ھەتتا ئۇنى يوقىغا چىقىرىۋەتتى. دېمەككى، ئەر بۇ ئائىلىدە ئەمدى
نوپۇز ئىگىسى، پادىچى بولماي قالدى. خوتۇنى ئۆز ھاجەتلىرىنىمۇ راۋا
قىلىپ بېرەلمىگەن بۇنداق ئەرنى يەنە مۇھەببەت، قايىللىق بىلەن سۆ-
يەرمۇ؟ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئىتائەت قىلىپ ئولتۇرارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ
ئائىلىدىن ئەمدى چىن قايىللىق، ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان سەممىي
ھەمكارلىق روھىنى تېپىش بەسى مۇشكۇلدۇر. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى
دىئالوگلىرىدىنمۇ ئەمدى ئاڭلايدىغىنىمىز بىر ـ بىرىگە تەنە ـ كىنايە،
مەسخىرە، ئورۇنسىز تۇۋلىشىش، جېدەل بوپقالىدۇ.

**سەمەتجان.** ئۇ سۇنغان ھۆكۈمران، چوكان مىجەز ئەردۇر. ئۇ
تېخى نىكاھنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن بەندە ئەمەس. خوتۇنىغا ھەقـ
قىي مەندە ئىگە بولۇش ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.
ئۆزىدىكى ھەر تەرەپلىمە ئاجىزلىق تۈپەيلى خوتۇنىغا قۇللۇق قىلىپ
ئۆتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر ئائىلە ئەردىن شاھلارغا خاس سۈر ـ ھەيۋە،
كۈچ ـ نوپۇز، ئەقىل، جۇشقۇنلۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئائىلىنىڭ
پۈختا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئەرنىڭ كۈچىگە باغلىق. بىزدە شو-
پاڭخانىغا، پاسىلقىنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئائىلىلەر ئازمۇ؟
نىمجان ئەرلەر رەزگىلىكنىڭ ئاستىدا يۈندى ئىچىپ مەلەقشىپ ياتىدۇ.

سەمەتجاننىڭ ئائىلىسىدە ئەر ـ خوتۇنلار ئارا ئورتاق تىل، دىل
بىرلىكى مەۋجۇد ئەمەس. بىز ئۇلارنىڭ ئالاقە چەمبىرىكىدىن ئەر ـ
خوتۇنلۇقنى دەلىللەپ بېرىدىغان ھېچقانداق ئالامەتنى ئۇچرىتالماي-
مىز. ئۇلار گوياكى خوجايىن بىلەن چاكار، خان بىلەن مالاي... بىر
ئائىلە ئۈچۈن ئورتاق باش قاتۇرىدىغان بىرلىك ئۇلاردا يوق. بىز
بۇنداق ئائىلىگە چەكسىز ھەسرەت ۋە خۇرسىنىش بىلەن باقماي ئە-
لاجىمىز يوق. ئۇنىڭ قانچىلىك مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى، مەۋجۇد
بولغاندىمۇ ئەر ـ خوتۇنغا قانچىلىك ئائىلە مېھرى، ئىللىقلىقنى ئاتا
قىلالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس!

## ئەر ۋە قوۋم

ئەر تار مەنىدىن مەلۇم بىر ئائىلىگە تەۋە، ئەمما چوڭ جەھەتتىن
ئۇنىڭ ئەرلىكى قوۋم، مىللەت، جەمئىيەتكە مەنسۇپتۇر. بىر ئەرنىڭ
تەن، ئەقىل، ئەقىدىسىنىڭ قانداقلىقى ۋە ئىشلارغا تۇتىدىغان پوزىتـ
سىيە، مەسئۇلىيەتچانلىق دەرىجىسى بىۋاستە شۇ قوۋم، مىللەتنىڭ
ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى بەلگىلەيدۇ. يىگىت ـ ئەرلەر
بىر قوۋم، مىللەت، جەمئىيەت پويىزىنىڭ باش ـ بۇقىسىدۇر. قابىل
ئەرلەر ئۆز گەۋدىسى، ھەيۋىسى بىلەن ئەل ـ ئۇلۇسنى بالا ـ قازادىن
ساقلايدۇ، توپ ئىچىدە باراۋەرلىك، ئادالەت، ساغلام ئەخلاقىي ھايات
ئورنىتىدۇ. كىشىلەر توپ ئىچىدىكى قابىل ئەرلەردىن ھېيىقىدىغان،
ئەيمىنىپ تەپ تارتىدىغان بولۇشى كېرەك. بىر قوۋم ئىچىدە كىشى-
لەرنىڭ ئوي ـ خىياللىرى ۋە كۆڭۈل غەلىيانلىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان
ئاقساقال نوپۇز بولمىسا، بۇ قوۋم كىشىلىرىنىڭ چېچىلغىنى چېچىلغان،
زالالەتكە پاتقىنى پاتقان. ئەرلەر تەن جەھەتتىن ئاجىزلىسا، ئۆز ئەقلى
ۋە دۇنياسىنى توغرا يولغا سېرىپ قىلالمىسا، ساغلام، كەسكىن ئەقىدە،
پرىنسىپلارنى كېرەك قىلمىسا ۋە ئۆزىنىڭ ئادىي تۇرمۇش غېمىنىڭ
كويىدىلا يۈرىدىغان، رەزىللىكلەر بىلەن كارى بولمايدىغان، بىكار
تەلەت، شۆھرەت ـ شەھۋەت مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ كەتسە بۇ قوۋمـ
دىن سائادەتنىڭ قاچقىنى قاچقان.

**تۆمۈر مەرگەن دەۋرى.** كىشىلەر ئۆم ـ ئىناق. بىرەيلەننىڭ قا-
زاسى ھەممىنىڭ ھازىسىغا ئايلاندى. ئەل ـ ئۇلۇسقا كەلگەن پاجىئە،
بەختسىزلىك ھەممىنىڭ يۈرىكىنى مۇزلاتتى. تېنىدىن كۈچ تېمىپ تۇ-
رىدىغان ئەركەكلەر يۈسۈپ پالۋاننىڭ قىساسى ئۈچۈن بىرىنىڭ كەيـ
نىدىن بىرى سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقالىدى. يۇرت بىر ئاقساقالنىڭ
نوپۇزىغا ھەق دەپ ھۆرمەت ـ تەئەززۇدا باش ئەگدى. كىشىلەر ئەل
ئۈچۈن جان پىدالىقنى شەرەپ، بۇرچ بىلدى، ئاۋام، ۋاپا، قېرىنداشلىق
ئۈچۈن ئۆلۈمنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى، بەلكى بۇ يولدىكى ئۆلۈمنى
«بەخت»دەپ ئاتىۋالدى. بىرلىك، ئىناقلىق، ئۇيۇشۇش كۈچى ھەمـ
مىنىڭ يۈرىكىنى توق، جەسۇر قىلدى. كىشىلەر ئاۋامنىڭ تەقدىرىنى
يالغۇز باشنىڭ غېمىدىن ئۈستۈن بىلدى. ئالدىنقىلارنىڭ نومۇسىنى
ئاقلاش، ئىزنى بېسىش مۇھىمنىڭ مۇھىمى، دەپ قارالدى. بىز بۇ
ئەۋلاد كىشىلىرىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەتنى يەتـ
كۈچە تاپالايمىز. ساغلاملىق، پاكىزلىق، بىرلىك ۋە ئەخلاق بۇ ئەۋلاد
ۋە قوۋمنى يىمىرىلمەس سۈپەتتە يۆلەپ، تىكلەپ تۇرىدۇ.

**سادىن تۆمۈر دەۋرى.** كىشىلەر چېچىلغاق، شەخسنىڭ مەنپەئەتى
توپنىڭ مەنپەئەتىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان، ئەرلەر قىينچىلىق
ئالدىدا شۈمشىيىۋالدى، قېرىنداشلىرىغا كەلگەن بەختسىزلىككە كۆزىنى
يۇمۇۋالدى. ھەتتا بىر ئىسسىق جان بۆرىلەر قورشاۋىدا قالسا، ئۈچ
ئەركەك ئات چاپتۇرۇپ بىر ئادەمنى قىچقىرىشقا كەلدى. ئۇلار ئادەم
چاقىرىپ كېلىپ بولغۇچە يىرتقۇچ بۆرىلەرنىڭ ساقلاپ تۇرمايدىغىنـ
نى، ئادەم چاقىرىش زۆرۈر بولغان تەقدىردىمۇ بىرلا ئادەم بارسا
كۇپايە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك نېئمەت قاتارىدا تارتۇقلاپ
بېرىلگەن ئەقىل ـ زېھىننى ئىشقا سېلىپ باشقىچىرەك ئامال ئىزدىشى
كېرەكلىكىنىمۇ ئويلاپ باقمىغاندى ۋە بەلكىم ھەممىسلا قورقۇپ
ئىشنىڭ ئاسان ـ بىخەتىرىگە يۈگرىگەندۇ. ئەپسۇسكى، بۇ دەۋرنىڭ
تالانتلىقلىرىدىمۇ ئىنساپ تۇيغۇسىنىڭ تۇتامى قالمىغان، ئەركەكلىك
ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندى. كىشىلەر بىر ـ بىرىنى سېپسـ
تىدۇ، قاقشايدۇ. شەخسىيەتچىلىك، ئىناقسىزلىق، ئىنساپسىزلىق، بىر ـ
بىرىگە ئىشەنمەسلىك بۇ ئەۋلاد ۋە قوۋمنىڭ ئومۇمىي قاتلىمىدىن مانا
مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

**سادىر سادىن دەۋرى.** بۇ قوۋم كىشىلىرى بىكارچىلىققا ئادەتـ
لەنگەن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە زىيانلىق، چاكىنا ئادەتلەر كەڭ
ئەۋج ئالغان. ئەرلىرى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتتىن قاچقان، خوتۇنلارغا
بولغان ھامىيلىق روھى سۇسلاشقان. خوتۇنلار ئۆيدىن چىقىپ جەمئـ
يەت، ئائىلە ئۈچۈن ئىشلەشكە باشلىغان، ئەر ـ خوتۇنلار ئارا ئىز-
زەت ـ ھۆرمەت سۇسلاشقان ۋە ھەتتا يوقاشقا باشلىغان. ئەرلەر توپ

ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئۆيى، خوتۇن ـ بالىسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقىمۇ كارغا كەلمەيۋاتقان. بىز بۇ ئەۋلادتىن توپ، ئاۋام ئۇقۇمىنى ھەر قانچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمايمىز. ئەقىدە ـ ئەخلاق بۇ قوۋمدا سۇسلىشىپ، ئىپپەت قەدىرسىزلىنىشكە باشلىدى. ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى ھايا پەردىلىرى نېپىزلەشكە، يىرتىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ نومۇس، گۇناھ تۇيغۇلىرى ئاجىزلىدى. ئەرلەرنىڭ بىتايىنلىقى تۈپەيلى خوتۇنلار ئەرلەرنى مەسخىرە قىلىشقا چۈشتى.

**سەمەت سادىر دەۋرى.** بۇ قوۋم كىشىلىرىدىن توپ، ئاۋام قارىشى تۈگۈل، ئائىلە قارىشىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئەركەكلەرنىڭ ئەل ـ ئاۋامنىڭ دەرد ـ كۈلپىتىنى ئەمەس، خوتۇنىنىڭ ھاجەتلىرىنىمۇ ئورۇندىيالماي ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. تەن زەئىپ، ئەقىل لايىقىدا ئىشلىتىلمىگەن، ئەقىدە ـ ئەخلاق يوق. ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورنى ئالماشقان. ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇن تايىنى قالمىغان. كىشىلەر ئارا ھەتتا ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىمۇ بىر ـ بىرىگە ئىززەت ـ ھۆرمەت دەيدىغان نەرسە يوق. كىشىلەر خۇشلۇقنى يەپ ـ ئىچىش، كىيىنىش، ياشىنىشتىنلا ۋە ئەسەبىيلىك، تەلۋىلىكتىن ئىزدەيدۇ. كىم بولسا كۆڭۈل ئېچىۋېرىدۇ، گۇناھ ـ نومۇس تۇيغۇلىرى خىرەلەشكەن، ئەرلەر نىمجان، ئائىلە ۋەيران، ئايال سەرسان، بالىدا يوق روھ ۋە جان!

سادىر دەۋرى خوتۇنلارنى سىرتقا، ئۆز قورسىقىنى ئۆزى تويغۇزۇشقا ھەيدىگەنىدى؛ سەمەت دەۋرىنىڭ ئاياللىرى ئەرلەرنى ئۆيگە سولاپ نىقتاپ قويۇپ كۆڭۈل ـ نەپسىنىمۇ سىرتتىن تويغۇزىدىغان ۋە بۇنى ئادەتتىكى ناھايىتى نورمال ئىش، دەپ قارايدىغان ھالغا يەتتى.

سادىر دەۋرى خوتۇنلارغا باشقىلارنىڭ قارىشىغا «مەيلى» دېگەنىدى، سەمەت دەۋرى خوتۇنلارغا خالىغان بىرىنىڭ خالىغانچە يېقىنلىشىشىغا ياق دېيەلمەس، چەك قويالماس ھالدا قالدى. تۆمۈر دەۋرىنىڭ «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت»ى بالىسىدا جۇشقۇن ئەرلىك روھ يېتىشتۈرۈشكە سەل قارىغانىدى، ئۇنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ۋارىسى خوتۇنىنىڭ ئىشتان ـ پايپىقىنى يۇيۇپ ئولتۇرىدىغان، پاقىدىنمۇ قورقۇپ چىرقىراپ قاچىدىغان، خوتۇنىنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىغا غىڭ قىلالماس زەيپانە ھالدا قالدى. ھەقىقەتەنمۇ كىچىككىنە پەرۋاسىزلىق ھالاكەت دۆۋىلىرىنى ئۇۋۇسىدىن تۈركۈملەپ باشلاپ چىقتى. شەيتاني لەئىننىڭ پۈشتى ـ پاناھلىرىنىڭ زېمىنىنىڭ بارلىق قەرنە ـ بۇرجەكلىرىدە تەنتەنە سىلىپ ھاياسىز شاللاقلىق بىلەن تولغىنىپ نازلانغىنىنى، سەبىيلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھال ـ تۇرقى، يىغا ـ زارىنى ئەمدى سەمەت دەۋرىنىڭ ئەرلىرى ئۈنسىز تۇرۇپ كۆرۈشكە، ئاڭلاشقا، زارلاشقا مەجبۇر.

* * *

«يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت»تىكى ئەرلىك روھ قانداقسىگە سۇندى؟ ئاۋام روھى نېمىدەپ جىمجىت يوقاپ كەتتى؟ ئىتائەتتىكى سالىھ ئايال قانداق قىلىپ تاپتىن چىقىپ، ئۆز ئېرىنى مەسخىرە ـ مازاق قىلالىغۇدەك، ئۆز ئېرىگىلا مەنسۇپ زىننەتلىرىنى كوچا ـ كويدا كۆز ـ كۆز قىلغۇدەك ۋە ھەتتا ئىپپىتىنى مال ئورنىدا ساتقۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ ئەلدىكى ئاۋام روھىنىڭ پولات زەنجىرلىرى قانداق قىلىپ پاراسلاپ ئۈزۈلۈپ كەتتى؟ شەرەپلىك ئەنئەنە قالداق قىلىپ ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۈن ـ تىنسىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى؟

ھەقىقەتەنمۇ ئەرلەر تەن، ئەقىل، ئەقىدىدە ئاجىزلىدى، ئالدىن ئاياللارنىڭ خارلىق ـ خورلۇقى، جاپا ـ مۇشەققىتى زىيادە ئارتىپ كەتتى؛ بالىلارنىڭ كۆزىدىن نۇر، قەلبىدىن غۇرۇر ئۆچتى؛ ئائىلە ئىززەتسىز قالدى؛ توپ ـ قوۋم تايىنىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك ـ يۆلەكنىڭ غولى يېرىلدى؛ ئەجدادلارنىڭ ئىزى خىرەلەشتى...

ھېكايە ئاخىرلاشتى. ئەمما ھېكايىدىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئەڭ كۈچلۈك تارتىدىغان يەنە بىر يورۇق تېما قېپقالدى. سەمەتجان پاقىدىنمۇ قورقۇپ ئۆيىنى تاشلاپ قاچقاندا، ئۇنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى قىرقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆيدە قالغانىدى. ئۇنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى نە ھالدا بولۇر؟ ئەرلىك روھى ئۆلگەن، تېنى زەئىپلەشكەن، ئەقلى كارغا كەلمەيدىغان، ئەقىدە ـ ئىخلاسىنىڭ تۇز تەمى قالمىغان سەمەتجان ئۇنى قانداق تەربىيلەپ چىقار؟ ئاشۇ بەشىنچى ئەۋلاد دەۋرىگە بارغاندا، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى قانداق بوپكېتەر؟ كىشىلەرنىڭ تەن ساپاسى، ئەقىل دۇنياسىنى سەرپ قىلىش مەۋقەسى ۋە ھاياتقا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنىڭ دەرىجە ـ دەرمانى قايسى ھالغا بارار؟ بەشىنچى دەۋر ئائىلىلىرىنىڭ قۇرۇلما، تۈزۈلمە شەكلى قايسى ھالدا زاھىر بولۇر؟ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئورنى، رولى قانداق بولۇر؟ بىز شۇ دەۋر كىشىلىرىدىن ئورتاق تىل، دىل بىرلىكىنى تاپالارمىزمۇ؟

راستىنلا ئويلاشقا پېتىنالمىدىم. ئەسەردىكى، رېئاللىقتىكى ئەرلەرنىڭ نىمجان تۇرقى، ئاياللارنىڭ مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن قەدىرلىك بىر نەرسە ئۈچۈن ھازا ئاچقاندەك ئاچچىق يىغلاشلىرى ئۆيۈمنى كەستى. سەبىي ـ ئوماق پەرزەنتلەرنىڭ قەھرلىك يىغىسى ۋە مۆلدۈرلەپ تۇرغان گۇناھسىز كۆزلىرى يۈرەك باغرىمنى قانىتىپ ئۆتتى... دۇنيامۇ، ئەقىدە ـ ئەخلاقمۇ، ئاياللارمۇ، پەرزەنتلەرمۇ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا ئەر ئۈچۈن ئاھسىنىپ ياش تۆكۈۋاتاتتى، ئەر، ئەر دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى...

يالغۇز ئۆيدە يىغلاپ قالغان بەشىنچى ئەركەك ماڭا تونۇلغان قازاق ئاقىنى مۇختار شاخانوفنىڭ «بەشىنچى ئەركەك» ③ناملىق شېئىرىنى ئەسلەتتى. ئەسەردە مۇئەييەن كەمچىلىك، ئاجىزلىقلىرى تۈپەيلى يار ۋىسالىغا يېتەلمىگەن تۆت ئەردىن كېيىن بارلىق ئۈمىد ـ ئارزۇ بەشىنچى ئەركەككە باغلانغان ۋە ئۇنىڭ كامالىتىگە تىلەك تىلىنىپ:

شۇ بەشىنچى ئەركەك ـ ئەڭ بەختلىك ئەركەكنىڭ،
ئارمان قىلار ئىدىم بولسام دەپ تويىدا.

دەپ پۈتۈن شېئىر ئاخىرلاشقانىدى. بەندىنىڭ ئۈمىد ـ تىلەكى سائادەتنى چىللايدۇ. بىز يىغا ـ قىقاس قىيانىدا قالغان ئاشۇ بەشىنچى ئەركەككە ئۈمىد ـ ئىستەك ئىچرە كامالەت ۋە سائادەت تىلەيمىز. دۇنيانىڭ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ، بالىلارنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرىسۇن. ھەممىمىزگە، بولۇپمۇ بارلىق ئەرلىرىمىزگە ئاقىللىق، قابىللىق، كامىللىق مەڭگۈ يار بولسۇن!

2006 ـ يىل 15 ـ ئۆكتەبىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

## ستاتا مەنبەلىرى

① ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل مارت نەشرى.

② «سالىھلار گۈلىستانى»، بېيجىڭ شەھىرى ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى 2002 ـ يىل نەشرى.

③ چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار شاخانوف: «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ ئاھۇ ـ زارى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل دېكابىر نەشرى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ( M1 )

# ئەرلەرگە خىتاب

ئابلىز ئىبراھىم دولان



ـ قويۇڭە، ئۇنداق مازنى، قاچان قارىسا ھاراق ـ پىۋىنى ئۆلگەدەك ئىچىپ، خورقىراپ ئۇخلاپلا يۈرگەن. ۋىييەي، دىگۇدەك يېرى يوق، ئۆتۈپ كەتكەن لاتا... ھەي ئىست، بۇگۈنكى زامانىنىڭ ئەرلىرىگە نىمە بولدىكىنتاڭ...

بۇ گەپلەر كوچىدا مۇڭدىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئايالنىڭ ئەرلەر ئۈستىدە قىلىۋاتقان شىكايەتلىرى ئىدى. شۇ تاپتا يۈزۈم گۆپپىدە ئوت ئېلىپ كەتتى.بىر ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن دېيىلىۋاتقان گەپلەردىن نومۇس كۆچىدە بوغۇلغانىدىم. تۇرۇپ ئويلانماقتىمەن: ئەرلىرىمىزگە زادى نىمە بولدى؟ قېنى، قىز ـ ئاياللارنىڭ قەلب تارىنى چېكىپ، ئۇلارنى ھەۋەسلىنىپ سۆيدۈرگەن شاش ئەركەكلىرىمىز؟ قېنى، ئەركەك روھ ۋە جاسارەتكە مۇجەسسەم ئەر ھىماتچىلىقى؟... قىز ـ ئاياللىرىمىزدا ئاجايىپ تاتلىق تۇيغۇ، پەخرىي ھېسسىياتقا ئورالغان جىلۋىلىك بېقىشلارنى ئويغىتىدىغان، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەي تەرىپلىنىدىغان چىن ئەركەكلىك زادى نەگە كەتتى؟ ئەجەبا، بۇ بىرىپ ئاخىر «ماز»، «لاتا» دېگەندەك كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز نومۇسلۇق لەقەملەرگە ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ؟

ياق! ياق!! بۇ ھاقارەتلىك نام رېئاللىقىمىزدىكى ئەركەكلىكى خوراپ كەتكەن زەيىپانە ئەرلەرگىلا خاس بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئەركەكلىكنىڭ چىن مەنىسىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان بولساق، زامانىمىز ئەرلىرىدىكى ئىچىملىك ـ چېكىملىككە بولغان زىيادە ئامراقلىق، چاپچىپ تۇرغان قىرانلىق يىگىت يېشىدىلا ئەرلىك خۇرۇچلىرىدىكى ئېغىر يىگىلەش، ئۆزىنى بىر سانايدىغان نى ـ نى بېجىرىم ئەرلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتە بارغانچە ئەۋرىشىملىشىپ كېتىشى ۋە ئىچىملىك ـ چېكىملىك، «رەڭلىك» سورۇن ئېزىقتۇرۇشلىرى ئالدىدا سالاغا بوش كېپقېلىپ، ھېچقانچە تارتىنماستىنلا سەپكە قېتىلىپ كېتىشى، قىسقىسى، «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپكېتىش» تەك ئومۇمىيەتلىك ھاللار، بۇ ھاقارەتلىك تەرىپلەشنىڭ ھېچ بولمىغاندا پۈتكۈل ئەرلەرگە بېرىلگەن جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. چۈنكى بۇرۇنلاردا ئەرلەر ئاياللارغا بۇزۇلغان بولسا، بۇگۈنكى كۈندە ئەرلەرگە «بۇزۇلماقتا». بىر قىسىم روھىيىتى ۋە جىسمانىيىتى كېسەل ئەرلەر ساغلام ئەرلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئوخشىمىغان رەۋىشتە «ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەرلەرنىڭ ئەرلىك جاسارىتى ئاجىزلىشىپ، ساغلام ئەرلەرنى پەرق ئەتمەك ھەقىقەتەن تەس بولدى. ئومۇمەن، ئەركەكلىك ئوخشىمىغان دەرىجىدە يىگىلەشكە قاراپ يۈزلىنىپ ئەرلەرنىڭ ھالاكىتى تېزلەشتى. قىز ـ ئاياللار ئەركەكلىكنى كۆپ ئىزدەپ كۆردى، ھاردى،

تېرىكتى. ئەرلەردىن ھېچ سادا كەلمىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈشكە، ئېچىنىشقا باشلىدى. ئاقىۋەت بۇ خىل ئەركەكلىك «قەھەتچىلىك»ى ئاستىدا ئەرلىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن بەزى ئاياللار شۇنداق قۇتراپ ئەسەبىيلىشىپ كەتتىكى، ھەتتا ئاشنىسىنى ئۆز ئېرىگە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا بىلىندۇرۇشتىن، ئېرى بىلەن «رەڭلىك» سورۇندا ئۇچرىشىپ قېلىشتىنمۇ قىلچە ھېيىقمىدى. ئازغۇن ئەرلەر بۇزۇقچىلىق، جىنسىي ئىقتىدارنى كۈچەيتىش دورىلىرىغا، شۇنىڭغا ئېقىپ بەزى ئاياللار ئىچمىلىك ـ چېكىملىك، كەيپ ـ ساپاغا خۇمار بوپكەتتى. بىر پۈتۈن ئائىلە ئىللىقلىقى بارا ـ بارا يىمىرىلىپ، ئائىلە پۈتۈنلەي سىلىنغان كىشەن ياكى ۋەيلۇن دوزاخقا ئوخشاپ قالدى. نارەسىدە ـ سەبىيلەر بۇ خىل بۇس ـ بوغۇناقلىقتا تۇنجۇقۇپ جان تالاشتى. ئىشقىلىپ، ئەر ـ ئاياللىق تەڭپۇڭلۇقى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، ئائىلە ئېكولوگىيىسىدە ئالىيېشىل «قىيامەت» ۋە كارامەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇنداقتا، بۇنداق يىرگىنچلىك، ئاچچىق قىسمەتلەرنىڭ باش جاۋابكارى كىم؟

شۈبھىسىزكى، بارغانچە كۆپ ئەرنىڭ ئېتىقاد، ۋىجدان، غۇرۇر، خاراكتېر جەھەتتە ئاينىپ كېتىپ ئەركەكلىكتىن ياتلىشىشى ـ تۈرلۈك تۈمەن كرىزىس ـ پاجىئەنى تۇغدۇردى ۋە چېكىگە يەتكۈزدى؛ ئائىلە بەختىيارلىقى ۋە چىن مېھىر ـ مۇھەببەت خۇنۇكلىشىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، گۇمراھلىقنىڭ قارا گىردابىغا ئىتتىرىلدى. بۇزۇلغان ئەرلەرنىڭ بۇنداق ئېغىر كرىزىسى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك ئالامەت ھەممىدە ئۇلاردىكى جاۋابكارلىققا نىسبەتەن قىز ـ ئاياللار ئۆزلۈكسىز چۇقان كۆتۈرگىلى تۇردى.

ـ ئەركەكلەر، قېنى سىلەر؟ ئەركەكلەر، قېنى سىلەر؟!

ۋۇجۇدى غەزەپكە تولغان ئاياللار ئەرلەرگە كەسكىن خىتاب قىلغانىدى. بۇنىڭدىن بىر قىسىم ئەرلەر شۇنداق چۆچۈدىكى، خۇددى بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ شۈركىنىپ كەتتى. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ يۈزى نومۇستىن قىزاردى ۋە ئۆزىگە قايتىشقا باشلىدى. بىراق پېتىر قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇۋېلىپ قىلغۇلۇقنى قىلىۋەرگىنى يەنە شۇ لالما قېتىش ئەرلەر بولدى. ئۇلار كۆزى كور، قۇلىقى گاس بولۇۋالغانىدى. ئۇلاردىكى مەجرۇھلۇق روھىي مەجرۇھلۇق، بۇرۇت ـ ساقال ئۇلارنىڭ ئەرلىك بەلگىسى بولۇپ ئىپادىلىنەتتى ۋە:

نازۇك باشىغا كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟...

دېگەنىدەك قىز ـ ئاياللارنىڭ بۇنداق پاكلىق ئىلتىجالىرىغا قارىتا، شۇ ئەرلەر:

قۇرۇق ئابرۇي، غورۇر ئۈچۈن
جان پىدا قىلغان بارمۇ؟...

دېگەن ھەزىل جاۋابىنى بېرىپ تولىمۇ چۈپرەندىلىشىپ كەتتى. قىز ـ ئاياللار ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا خورلۇققا ئۇچراۋاتسىمۇ، ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىۋاتسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەردى. ھەتتا قىز ـ ئاياللارنىڭ پاھىشە بوپكېتىشىگىمۇ قىلچىلىك پەرۋا قىلمىدى. ئاخىر ئاياللار ئۇلارنىڭ ئەر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندى. ئۇلارنىڭ ھەققىدەن «ناجىنس»لىشىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى ۋە ئۆزى ئىزدىگەن ئەركەكلىكنى ئۆز ۋۇجۇدىغا «كۆچۈرۈش»كە باشلاپ، يېرىم يالىڭاچلاندى، ئايرىمخانا، بەزمىخانا، رېستوران، قاتارچاي، رەڭلىك ئولتۇرۇشلارغا ئۆزىنى ئاتتى. قانغىچە ئىچتى، چەكتى، ئەسەبىيلەرچە تولغۇلىدى، ئوينىدى. ئىشقىلىپ، «پوخا»دىن چىقتى. قىسقىسى، ئاياللار ئەرلەردىن «قىساس» ئالدى. ھېلىمۇ كۆپ شۈكۈر، ئىنسابى بار قىز ـ ئاياللىرىمىز ئەرلەردىن ئۇنداق تەتۈر ھېساب ئالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان چىن ئەركەكلىكنىڭ خىيالىي چۈشكە ئايلىنىشقا باشلىغانلىقىنى كۆڭلى تويۇپ تۇرغان بولسىمۇ، پاك ئىپپەت، گۈزەل ئەخلاقىنى ئىشرەتنىڭ قارا تۇمانلىرىدا بۇلغاشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پاك ئوبرازى روھىيەت قەسرىدە بارغانسېرى بۈيۈكلىشىپ باردى. لېكىن، پەقەت ئۇلارنى بىرلا نەرسە مەھكەم تۇتۇپ تۇردى. ئەگەر بۇنى ئاشۇ «نوچى» ئەرلەر چۈشەنسە ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى يوقىتىپ، نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى غۇۋا بولسىمۇ ھېس قىلىپ، ئاز ـ تولا سەگىگەن بولاتتى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ھېكايەتنى، ئۇ ئىپادىلەيدىغان مەنە زۆرۈرىيىتىنى چىقىش قىلىپ كۆرۈش تولىمۇ ئىبرەتلىكتۇر.

بىر كېچىسى خەلىپە ئۆمەر پۇقرالارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش يۈزىسىدىن ئەل ئارىلاشقا چىققاندا، بىر ئايالنىڭ ئۆز ئۆيىدە مۇنداق قوشاق ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان:

ئەجەب تاڭ ئاتمىدى، كېچە ئۇزىراپ،
ئويناشقا جۈپتىم يوق قېنىدى پىراق.
قەسەمكى، خۇدادىن قورقمىسام شۇئان،
كېتەتتى ئاستىمدا كارىۋات غىچىرلاپ.

خەلىپە ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق بۇ مەزلۇمەنىڭ ئېرىنىڭ جەڭگە كېتىپ ئۆيىدىن ئايرىلغىلى تۆت ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۆزىنى پاك ساقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئەرلەرنىڭ ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ئۆيىدىن، ئايالىدىن ئايرىلماسلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئويلىنىپ كۆرەيلى، ھېكايەتتىكى بۇ ئايالنىڭ قۇتراپ كەتكەن نەپسىنى تىزگىنلەپ تۇرغىنى نېمە؟ ئەگەر بۇ خىل سىرلىق كۈچ بولمىغىنىدا ئىدى، شۇ دەۋر قانداق ھالەتكە يۈز تۇتار ئىدى؟ ئۇنداقتا، ئەرلىرىمىز تەرىپىدىن ئاي ـ يىللاپ تەنھالىق قەسرىگە مەھكۇم قىلىنغان قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ ھالى نېچۈك؟ ئۆزىنى مەن بىر ئەر، دەپ چاغلايدىغانلار بۇنداق يەڭگىلتەكلىكنىڭ ۋەزنى، ئېغىر خەۋپىنى ئويلىشى كېرەكمۇ ـ يوق؟... ھەر نېمە بولسا پەرىشتە سۈپەت قىز ـ ئاياللىرىمىز ئۆز نەپسىنى ھېكايەتتىكى ئىپپەتلىك ئايالدەك كونترول قىلىپ كەلدى. ھېكايەتتىكى ئايالنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسنى، نەپسىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئۇلۇغ كۈچ ـ دەل بۈگۈنكى قىز ـ ئاياللىرىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە قورغىنىدۇر. ئۇلار مۇشۇ ھىماتچى كۈچ ئاستىدا تۈرلۈك نەپسى بالالاردىن، ئېزىتقۇ تۇمانلاردىن ساقلىنىپ كەلدى. ئۇلار گويا كى ئىنتايىن خەتەرلىك پىلىسرات كۆۋرۈكى ئۈستىدىن مۇدۇرۇپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەلدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇقەددەس رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان قىيامەت قايىم بېشارەتلىرىنىڭ ئاخىرقى تىزگىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغانىدى. ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى شۇنداقلا قويۇۋېتىدىغانلا بولسا، گويا ئەتىلا قىيامەت قايىم بولۇش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىشتەك بوپقالدى. بۇنى تونۇپ چۈچۈپ كەتكەن روھى ئويغاق، ئىمانى كامىل ئەرلەر قاتتىق سىلكىندى. ئېچىندى. ئۆزىگە ۋە ئەتراپىتىكى ئەرلەرگە

قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. گۇناھىنى يۇيۇپ، جىددىي ھەم ئېغىر بولغان
بۇنداق ھالاكەتتىن ساقلىنىشقا بارلىق ئەرلەرنى دەۋەت قىلىپ كۆردى.
بىراق بەزلەشكەن ئەرلەر چېكىملىكنىڭ قاپقارا ئىسى، ھاراق بوتۇل-
كىلىرى ۋە كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتنىڭ يۇندى ئازگىلىدا يىر-
گىنچلىك قۇسۇقلار ئىچىدە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ ئەكس سادا قايـ-
تۇرمىدى. بېشارەتلىك دەۋەت قىلىشلار، ئۇلارغا ناياق قىزنىڭ ئەر-
كىلەپ ئاتقان مۇشتىچىلىكمۇ تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. چىن ئەركەك-
لىك خىسلەتنىڭ يوقىلىشى ئەۋج ئېلىپ، ئاياللارنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇل-
غان غېرىبلىقى يەنىلا داۋاملىشۇەردى.

- ئەركەكلەر، قېنى سىلەر؟...

ئاياللار پۈتۈن كۈچىنى ۋۇجۇدىغا يىغىپ، يەنە ئىسيان نەرىسىنى
تارتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەركەكلەر ئاللىبۇرۇنلا ئۆلۈشكە باشلىغا-
نىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە قايتا - قايتا توۋلىدى، ئەرلەرنىڭ بۇ-
نىڭغا قەتئىي ۋە ئۇزۇل - كېسىل جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.
قىسقىسى، ئەركەكلىكنى چىللىدى. ئۇلار قانائەت ھاسىل قىلمىغۇچە
توختىمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئەركەكلىك بىزنى چاقىرماقتا. پەقەت چىن ئېتىقاد، غۇرۇر، ۋىجدان
ئۈچۈن جان ئايىماسلىقتەك باھادىرلىق، چىن ئەركەككە خاس مىجەز -
خاراكتېر، ئادىمىي ئەخلاق ۋە ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتتە ئۆز مە-
نىسىنى تاپىدىغان ئەركەك روھ يارىتىشلا قىز - ئاياللارنى مەڭگۈ قا-
نائەتلەندۇرەلەيدىغان، ئۆزىمىزگە يۈز كېلەلەيدىغان چىن ئەركەكلىكنى
قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. شۇنداقلا بىزنى مۇدھىش - شۇم ھالاكەتتىن
قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ. ئۇنداقتا، بىز يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىمىز؟
نېمىنى كۈتۈۋاتىمىز؟... ئەجەبا، ئەركەكلىكنى تەرك ئېتىش بەدىلىگە
ئېرىشكەن گۇمراھلىقىمىز ۋە پەس ۋۇجۇدىمىز سەۋەبى بىخلىنىپ،
شاخلاپ چىققان تۇرلۇك - تۈمەن بۇزۇقچىلىق - رەسۋالىقىمىزنىڭ
قىز - ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىغا «كۆچۈپ»، ئۇلارنىڭ بارغانسېرى يالـ-
ڭاچلىنىشى، ئېچىملىك - چېكىملىك ۋە ئاپئاشكارا بۇزۇقچىلىقلاردىن
قىلچىمۇ تەپ تارتماسلىقىدەك رەسۋاچىلىقلار بىزگە يەتمەمدۇ؟ بىزدە
ۋىجدان، نومۇس، ئازاب تۇيغۇسى ئويغاتمىدىمۇ؟... پاسىق روھىمىزغا
ئىنساب ۋە ھىدايەت تىلەپ، خىلمۇخىل ئېزىقتۇرۇشلارنى رەت قىلىپ،
ئۆز پاكلىقى ۋە ئاياللىق پەزىلىتىنى پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغ ساقلى-
غاندەك ساقلاپ كېلىۋاتقان قەيسەر قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ دىيانىتى،
ئىنسابى بىزنى قىلچىمۇ سۆيۈندۈرمىدىمۇ؟ ياكى ئۆزىمىز بىلىپ -
بىلمەي ئاياللارغا تۇتقۇزۇپ قويغان ھالاكەتلىك تەقدىرنىڭ تىزگىنىنى
تېزدىن ئىلكىمىزگە ئالماي، يۈز بېرەي دەپلا قالغان «توپان بالاسى»
قەدىمىنىڭ تېخىمۇ تېزلىشىشىنى كۈتۈۋاتىمىزمۇ؟ ۋە ياكى ھەقىقەتەن
بىزدە چىن ئەركەكلىك قالمىدىمۇ؟...

ياق! ياق!! ئەركەكلىك بىزدە تۈگەپ كەتكىنى يوق! ئىمان - ئېتىقاد-
لىق، روھى ئويغاق ئەرلەردە يانارتاغ ئاستىدىكى ماگمىدەك تېخى ھايات.

بولدى بەس، ئەمدى يېتەر! تېزدىن ئەركەكلىكنى تېپىۋالايلى،
ئۇنىڭغا قايتايلى. روھىمىزدىكى مەينەتچىلىكلەرنى ئېرىغداپ، ئائىلىنى،
جەمئىيەتنى مىللەتنى بەختىيار قىلىدىغان چىن ئەركەكلىكنى نامايان قى-
لايلى. ئەنە شۇنىڭدا غاپىل روھ پاكلىنىپ، ئاچچىق قىسمەتتىن تاتلىق
مېۋە ۋايىغا يېتىپ، ئەركەكلىك ئۆز ھەغداسىنى تاپسۇن. ئېسىمىزدە
بولسۇنكى، قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئېغىر ئۇھسىنىش، ئۇلۇغ - كىچىك
تىنىشلىرى، ھەسرەتلىك قان - ياشلىرى ۋە «ئەركەكلەر، قېنى سى-
لەر؟» دېگەن ئىسيانكارانە نىدالىرى كۈتكەن ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىمىز-
دىن تەلەپ قىلغان جاۋاب، پەقەت چىن ئەركەكلىك ئارقىلىقلا ئۇلارنى
قايىل ۋە رازى قىلالايدىغان جاۋاب: ئەركەكلەر مانا ئالدىڭىزدا!

2006 - يىل 20 - ئۆكتەبىر، مەكىت - غازكۆل

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا باغئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى (MI)


## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكس-
پورت(گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
6498BM، ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىم-
پورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.
شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16 - قورۇ

## 告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书 进出口（集团）总公司代理，如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系，本刊海外发行代号: 6498BM

代理者地址: 中国北京朝阳区工体东路 16 号

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT& EXPORT CORPORATION

P. O. Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020 China

FAX: (010)65063101



# ئىگىسىنى تاپالمىغان بەتنام

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى**

قۇلاققا تولىمۇ سەت ئاڭلىنىدىغان بۇ يېقىمسىز ئىبارىنىڭ ماقالە-
دىكى سۆز ئېمىسى بولۇپ تاللىنىپ قالغىنى ئوقۇرمەن - خالايىقتا يې-
قىمسىز تەسىرات قالدۇرغان بولسا، كەچۈرۈم سورايمەن. خاتا - خاتا
ئەمەس، خاتالىق خاتا! سىپايىگەرچىلىك قىلىپ سۆز ئويناتقاندىن كۆ-
رە، گاھى - گاھى يېقىمسىز ئىبارىلەر بىلەن جان ئالغانمۇ ئەۋزەل -
كېسەل ساقايماي بەرسە تىغ سالغاندەك...

«جالاپ»دېگەن بۇ ئىبارە ئاڭلىنىشىنىڭ تولىمۇ سەتلىكى، قارات-
ملىقىنىڭ كۆچلۈكلۈكى، مەنىسىنىڭ ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە
تەڭداشسىز يېقىمسىز بولغىنىغا قارىماي، تەلەپپۇزىنىڭ ئىخچاملىـــقى
بىلەن ئۆزلىشىشكە ھەم قۇلايلىق بولغان ئىنتايىن يېقىمسىز ئاتالما.
بەس! يېقىر دېھقانىنىڭ تېما قوزغاپ ئېيتاي دېگىنىم، بۇ سەت ئاتال-
مىنىڭ بەدىئىي سۈپىتى ھەققىدە بولماستىن، جەمئىيەتلىكى ۋە قارات-
ملىقى ھەققىدە بولۇۋاتقىنى ئۈچۈن تۈزلا ئاساسىي مەقسەتنى مارايـ-
مىز.

ئادەم كۆپ بازار كوچىسىدا بالا يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئوتتۇز ياش-
لاردىكى جۇۋان تالغان گەۋدىسىنى رۇسلىغىنىچە، دولىسىدىكى تېڭىلـ-
چاقنى سىلكىپ رۇسلىدى. شۇ ئارىلىقتا تاسادىپىيلا جۇۋاننىڭ ئۇدۇلـ-
دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەنە بىر بازارچى يىگىت جۇۋاننىڭ سىلكىگەن
تېڭىلچىقىغا سوقۇلۇپ، قولىدىكى تاۋۇز يەرگە چۈشۈپ يېرىلىپ كەت-
تى. قورقۇپ سارا سىمىگە چۈشكەن جۇۋان خىجىللىق بىلەن قىزىرىپ
يىگىتتىن ئەپۇ سورىغىنىچە، قىزىققان يىگىت شىردەك ھۆركىرىدى:

- كۆزى يوقما ما جالاپنىڭ! قايلاپ ماڭماي...

خىجىللىق ئىلكىدە ئاران تۇرغان جۇۋان كۆتۈلمىگەن زەربىدىن
داڭ قېتىپلا قالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى بىر - ئىككى
يۈەنلىك تاۋۇزچىلىك بولالمىغانىدى. ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا،
ئۇ قاپقارا تۆھمەتكە قېلىۋاتاتتى؛ بىچارە - پاك مەزلۇمە بۇ ئۆمرىدە
ئاۋۇ يىگىت «تەقدىم» ئەتكەن ھاقارەتلىك نامغا مەنسۇپ قىلىقلارنى

**تىكەنلىك گۈللەر**

قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، بۈگۈن ئادەم كۆپ تالادا ـ نەق كوچىدا بۇ يولسىز قاپقارا تۆھمەتكە قېلىۋاتاتتى.

ھەئە، بىز بۇنى تۆھمەت، دەيمىز. خەق قىلمىغان ئىشنى تېڭىپ، چاپلاپ ھاقارەت قىلغاننى، قىزىققانلىق بىلەن ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش بەدىلىگە ئويلانماي ئېيتىپ خەقنى سۇندۇرغاننى، بىھۇدە ـ ئورۇنسىز ئېيتىلغان سۆزنى تۆھمەت دېمەي نېمە دېيەلەيتتۇق!؟ بولمىسا، تاۋۇز يېرىلىپ مال ـ مۈلكى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىغۇچى شەخس ئۇچۇن مۇرەسسە، تۆلىتىش، سوتلىشىش دېگەندەك ئۇسۇللار كۆپايە. بولۇپمۇ، بىر تاۋۇز ئۇچۇن خەقكە تۆھمەتلىك ئىبارە ئىشلەتمەيمۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. تاۋۇز يېرىلىپ زىيان تارتىپ كەتكەن بىچارە ئەركەك باشقىچە ئۇسۇلدا سۆزلەشسىمۇ بولاتتى. مۇرەسسە قىلسىمۇ، تۆلەتسىمۇ، تۆلەم تەلىپى رەت قىلىنسا سوتقا ئەرز سۇنسىمۇ بولاتتى. ئاڭلىماققا ئەخمىقانە تۇيۇلغان بۇ پىكرىمىزگە «بىر ـ ئىككى يۈەنلىك تاۋۇزغىمۇ سوتلىشىش ھاجەتمۇ؟» دەپ مەسخىرە قىلىدىغانلار شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا نەچچە يۈزلەپ چىقىشى مۇمكىن. بىراق، بىر ـ ئىككى يۈەنلىك تاۋۇز ئۇچۇن سالمىقى يەر شارىدىن ئېغىر بولغان، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز تۆھمەتلىك ئىبارىنى ئىشلەتكەن نامەرد ـ خۇمسىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە نارازى ياكى مەسخىرە كۈلگەنلەر قانچىلىكتۇ؟!...

ھەدىسىدەك ياكى سىڭلىسىدەك كىشىنى ئاياشنى بىلمىگەن، ئۆز ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى دەڭسەپ بىلگۈچىلىكى يوق ئادەمدە نە ئار، نە نومۇس، نە ئادىمىيلىك دېگەن بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنى ھەر قانچە ئۇلۇغ سانىسىمۇ، ئەرلەردىن چىققان جالاپلاردۇر!

دوڭغاق سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان توپىلىق سەھرا يولىدا بىلەكتەك توم چاچلىرى قوش ئۆرۈلگەن ئوماققىنە دېھقان قىزى ئوت ـ چۆپ سېلىنغان ئېغىر خام تاغارنى ئاران كۆتۈرگىنىچە مۈكچىيىپ كېلىۋاتاتتى. تاغارنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقى قىزنىڭ تەر تامچىلاپ، پوكاندەك ئېسىلگەن مەسۇمە چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز قىزنىڭ يېنىدىلا پەيدا بوپقالغان سايە قىزنى چۆچۈتتى. قىزنىڭ يېنىدا گەدىنىگىچە چاچ قويغان، يوتىسى تار، پۇشقىقى كەڭ چاقماق يوللۇق كاناي شىم كىيگەن ئېگىز يىگىت ھىجىيىپ تۇراتتى. يىگىت قىزنىڭ تەققى ـ تۇرقىغا يەۋەتكۈدەك قارىغىنىچە ئېغىز ئاچتى:

ـ خېنىم، تاغارلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەمدۇق؟

ئويالغىنىدىن قەغەزدەك نېپىز لەۋلىرى تىترىگەن قىز بوش شىۋىرلىدى:

ـ بولدى، ئەكېتەلەيمەن.

ـ ناز قىلمىسىلا، خېنىم، سىلىنىڭ تاغارنى بىر كۆتۈرۈپ باقىلى.

ـ بولدى!

ـ ۋوي خېنىم، بولغىنىنى مەن بىلمەي ئەجەب سىلى ناز قىلىپ كەتتىلە، ئەكەسلە...

ياپتا يوشۇرۇنغان لاۋزا گەپتىن نەپرەتلەنگەن قىز بېشىنى تىك كۆتۈردى:

ـ بۇنداق گەپلىرىنى ئاچىلىرىغا بېرىپ دەپ بەرسىلە جۇما! قايداغ ئەدەم بۇ؟...

قىزدىن بۇنداق يامان سۆز كۈتمىگەن يىگىت تېرىككىنىدىن كېكەچلەپ كەتتى:

ـ قا... قانداق ئاغزى يامان جالاپ ماۋۇ؟... ھېلى بىكا ما جالاپنى...

ئۆز سەۋەنلىكىنى ھېچ بىلەلمىگەن بىچارە قىز ئۆزى ئەشەددىي ئۆچ كۆرىدىغان يامان ھاقارەتتىن ھاڭۋېقىپ دەققە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، تاغىرىنى تاشلاپ يۈزىنى توسقىنىچە يىغلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ھەئە، قىز گۇناھسىز ئىدى. ئۇنىڭ «گۇناھى» ـ ئۇياتچانلىق ئىدى. ئۇ، قىزلاردا بولۇشقا زۆرۈر تېگىشلىك بولغان ئېسىل خىسلەتنى قوغدايمەن دەپ قاپقارا تۆھمەتكە قېلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، بىز بۇنى تۆھمەت، دەيمىز. خەقلەر كېلىپ بىمەنە ـ تېتىقسىز سۆزلەر بىلەن گەپكە سالسا، ساماندىن سۇ، گەپتىن گەپ يۈگۈرتۈپ تۇرغانغا ھەدەپ سۆيۈق ـ شاتىراقلىق قىلماي ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاۋاتسا، يەنە مەنسۇپ بولمىغان «نېسۋە»بىلەن ھاقارەتلەنسە، بۇنى تۆھمەت ئەمەس دېيەلەيتتۇقمۇ؟ قىزلارنىڭ گۈزەل خۇلق ـ مىجەزىنىڭ ئۆلچىمىنى بىلمەيدىغان پەسەندىلەرنىڭ ئويى بويىچە بولغاندا، يىگىتلەر كېلىپ قىزلارغا قاش ئېتىپ تۇرسا، بىھايا گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ تۇرسا، قىزلارمۇ نەدىن دېسە شۇ يەردىن چىقىپ ھىجىيىپ ـ نازلىنىپ تۇرسا، سۇركىلىپ ـ ئېسىلىپ تۇرسا ئاندىن ياخشى ۋە ئوماق بولاتتىمۇ؟ قىزلارغا خاس ئەخلاقىي مىزان بىلەن ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاۋاتقانلارنى «جالاپ»دەپ تىللىغانلارنىڭ خىيال ـ پەيلى ئەشەددىي ياماندۇر! ئۆزىدىكى پەسەندىلىكنى قىلىنلىق بىلەن باشقىلارغا دۆڭگەپ تۆھمەت قىلغان ئەرلەر جالاپ ئەرلەردۇر!...

ئازادە ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭىدا، يوغان تەشتەكلەردە ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەر تارقىتىۋاتقان خۇش پۇراقتىن ھوزۇرلىنىپ نەپەس ئېلىۋاتقان سالاپەتلىك باشلىق شىرە ئۈستىدىكى تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىدىن ئاستاغىنە كرېسلوغا چۆكتى. تېلېفوننى قۇلىقىغا تاقاپ يوغان ئەسنىگەنچە ئېغىز ئاچتى:

ـ ھە، كىم؟

باشلىق ئارقا ـ ئارقىدىن كېرىلىپ ـ ئەسنىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ ياخشى... ياق، ياق، بىز ئۇنداق بىر كىچىككە تۆگىشىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس. بىلمىسىزغۇ بىزنى؟... ياق ـ ياق، ئوبدان رازى بولدۇم... ھەئە، ئويلىشىپ كۆرۈۋاتىمىز...

باشلىق بىر ھازا سۆزلەشكەندىن كېيىن تروپكىنى قويۇپ شىرەنى يەڭگىل چەكتى. ئىشىكتىن كاتىپ كىرىپ كەلدى.

ـ باشلىق، ئىش بارمۇ؟

ـ ھېلىقى ئىش قانداق بولغانىدى؟

ـ پۈتەي دېدى.

ـ تېزرەك بولۇڭ. ئاۋۇ جالاپنىڭ كۆزىگە ئۈيقۇ كىرسۇن!

قىياپەت تەسۋىرى مەۋھۇم قالدۇرۇلغان «ئەۋۇ جالاپ»نىڭ بولمىغاندىمۇ جانابىي باشلىقنىڭ قىزىدەك بار چىقار، شۇنداقلا ئۇ

مەلۇم ئېھتىياج تۇپەيلىدىن جانابىي باشلىققا ئالدانغان چىقار. (بۇ ھازىرقى مۇھىتتا مۇقەررەر تەسەۋۋۇر!) بىراق، ئۇنىڭغا قاتتىق ئۇۋال بولدى! ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز ئېھتىياجىنى كۆزلىگەن، جالاپلىقنى قولدىن بەرمىگەن باشلىقنىڭ ئۆزىگە زىغىردەكمۇ ئەيقالماي خەقنى «جالاپ»، «ئۇ ـ بۇ»دېيىشى نېمىدېگەن مۇتتەھەملىك!؟ باشلىقنى رازى قىلغان قىز جالاپ بولسا، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى جالاپلىققا قالايمىقان ئىشلەتكەن مەنسەپدار مەنسەپدارلارنىڭ جالىپى ئەمەسمۇ!؟...

بۇزۇقچىلىق ـ شەرمەندىچىلىكى بىلەن خەلقئالەمگە يامان ئېتى چىقىپ قالغان بىر قىز ئادەملەر ئولاشقان جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇرغانلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى قىزغا ئاغدۇرۇلۇپ، يېڭى سۆز تېمىسى باشلاندى:

ـ ئاينا، توختەك بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان جالاپ شۇ...

ـ نومۇسسىز...

ـ رەسۋا!...

ـ تۇفىي!...

خوش، بۇ قىزغۇ تېگىشلىك نېسىۋىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىگە مەنسۇپ ئىباردىن نام ئالدى. بىراق، پېقىر دېھقان مۇئەللىپ پەقەتلا رازى ئەمەس!

بۇزۇق نامى بار قىز ياكى قىزلار ئادەم بار يەردىن قېچىپ مېڭىپ، يۇرت ـ مەھەللىگە ئارىلىشالماي قارغىشقا بوردىلىپ، سىيىسىپ يۈرگەندە، ئۇلار بىلەن بۇزۇقچىلىقنى تەڭ قىلىپ ياكى كۆپرەك ھۇزۇرىنى سۈرگەن «توختەك» ۋە «جانابىي توختەكلەر» قۇيرۇقىغا چاڭ يۇقتۇرماي گىدىيىپ، ئەل ـ جامائەتنىڭ قارغىش ـ نەپرىتىگە قالماقتا يوق، تېخى ھېچ ئىش بولمىغاندەك جامائەت بىلەن نورمال ئارىلىشىپ يۈرۈۋەرسە توغرىمۇ؟ ئەپسۇسلىنارلىقى، ھېچكىم ئۇلارنى بۇزۇق ياكى جالاپ دەپ تىللىمايدۇ، چەتكە قاقمايدۇ، قارغىش ياغدۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداقلارنىڭ نەزەرىدە: «ئەرلەر دېگەن شۇنداق ئوينىپ ـ كۈلۈشكە يارىتىلغان، پاھشىۋاز دېسە ئاسمانغا، ئوغرى دېسە يەرگە قارايدىغان گەپ. خوراز جېنىدا قىرىق مېكيانغا قانات سۆرىسە ھەقلىق»مىش! «ۋاي خېنىم، پاختىكلىڭ بولاي، تورغىيلىڭ بولاي...» دەپ ئىندەككە كەلتۈرگىچە «بوسۇغىسىدا ئىت، تاپىنىدا پىت» بولۇپ، ھۇزۇرىي لەززەتتىن كېيىن نامەرد ـ خۇمسىلىق بىلەن «قارغىدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق» بولۇۋېلىپ، بار دەردىكە، بار گەپكە قىزلارنى تاشلاپ قويۇپ، لەۋزى ـ غۇرۇرى ئۆزلىرى ئەخمەق ئېتىپ ئوينىغان قىزلاردىنمۇ پەس ـ پەسەندىلىكى بىلەن ئەل ـ جامائەتنىڭ نەپرىتىدىن ئالتە ئايلىق يىراق ياشاۋەرگەنلەر ساق ۋە ئاق. ئالدانغان، مەجبۇرلانغان، تۈرلۈك ئىجتىمائىي بېسىملار تۇپەيلىدىن ناتوغرا يولدا مېڭىپ، خەقلەرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارلا بۇزۇق ـ جالاپ بولسا، نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ؟!

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. چاۋاك بىر قولدىن چىقمىغاندەك، بۇزۇقچىلىق ـ شەرمەندىچىلىكمۇ نوقۇل بىر شەخستىن كۆرۈلمەيدۇ (بۇ دېگەن ئەڭ ئاددىي ساۋات). بۇزۇقچىلىق ـ شەرمەندىچىلىكنىڭمۇ شەخسىي ئاملى بولىدۇ. تويپا قونماس ـ چاڭ باسماس «توختەكلەر» ئەلۋەتتە بىرىنچى باشلامچى ئامىل. ئالدىغان، قىستىغان، مەجبۇرلىغان، ئىندەككە كەلتۈرگەن، گېپىگە ئۇناتقان، كۆڭلىنى خۇش ئەتكەن بىرىنچى ئامىل نامى سېسىق جالاپ بولماي، ئالدانغان، قىستالغان، مەجبۇرلانغان، گېپىگە ئۇنالغان، ئىندەككە كەلتۈرۈلگەن...لەر جالاپ بولسا، ھەرگىز ئادىل بولمايدۇ. شۇڭا، جالاپ دېگەن ئۇقۇم ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ نامنى پەيدا قىلغان تۇنجى سەۋەبكار ـ جانابىي ئەرلەرگە تارتۇقلىنىشى كېرەك!

بىر كۈنى ھەۋەسكار ئۇششاق قەلەمكەرلەر ئەنجۈمەن قۇرۇپ ئولتۇراتتۇق. ئارىمىزدا قەلىمى خېلى كۈچلۈك، نامى چىققان بىر ئەپەندىمۇ بار بولۇپ، ھەممىمىز ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ ئولتۇراتتۇق. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى مۆھتەرەم ئەپەندىمىز مېنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 4 ـ سانىدا «قىزلاردىن نىدا» سەھىپىسىگە بېرىلگەن «بىر قىزنىڭ ھاۋالىسى: ئوچۇق ئىستىپانامە» ناملىق ئوچېركىم ھەققىدە توختىلىپ، مەسخىرە ئارىلاش كايىپ قالدى:

ـ نېمە، يازغىلى نەرسە چىقمىغاندەك رېستوراندىن ئۆزى قوغلاندى بولغان جالاپلارنى ھەجەب كۆكلۈل قويۇپ تەسۋىرلەپسىز، ئۇكام؟ ئاشۇ ھەممە ئەدەم تارتقۇشلاپ سۆلى قالمىغان جالاپ خېنىملارغا ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولاي دەپسىز ـ دە!...

قەلەم كۈچى بار خېلى نامدار ئەپەندىمنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىققاندىن كېيىن، مەندە نە ئۆزۈمنى ياكى ئەسىرىمنى ئاقلاش، چۈشەنچە بېرىش ياكى كۆز قاراشلىرىمنى شەرھلەش ئىستىكى قوزغالمىدى. سەۋەبى ـ ھەممىسى ئورۇنسىز ئىدى. مەندىكى سۈكۈتنى كۆرگەن ئەپەندىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى:

ـ قانداق، ئالدىراپ يېزىپ قويۇپسىزمۇ؟ رېستوران دېگەندە ئاش ـ تاماق توشۇيدىغان كۈتكۈچى خېنىمچاقلار ئىشلەيدىغان گەپ. ئىشلىسە پۇل ئالىدۇ. شۇڭا كوچىدىكى ئاشخانىلاردىن تامىقى قىممەت بولسىمۇ، بارىدىغان گەپ. پۇل خەجلىگەن نوچى تۇتۇپ ـ موتاپ باقىدىغان گەپ. سىز تۇتمىسىڭىز باشقا بىرى تۇتۇۋېرىدۇ. بىرەر قېتىم كىرىپ باقمىغان ئوخشىمامسىز، ئۇكا؟ قەلەم ھەققىڭىزنى ئالغاندا بىر قېتىم دوقۇرۇپ بېقىڭ، ئۇكا، بەلەن يەر ئۇ، ياش بولغاندىن كېيىن سىزمۇ...

ئولتۇرغانلار ۋەيت! دېيىشىپ جارقىرىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. قىز ـ ئايالالار توغرىلىق يازغان ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەرنى يىغلىتىۋېتىدىغان بۇ ئەپەندىمنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئەقەللىي كۆز قارىشى، بىز ياشلارغا قىلغان پەند ـ نەسىھەت ۋە يۇقتۇرغان تەسىرىدىن «توۋا! بۇ قەلەمكەر ئەپەندىمىز يازغۇچىلار ئىچىدىن چىققان جالاپ ئەر ئوخشىمامدۇ؟!...» دېگەن ئويغا كېپقالدىم.

ئويلىغانسېرى ئۆي توغۇلىدىكەن. ئىچكىرىلەپ ـ تېرەنلەپ ئانالىز قىلساق، پىكىر يۈرگۈزسەك ئەرلەر بەكمۇ ئەبلەخ كېلىدىكەنمىز! نامەرد كېلىدىكەنمىز. تاتلىق نانىنى چاينىغاندا ھۇزۇرلىنىپ، ھەزىمىنى چېچقاندا چىراي پۈرۈشتۈرىدىغان نامەردلىك قامىتى تاغنى سىلكىندۈرگەن بىز ئەرلەردە مۇجەسسەم ئىكەن. پۇللۇق ياكى پۇلسىز ھالەتتە، ئانىمىزنىڭ تائىپىسىدىن بولغان، سىڭلىمىزنىڭ ھەدىسى ياكى ھەدىمىزنىڭ سىڭلىسى، ئاكىمىزنىڭ ئايالى ياكى ھەمشىرىسى ئورنىدىكى، كۆزگە كۆرۈنمەس ئاجايىپ دىل رىشتىمىز ئاداققى بىر تال يىپقا

باغلانغان، ئەڭ قەدىمكى كۆل - ئەمچەكنىڭ سۈتىدىن تەڭ ياشنىغان بىر سەبىي قېرىنداشمىزنى خۇمسلارچە، نامەردلەرچە، ھايۋانلارچە پەسكەش ئۇسۇل بىلەن دەپسەندە قىلىش بەدىلىگە جەمئىيەت، تۇرمۇش، ھاياتتا كۆتۈرۈلۈپ قوپقۇسىز ئاھانەت - لەنەتلەرنى يۇدۇگۇزۇپ - ھاپاشلىتىپ قويۇپ، تېخى يەنە بۇ بەتقىلىق - پەسكەشلىكلىرىمىزگە ھەر خىل چىرايلىق باھانىلەر، شەرھلەشلەر، زامانىۋى ئاتالغۇ - يالغان گەپلەر پۈتۈلگەن نامەردلەر ۋىۋىسكىسىنى ئېگىز ئېسىپ قويۇپ خاتىرجەم، شاختىن - شاخقا يۆتكىلىپ ياشاۋېرىدىكەنمىز، ئېسىت!...جالاپ ئەرلەر!...

ئەرلەرنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەر بولمىغان بىلەن، ھەقىقىي دىيانەتلىك ئەرلەر يەنىلا ئەر دېگەن بۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان نامنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرىدۇ:

دىيارىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ بىرىدىكى مەلۇم ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىر خانىم ئىنتايىن ئەخلاقلىق، نازاكەتلىك ۋە گۈزەل ئىكەن. خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىكەن. ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشى خانىمنىڭ ھۆسن - جامالىغا، نازاكىتىگە ۋە ئەخلاقىي مىجەزىگە يوشۇرۇن كۆيۈپ، ھىجران ئوتىدا كۆيۈدىكەن. ھە دېسىلا ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىستىكى ئارام بەرمەيدىكەن، ئىككىلىنىپ پەيت كۈتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى كىشى خانىمغا ئۆز ئوي - مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ، يالۋۇرۇپ قىستاپتۇ، ئۆتۈنۈپتۇ.

خانىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ، خىزمەتدىشىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ئاندىن لام - جىم دېمەي كېتىپ قاپتۇ.

خانىم ئۆيىگە بارغاندا، بۇ ئىشلارنى تەبىئىيلا ھالال جۈپتى - ئېرىگە ئېيتىپتۇ ۋە بۇ ئىدارىدىن يۆتكىلىش ئويىنىمۇ دەپتۇ. ئېرى شۇ شەھەردىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇ ئەستايىدىل قولاق سېلىپ ئۇققاندىن كېيىن ئايالىغا دەپتۇ:

- سىنىڭ ئۇ خىزمەتدىشىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۆتكىلىشىڭنىڭ ھېچ ئۈنۈمى بولمايدۇ. سەن ياخشىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە شەرتلىك قوشۇلغىن.

خانىم دەسلەپتە قاتتىق نارازى بوپتۇ. ئېرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىن سىناپ كۆرۈش ئويىغا كەپتۇ.

خانىم ئەتىسى خىزمەتدىشى بىلەن ئۇچراشقاندا، قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خىزمەتدىشى ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قاپتۇ. ھەتتا خانىمنىڭ ھازىر تازا پەيتى ئەمەسلىكى، كېيىنچىرەك بولىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، بولۇپمۇ خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ئەگەر خىزمەتدىشى خالىسىلا بۇ شەھەردىكى ئالىي مەكتەپتىكى مەلۇم ئورۇنغا تەربىيىلىنىشكە بېرىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقى...نى ئېيتىپتۇ. خىزمەتدىشى دەرھال ماقۇل بوپتۇ.

خانىم خىزمەتدىشىنىڭ ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىپتۇ. ھەتتا ئۇنى ئۆز ئېرىنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خانىمنىڭ ئوقۇتقۇچى ئېرىنىڭ ئەقلى ئىكەن.

خانىمنىڭ خىزمەتدىشى شېرىن ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئىلكىدە ئوقۇشنى باشلىۋېتىپتۇ. ھەر كۈنلۈكى ھېلىقى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ھېكمەتلەرنى، پاساھەتلىك مەزمۇنلارنى ئاڭلايدىكەن، خاتىرە قالدۇرىدىكەن، ئانالىز قىلىدىكەن. ئويلىرى قاناتلىنىدىكەن، ئوقۇشنى تاماملاپ نەتىجىگە ئېرىشكەن كۈنى خانىمنىڭ ۋىسالىغا يېتىدىغان كۈن ئىكەنلىكىنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، خانىمنىڭ خىزمەتدىشىنىڭ پىكرى ئېچىلىپ، بىلىدىغىنى، ئويلايدىغىنى، ھېس قىلىدىغىنى كۆپىيىپ ۋە چوڭقۇرلاپ بېرىپتۇ. ھېلىقى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنى خۇدادەك بىلىدىكەن، قالتىس چوقۇنىدىكەن. ئۇنى قانچىلىك ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇش پۈتكۈزگەن كۈنى، ئۇ ھېلىقى ئوقۇتقۇچىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئوقۇتقۇچى بېرىش ئالدىدا ئۇنىڭغا:«ئايالىمنىمۇ ئېلىپ بېرىپ نەتىجىڭىزنى تەبرىكلەيمەن» دەپتۇ.

كەچتە ھەممەيلەن يىغىلىپتۇ. قارىسا، ھېلىقى خىزمەتداش تۆت كۆزى بىلەن ساقلاۋاتقان ئوقۇتقۇچىسى خانىمنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىۋاتقۇدەك! خىزمەتداش ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئۇلار بولسا ھېچ نەرسىنى چاندۇرماي ياخشى ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، خىزمەتداشنىڭ نەتىجە - ئۇتۇقلىرىنى تەبرىكلەپتۇ، ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىپتۇ.

ئاقىۋەت ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپتۇ. خانىمنىڭ پەزىلىتىدىن تەسىرلەنگەن ۋە ئۇيالغان خىزمەتداش خانىمدىن قايتا - قايتا كەچۈرۈم سوراپتۇ. ھەتتا ئوقۇتقۇچىسىدىنمۇ تىزلىنىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپتۇ...

بۇ بىر جۈپ پەزىلەت ساھىبىنىڭ ھېكايىسى. مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى ۋە دىيارىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ ئالىي ئوقۇللىرىدا ھەم ئەڭ يىرگىنىشلىك كۆرۈنۈشلەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرسا، ھەم ئەڭ گۈزەل، تەسىرلىك ۋەقە - ھېكايەتلەر يورۇققا كېلىدۇ! ئاشۇ يىرگىنىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ھەقىقىي جالاپلار - يەنى زىناخور - شەھۋەتپەرەس ئەركەك زاتلىرى سەۋەب بولسا، ھېلىقى گۈزەللىكلەرنى يەنىلا ئۆزىنى توختىتالايدىغان تورمۇزلۇق دىيانەتلىك ئەرلەر يارىتالايدۇ.


ئاساسىي مەقسەتكە قايتا يېنىلاپ كەلسەك، ھەر كىم ئۆز نېسىۋىسىگە ئۆزى ئىگە بولغىنى ياخشى. قىز - ئاياللارنىڭ قانداقلىقى، بىرىنچى ئامىل - ئەرلەرگە باغلىق. شەرمەندە - بۇزۇق قىز - ئاياللارنى كۆرگەندە قالايمىقان تون پىچماڭ. چۈنكى ئۇلارنى شەرمەندە - بۇزۇق قىلغان نامەرد - خۇمسى ئەرلەر ھەقىقىي جالاپ!!!...

2006 - يىل 28 - ئاۋغۇست، سەھرايى ئەرمۇدۇن

---

★ ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسى كەنتىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى( M1 )



# ئايال قەلبى

مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

40 ياشتىن ئاشقان ئايالنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆر-
گەنمۇ سىلەر؟! سەيلى ئورنىغا ۋاقىتلىق توپلانغان جامائەت ئىچىدىكى بۇ
ئايال ئەسلىدە ئۆزىگە ئانچىلا تونۇش بولمىغان ئەرنى شۇنچىلىك ياخشى
كۆرۈپ قالغانكى، شۇ تۇيەيلىدىن ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە مۈگلۈق، ھېسسى-
ياتچان بولۇپ كېتىۋەردى؛ ئۇ ئۆز مۇھەببىتىنى يوشۇرۇشنى زۆرۈر تاپ-
مىدى؛ ھەممە ئادەم سەيلىدىن قايتىپ پەقەت ھېلىقى ئەر تېخى يېتىپ
كەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخى ھېچكىم سەيلىدىن قايتمىغان ھې-
سابلىناتتى؛ چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئۇنى كۈتەتتى، پەقەت ئەنە شۇ كىشى
قايتقاندىلا ئاندىن ئۇ تىنچلىناتتى. بۇ ئايال ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئاشۇ
جامائەت ئىچىدىكى ھەممە چىرايلىق ئايالغا بىردىنلا ئۆچ بوپقالدى.
ئاشىقنىڭ ھەرقانداق باشقا ئاياللار بىلەن بولغان ئادەتتىكى مۇناسى-
ۋىتىمۇ، ياكى ئەرنىڭ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشىمۇ ئۇ ئايال تەرد-
پىدىن بولىدىغان تاپا ـ تەنىلەرگە دۇچ كەلدى. ئۇ ئۆز «يىگىتى»
دىن ئۆزىنى «سەن» لەپ سۆزلەشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۆزىمۇ ئوچۇق
سورۇنلاردىلا ئۇنى لەززەت بىلەن «سەن»لەپ سۆزلەيتتى؛ بۇنداق
يېقىنچىلىقنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ ھېچ كارى
بولمىدى (مەن بۇنى روماندا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە كۆردۈم).

سىلەر بۇ ئەرنى كېلىشكەن ياش يىگىت دەپ پەرەز قىلامسىلەر؟!
ياق. ئۇنىڭ كۆرۈمسىز قىياپىتى نېمە ئۈچۈن ئۇنى شۇنچىۋالا مەھلىيا
قىلدۇ؟! ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرى، ئەرنىڭ بولسا خوتۇنى بارلىقىنى
ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟ بۇ غەلىتە مۇھەببەتنى سەيلىگاھنىڭ گۈزەل مەنزد-
رىسى، نەمخۇش سالقىن ساپ ھاۋاسى ئويغاتقانمۇ ياكى ئاياللاردا ئە-
زەلدىن ئەنە شۇنداق ئۆزگىچىلىك يوشۇرۇنغانمۇ؟! سىلەر ئۇ ئايالنى
شەھۋانىي بۇزۇق دەپ ئويلامسىلەر؟! سىلەر ئۇنىڭ چوڭقۇر يۈرەك
قېتىغا نەزەر سېلىپ كۆرۈڭلار... ياكى سىلەر «دۇنيادا پەۋقۇلئاددە
ئەرلەر باركى، ئۇلاردا مەھلىيا قىلغۇچى سىرلىق خۇسۇسىيەت يوشۇ-
رۇنغان» دەپ ئويلامسىلەر؟ بۇ ئەرگە ئۆتكۈر ئەقىل، كىشلەرنىڭ ئەڭ
نازۇك ھېسسىياتلىرىنى توغرا مۆلچەرلەش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش-
تىن باشقا ھېچقانداق سىر يوشۇرۇنغان ئەمەس. بۇ ئەر ئۇ ئايالغا شۇ-
لارنى ئېيتقانكى، ئايال ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن، ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرد-
دىكى تۇنجى سۆيگۈسى ۋە ھازىرقى ئائىلىۋى تۇرمۇشى توغرىسىدا
ئۆزى ئۇزاقتىن بېرى سۆز بىلەن ئىپادە قىلالماي كېلىۋاتقان، ھازىر
بولسا ئاپتاپتەك روشەن بوپقالغان پاكىتنى چۈشىنىۋالغان. ئۇ ئەمدى
«ھازىرقى ئائىلىۋى تۇرمۇشۇم ۋەزىيەت ۋە تەقدىرنىڭ تەقەززاسى،
بۇنىڭغا سادىق بولۇش مېنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچۇم؛ كۆڭۈل ـ يۈرەك
ساداسى بولسا مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك نەرسە» دېگەننى بىلىۋالغان.
نەتىجىدە بۇ كۆڭۈل مۇشۇ سىرنى ئېچىپ بەرگەن كىشىگە باغلانغان.

ئىشىنىڭلاركى، كىشى روھى ئەڭ مۇرەككەپ زېمىن؛ ئاياللار قەلبى
بۇ مۇرەككەپلىكنىڭ سىرلىق تۈگۈنى؛ ئۇنى يېشىشكە ئۇرۇنما، ئۇنىڭغا
ھۆرمەت قىلىپ يانداپ ئۆتكىن.


1983 ـ يىل ئاۋغۇست

---

ئاپتور: پېداگوگ، يازغۇچى، مائارىپ تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ
تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيەدىكى ئالىي دەرىجىلىك فى-
زىكا ئوقۇتقۇچىسى (M2)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت
بويىچە ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ.
كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان
ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقى-
لىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



▲ ئانىسى، دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنىڭ ئارخىپىنى ئاقتۇ-رۇپ كۆرسەم، جىنايەتچى ياكى پەندە، ياكى دىندا ساۋاتسىز ئادەم بوپچىقتى.

-ئابدۇقادىر كېرەم

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ خادىمى

▲ ئىش بېجىرىشنىڭ بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىشى، قولدىن ئىش كەلمەس - قۇرۇق ھەيكەل ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىندۇر.

- تۇرسۇن قۇربان

## تەپەككۇر كۆزى

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقسارای يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ لەۋزىگە ئەمەل قىلماسلىقتىن، قانۇن - تۈزۈم بارلىققا كەلگەن.

- كامىل توختى (چۆۋىق)

---

ئاپتور: كورلا شەھەر توبىرچى يېزا ئەدلىيە پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، خائىن - غالچىلارنىڭ ئاقىۋىتى بىرلا - ئەڭ مۇۋاپىق قۇربانلىق نامرات.

- ئادىلجان ئابدۇروسۇل

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن تولۇق 3 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تۈن بېتىدىكى يۇلتۇز قۇرلار

▲ ئوچۇق كۆڭۈل يېنىپ تۇرغان شام.

▲ رېئاللىق ھېسسىياتنى قۇل قىلىدىغان ھۆكۈمدار.

▲ ئەقىلسىز دوست ئاچ قالغان بۆرە، ئۇ پات ـ پات ساڭا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ.

▲ مەسئۇلىيىتىڭنى تولۇق ئادا قىلغاندا، ئۆزۈڭنى تولىمۇ ئەركىن ھېس قىلىسەن.

▲ ھاياسىزنىڭ بالىسى يېتىم.

▲ ھەقىقىي يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ يازغىنى ئەلنىڭ زارى، شۇڭا ئۇلاردىن ئەلمۇ ھەم رازى.

▲ مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغان ئوغۇل بالىنىڭ ئاغزىدا قىز ۋاپاسىز، قىز بالىنىڭ ئاغزىدا ئوغۇل ۋىجدانسىز.

▲ دوستىڭدىكى كەمچىلىك سېنىڭ كۆزۈڭدە، ئارتۇقچىلىق يۈزىڭدە ئەكس ئەتسۇن.

▲ يوغان گەپنىڭ ئەسلىي مەنىسى ـ قورقمەن.

▲ ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان نەرسە، ئۇنىڭدىكى شەكىل ئەمەس، بەلكى ئىچكى ماھىيەت.

▲ قۇربى يەتمەسلىك، ئەسلىدە ئەقلىي كەملىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ۋاقىتنى ئەركىن قويۇۋەتسىڭىز، ۋاقىت بوينىڭىزغا ئەجەل سىرتمىقى سالىدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەت خۇسۇسىي مۈلۈك ئەمەس، لېكىن تەپەككۇرى ئويغاقلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىدۇر.

▲ شەكىلگە ئېتىبار بەرگەنلىك، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويغانغا باراۋەر.

▲ ئاغزى ئېچىلغان ھاراق بوتۇلكىسى شەيتاننىڭ كۈلكىسى، ھاراقكەشنىڭ ئىڭرىشى، تەڭرىنىڭ سىنىقى.

▲ تارىخ بىزدىن ئايرىلغان بوۋىمىز، ھازىر بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز، كەلگۈسى بىزگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان چىلبۆرە.

▲ چېكەڭدىكى تەر، كاللاڭدىكى تەپەككۇر بىلەن مۇۋەپپەقىيەت شامىنى ياندۇرىسەن.

▲ كۆز بىلەن تىلنىڭ پەرقى شۇكى، كۆز قوبۇل قىلىدۇ، تىل سىرتقا چىقىرىدۇ.

▲ تەۋەككۇلچىلىك يوق يەردە ئەمەلىي نەتىجە يوق.

▲ داۋاسىز كېسەل ـ ئىنسان پاجىئەسىنىڭ سايىسى.

▲ سىر ـ جان، سىر بەردىڭ، جان بەردىڭ.

▲ مېڭە ئادەم بەدىنىدىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمدار، جاپاسى ئەڭ ئېغىر قول.

▲ ئۇيقۇ، بۇ دۇنيادىن ۋاقىتلىق خوشلىشىش دېمەكتۇر.

▲ تېلېفون ئالاقىلىشىشنى كۆپەيتىپ، ئارىلىشىشنى ئازايتتى.

▲ قەرز، ۋاقتىدا بەر، بولمىسا ئەرز.

▲ سەن تەپەككۇر بېغىڭدىكى دەرەخلەرنىڭ يېگى، سورتلۇق مېۋە بېرىشنى ئويلامسەن؟ ئۇنداقتا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» بېغى (ژۇرنىلى)دىكى «تەپەككۇر شاخلىرى»دىن «كۆز» ئېلىپ ئۇلىۋال.

▲ ئادەم ئۆز مەنپەئىتى ئالدىدا ۋەدىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ.

▲ سەن سەل قارىغان ئىش، بۇرنىڭغا دەل تەگكەن مۇشت.

▲ ئايال ئۆيدىكى «توغان». ئايال ئۆيدىن ئايرىلسا، ئۆينى «كەلكۈن» بېسىۋالىدۇ.

▲ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇھەببەت ھەۋەس، ئالىي مەكتەپتىكى مۇھەببەت شەھۋەت، ھەقىقىي مۇھەببەت ـ نىكاھ.

▲ ئادەملەرنىڭ ھايۋانغا بەرگەن «مۇكاپاتى» قامچا، ھايۋانلارنىڭ ئادەمگە بېرىدىغىنى ئاقچا.

▲ ئەيش ـ ئىشرەت ساڭا يولۇققان بۇلاڭچى، ئەقلىڭنى ئىشقا سالمىساڭ، ھەممە نەرسەڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

▲ ساپ نىيەتلىك كىشىلىرىمىز زىمىستاندا پارلىغان قۇياشقا ئوخشايدۇ.

▲ ئىككى رىقابەتچى ئىككى تال پاراللېل سىزىققا ئوخشاش ھەرگىز كېسىشمەيدۇ.

▲ كىچىك ئاياغقۇ پۇتنى قىستايدىكەن، تار ئىشتان، تەنگە چاپلىشىپ تۇرغان كۆڭلەكلەر بەدەننى قىستىمامدىغاندۇ!؟

▲ ئۆزى قول سېلىپ قىلمىغان ئىشتىكى خاتالىقنى تۈزىتىش تولىمۇ تەس.

▲ ئۆزۈڭنىڭ پەسلىكىڭدىن ئاسمان يىراق، يۇمشاقلىقىڭدىن يەر قاتتىق.

▲ ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلەرنىڭ كۈلكىسىدىن ياشارسا، كۆز يېشىدا ئېقىپ كېتىدۇ.

▲ ئىقتىسادى ياخشىلاردا كەم بولۇۋاتقىنى ئېتىقاد، دوستلارئارا كەم بولۇۋاتقىنى ئېھتىيات.

▲ ئانا ـ پاتماس قۇياش، ئاتا ـ غۇلىماس تۈۋرۈك.

▲ تۈزەلگەن جەمئىيەت ـ قىزلار ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا گىدىيىپ ئۆتەلمەيدىغان ۋەزىيەت.

▲ كۆز ھېسسىياتنىڭ ئېنىكئانىسى.

▲ ھەرىكەت ئەقلىنىڭ ئىجراچىسى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىشتىراكچىسى، باياشاتچىلىقنىڭ دەسمايىسى.

▲ غايە ئەقلىنى دۇربۇن، پۇتنى تىرەك قىلغانلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ.

▲ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشىك ئالدىمىزغا ئەكېلىپ بەردى، دەپ يېتىۋەرمەڭلار، تېخى ئالدىڭلارغا پۇرسەتنى ئەكەلگەن كىشى يوق.

▲ ۋاقىتنىڭ چاقىغا يۆگىشىۋالغانلارغا بۇ ئالەم تۆت كۈنلۈك، چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇۋالغانلارغا ئۆمۈرلۈك.

▲ نادانلىقنىڭ بالىياتقۇسىدا جاپادىن ئىبارەت تۆرەلمە يېتىلىدۇ.

▲ ساددا تىلى بولسا شەھەرلىكلەرمۇ ئېتىزلار بىلەن سىردىشالايدۇ.

▲ دانانىڭ ئالدىدا كور بولساڭ، نادانىڭ ئالدىدا خورلىنىسەن.

▲ گەرچە يەلكەڭدىكى يۈك شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، كۆز قاردۇقىڭدا ئۈمىد ئۇچقۇنى يالقۇنجاپ تۇرسىلا ئانچە ئېغىر بىلىنمەيدۇ.

▲ ئاتا ئۆيدە تاماكا چەكسە، بالا سىرتتا خىروئىن چېكىدۇ، ئانا كوچىدا ھەسرەت چېكىدۇ.

▲ «يېزىدىكى ئېشەك شەھەرگە كىرسە ھاڭرىيالمايدۇ»، ئەپسۇس، شەھەردىكىسى يېزىغا كىرسە، سەھرانى بېشىغا كىيىدۇ.

▲ «ئېشەكنىڭ كۆتىگە ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىسسىت»،

بىراق، ئاۋۋال ئېشەكنىڭ تېپىدىغان خۇيى بارمۇ ـ يوق، بىلىپ بېقىپ ئېش تۇتقايسەن.

▲ سەھرا ـ خام ماتېرىياللار مەنبەسى، شەھەر ـ پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى.

▲ ئىشەنچسىز، ئېتىقادسىزدىكى غەلىبە ـ ئېشەككە چىققان مۇڭگۇز.

▲ تىل ـ سۆزلەيدىغان دىل، دىل ـ سۇكۇتتىكى تىل.

▲ پۇل ـ مال ـ سەن ۋاز كەچمەيدىغان، لېكىن سەندىن ۋاز كەچىدىغان نازىنىن.

▲ تەپەككۇرسىز ئۆتكەن بىر كۈن، سەن يول تاپالماي تىمىسقىلاپ يۈرگەن قاراڭغۇ تۈن.

▲ جاپانى تاغدا تارتساڭ، راھەتنى باغدا كۆرىسەن.

▲ نادامەتتە قالماي دېسەڭ، نامەردلەرنىڭ قولىغا سۇ بەرمە.

ـ سەلەيجان روزى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## يەنە زاماندىشلىرىمغا دەيدىغانلىرىم

▲ قارىماققا قۇرت بىلەن تاماكىنى سېلىشتۇرغىلى بولمىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىنچىكە كۆزەتسەك، قۇرت كىچىك ھەم يۇمشاق بولغىنى بىلەن ئۆزىدىن نەچچە يۈز ھەسسە يوغان ھەم قاتتىق ياغاچنى ئىچىدىن يەپ تۈگەشتۈرىدۇ؛ تاماكا ھەر بىر شورالغاندا ئۆزى كۆيۈپ تۈگەش بىلەن بىرگە تەبىئەتنىڭ خوجىسى بولغان ئىنسانىنمۇ ئاستا ـ ئاستا تۈگەشتۈرىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ھېس قىلىپ يېتىمىز.

▲ مەدەنىيەتتىكى شالغۇتلۇق ئەنئەنىنىڭ ئۇيقۇ دورىسى بولسا، ئەنئەنىدىكى خۇراپىيلىق ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ گۆركارىدۇر.

▲ كىچىك بالا نېمە ئۈچۈن شۇنچە سۆيۈملۈك؟ چۈنكى ئۇ ئۆزى خالىغانىنى قىلىدۇ.

ـ ياسىنجان ئۆمەر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## يۈرەك سىرلىرى

(نەسىرلەر)

▲ بۇلبۇل تومۇز كىرىشى بىلەنلا سايراشتىن توختاپ قالدى. چۈنكى ئۇ قارارسىز سايراۋېرىپ باشقىلارنى بىزار قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىدى.

▲ ئاجىز بىر تۇغقانلىرىم يىغلىسا جاھان يىغلىغاندەك، ئەركەك بىر تۇغقانلىرىم يىغلىسا تەڭرىم يىغلىغاندەك قەلبىم نەرە تارتىدۇ...

▲ ئاياللار قاتار چايلاردا، ئەرلەر مېھمانسارايلاردا... باللار ئاغرىقچان موماي ـ بوۋايلاردا...

▲ يېشىمىزنى قانچە يوشۇرغانسېرى، يىللار بىزگە شۇنچە ئېغىر يۈكنى يۈكلەيدۇ.

▲ ئۇلۇغ كىشىلەر ئەتراپىمىزدا... ھەتتا تام قوشنىمىز بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بىز نېمىشقا ئۇلارنى تونۇيالمىدۇق؟!

▲ بىر نەرسىدىن قاتتىق سەسكەنمە، ئۇ سېنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

▲ بىر نەرسىگە قاتتىق ھەيران قالما، ھامان بىر كۈن كىشىلەر ساڭىمۇ ھەيران قالىدۇ.

▲ ھەزەر قىل! ئەڭ قەدىرلەپ ساقلىغان نەرسەڭ، ئەڭ نەپرەتلەنگەن ئادىمىڭ قولىدا بەربات بولمىسۇن.

▲ ئۆنگەدىن ئۇ، بۇنىڭدىن بۇ ياخشى ئەمەس... ھەممىسىدە ئۆزىگە تۇشلۇق يوچۇق بار...

ـ گۈلبانۇم ئابابەكرى

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ خادىمەسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ راست سۆز، باشقىلارنى ئۆزۈڭگە ئىشەندۈرۈشنىڭ تۈنجى قەدىمى.

▲ ئادەم ياشاپ قېرىمايدۇ، بەلكى ياشىيالماي قېرىيدۇ.

▲ ھەقىقىي رىقابەت پەقەت دۈرۈس ئىشلاردىلا مەۋجۇدتۇر.

▲ ئاتا ـ ئاناڭنى ئالدىغىنىڭ ـ ئەتە ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ.

▲ ئۆزۈڭگە ۋە ئۆزگىگە توغرا دىئاگنوز قوياي دېسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئايرىلماس دوست تۇت.

ـ توختىھاجى ئابدۇرەھىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپى 2004 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

▲ ئازغۇنلۇق ئىدىيىدە شەكىللەنگەندە كىشى رەزىللىشىدۇ، ھەرىكەتتە ئىپادىلەنگەندە قەبىھلىشىدۇ.

▲ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان باتۇرلۇق قەھرىمانلىق ھېسابلانمايدۇ.

▲ پەرزەنتكە مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئائىلىنىڭ ئاساسى قورام تاشتەك مۇستەھكەم بولىدۇ.

▲ ئىنساپلىق سودىگەر يېرىم ساخاۋەتچى، ئىنساپسىز سودىگەر يېرىم بۇلاڭچى.

▲ ئەڭ ئاۋۋال پىشىشقا باشلىغان مېۋە تولۇق پىشمايلا ئۈزۈلىدۇ.

▲ مۇھەببەتتىكى ئالدىراڭغۇلۇق ـ مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ مۇقەددىمىسى.

▲ پۇشايمان ھاياتنى تونۇتقۇچى تۇنجى ئوقۇتقۇچى.

▲ مۇسىبەت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان قوۋمدا تويلار ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ.

▲ ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ چەكلىكلىكىنى، توي ـ ھاياتنىڭ سۆيۈملۈكلۈكىنى تونۇتىدۇ.

▲ قەھرىمان كەينىدىن تىغ يەپ قۇربان بولىدۇ، خائىن دوستى تەرىپىدىن زەھەر يەپ ئۆلىدۇ.

▲ ئارمىنىغا يېتەلمەي قۇربان بولغان قەھرىماننىڭ تراگېدىيەسىدەك ئېچىنىشلىق تراگېدىيە يوق.

▲ ئېيتالمىغان غەزەپ ئېيتىلمىغان ئوق.

▲ مۇھەببەت بىلەن غەزەپ روھنى تاۋلىغۇچى پىچ.

▲ ئۆلگەنلەرنىڭ روھى ئۇ ئالەمدىلا، قۇربان بولغانلارنىڭ روھى ھەر ئىككىلا ئالەمدە بولىدۇ.

▲ كىتابخۇمار قوۋمنى ئۈيۈشتۈرماق ئاسان، ئەمما دۇنياپەرەس قوۋمنى ئۈيۈشتۈرماق بەك قىيىن.

▲ ئىنساننىڭ شەخسىيەتچىلىكى تۆپەيلىدىن زېمىندا ھەر خىل دىن، مىللەت، تېررىتورىيە شەكىللەنگەن. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسان خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بىراقلا يىراقلاشقان.

▲ خەتەرگە يولۇققان چېغىڭدا شەپقەتچىڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسەن.

▲ تويۇڭدا كەلمىگەن دوستۇڭدىن رەنجىمەي، ئاغرىقىڭدا يوقلىمىغان دوستۇڭدىن رەنجى.

▲ «ئادەم ئەجەل يېتىپ كەلگەندە ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىدۇ» دېيىدىكەن؛ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇمغا ئالغاندىن بۇيان ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ يەتتىم.

▲ سەھەردە يىغلىغان دەردمەن كېلۇر، سەھەردە يىقىلغان پالاكەت.

▲ خائىن دېيىشكە توغرا كەلسە، مۇھەببەت ـ نەپرەتتى ئېنىق بولمىغان كىشىنى دېيىش كېرەك.

▲ قانداق چاغدا يىغلاش بىلەن كۈلۈشنى بىلەلمىگەن كىشى ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى دائىم يوقىتىپ قويىدۇ.

▲ ئۆز جۈپتى ھالالىغا گۇمانخورلۇق قىلىش، مۇھەببەت يىلتىزىنىڭ چىرىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ئۇرۇش ـ بىر يۈرەكنىڭ دەردىنى يېنىكلەتكەن بىلەن، مىليون يۈرەكتە قىساس ئوتى ياللۇنلىتىدۇ.

▲ تىنچلىق ـ رەزىل يۈرەككە ئۇرۇلغان خەنجەر، مېھرىبان يۈرەككە بېرىلگەن كەۋسەر.

▲ يامانلىق ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغان كەلگۈسىدىكى پاجىئە؛ ياخشىلىق ھەر ئىككى تەرەپنى سۆيۈندۈرىدىغان ئېسىل خىسلەت.

▲ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ئۆز ئېرى ئۈچۈن ھەم خۇشاللىق، ھەم ئەندىشە.

▲ كۆزى ئوتكۇر كۆز نۇرى يەتكەنلا يەرنى كۆرەلەيدۇ، كاللىسى ئوتكۇر پۈتكۈل جاھاننى ۋە پۈتكۈل روھىيەتنى كۆرەلەيدۇ.

▲ شېرىن سۆزلەرگە ئالدىنىش ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيىپتىنى، ئەرلەرگە نىسبەتەن غۇرۇرنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ مۇھەببەت ئازار يېگەندە ئاۋۋال يۈرەك، ئاندىن كۆز ياش تۆكىدۇ.

▲ زۇلۇمنىڭ سەۋەبىنى زۇلۇم قىلغۇچىدىن ئەمەس، زۇلۇم قىلىنغۇچىدىن ئىزدەش ئەڭ ئاقىلانە ئىزدەش ھېسابلىنىدۇ.

▲ گۈزەللىك ئارقىلىق تەڭرىنى ئېسىگە ئالالمىغان ئىنسان، رەزىللىك ۋە ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغاندا ئېسىگە ئالىدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، «سەتەڭلەر ھىيلىسى»نى ئىشلىتىش، ئۇرۇشۇپ يېڭەلمەيدىغانلارنىڭ قىز ـ ئاياللىرىنى بېرىپ يېڭىدىغان سولاقچىلىق تاكتىكىسىدۇر.

▲ قان تۆكۈلگەن يەر مۇنبەت يەر، ياش تۆكۈلگەن يەر شورلۇق يەر.

▲ ئەندىشە ئىچىدە يۈرۈش ھامان مەغلۇپ بولىدىغانلىقنىڭ ئىپادىسى.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ سانىغا ئەمەس، كۈچىگە نەزەر سال.

▲ «ئەل بىلەن كەلگەن ئۆلۈم بەجايىكى توي» ئەمەس، قىيامەتتۇر.

▲ ئاجىزلار خىيالغا، كۈچلۈكلەر رېئاللىققا ئامراق.

▲ ئەۋلادىڭنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىگىچە ئەخلاقىدىن ئەنسىرىگىن.

▲ يەتكىلى بولمايدىغان داۋان يوق، ئەمما ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان بار.

▲ تىلىمىز ئوخشىغىنى بىلەن دىلىمىز ئوخشىمىسا، بىز يەنىلا ئىككى قۇتۇپتىكىلەر.

▲ بىپەرۋالىق شەخسكە زىيان سالغىنى بىلەن، كۆپچىلىككە قىيامەت ئېلىپ كېلىدۇ.

▲ تىرىشچان ئەرنىڭ قورقىدىغىنى رازى بولمايدىغان ئايال.

▲ روھنى ئۇنتۇغان ئىنسان ماددىنىڭ قۇلى بولىدۇ.

▲ يوقسۇزنىڭ قولىدا بىر نەرسە كۆرسە: نەدىن ئالدىڭ؟! باينىڭ قولىدا بىر نەرسە كۆرسە: نەچچىگە ئالدىڭ؟

▲ دۈشمىنىڭدىن رەنجىشلىك غەزىپىڭنى كۈچەيتىپ، ئىرادەڭنى تاۋلايدۇ؛ دوستىڭدىن رەنجىشلىك ھەسرىتىڭنى كۈچەيتىپ، يۈرىكىڭنى داغلايدۇ.

▲ ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنى بولساڭ، سەپسەتىنىڭ قۇلى بولىسەن.

▲ بىر خاپىلىق بىلەن مىڭ ياخشىلىق ئۇنتۇلىدۇ؛ ئەمما مىڭ ياخشىلىق بىلەن بىر خاپىلىق ئۇنتۇلمايدۇ.

▲ دانىشمەن، نادانىنىڭ ساۋىقىنى ئەڭ كۆپ ئېسىدە ساقلىغان كىشى.

▲ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكىنىڭدە، ئاللىقاچان سەپسەتە ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن.

▲ ھەقىقەت ئۆزىنى تونۇيدىغانلارغا ئامراق، سەپسەتە ئۆزىنى تونۇيدىغانلارغا ئۆچ.

▲ سەپسەتە ئەمەلىيەتتە شەرمەندە بولغان، ئەمما ئۇ ئۆزىگە پەرەنجە ئارتىۋالغان «تەقۋادار ئايال».

▲ چىشنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ، ئېغىزىغا كېلىپ بولغان گەپنى يۇتۇۋەتكەن كىشىدىكى غەزەپ ئەڭ دەھشەتلىك بولىدۇ.

▲ ئەقىللىق كىشىگە ئۆلۈمدىن ئارتۇق نەسىھەت يوق.

▲ دۈشمەن يىراقتا ئەمەس، ئۆز يېنىڭدىدۇر ـ ئۇ بولسىمۇ نەپسىڭدۇر.

▲ كۆزۈڭگە تەلمۈرگەندىن ئەمەس، قولۇڭغا تەلمۈرگەندىن ئېھتىيات قىل.

▲ نىكاھسىز شېرىن لەززەت ـ نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ پىلتىسىگە يېقىلغان ئوت.

ـ ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## تەپەككۇر ھىدى خۇش پۇراق چاچسۇن

▲ نېمىلىكىنى بىلىپ، نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمىگەن كىشى ھەقىقىي كۆچۈرمىچى.

▲ باشقىلارغا قانچە تېز ئىشەنسەڭ، شۇنچە تېز ئىشەنچتىن مەھرۇم قالىسەن.

▲ مۇھەببەت ھەممىنى ئۆزگەرتكۈچى ئىلاھ.

▲ جەلپ قىلىش باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشتىكى ئارتۇقچىلىق.

▲ جاپانىڭ كۆپى راھەت، سۆزنىڭ كۆپى جاراھەت.

▲ ساختا مۇھەببەت پەقەت بىر سەھنىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى سەھنىدە ئارتىس نومۇرنى كۆرسىتىپ بولۇپلا چۈشۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

— كارۋان

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ نەتىجىلىرىم نەزەرگە ئېلىنسۇن دېسەڭ، ئىشىڭ پۈتمەستە باشقىلارنىڭ نەزەرىگە بەك چۈشۈپ قالمىسۇن.

▲ يامان ئاتاققا قالماي دېسەڭ، بىكار يۈرمە.

▲ رەقىبىڭنى يېڭىشنىڭ ئەپچىل چارىسى ماھارىتىڭنى پىششىقلاشلا ئەمەس ھەم يېڭىلاشمۇ بولمىقى لازىم.

▲ باشقىلارنى بەك ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتمەي دېسەڭ، ئۇلارنى ھەم بەك ئۈمىدلەندۈرۈۋەتمە.

▲ ھەقىقىي رەسۋالىق ئۆزۈڭگە تالىق ئىشنى قىلالمىغاندا ئەمەس، بەلكى كۆرەڭلىك قىلىپ ئۆزۈڭگە تالىق بولمىغان ئىشلارغا قول تىقىپ قويۇپ، ئۇنى بېجىرەلمىگەندە ئاندىن ساڭا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

▲ ھاياتلىق شۇنداقكى، بۈگۈن كۆڭۈل قويمىغان نەرسىلەرنى ئەتە تەقەززا قىلىشقا، بۈگۈن بېرىلىپ تەقەززا قىلغان نەرسىلىرىڭنىڭ ئەتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولىسەن.

▲ ھېچكىم سېنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمىغىنىدەك، سەنمۇ ھېچكىمنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالمايسەن.

▲ بىراۋ سېنى ماختاۋاتقاندا سەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى ئىش: بىرى، رەھمەت ئېيتىش، يەنە بىرى، ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىش بولمىقى لازىم.

▲ بىر سوم تېجەپ قالساڭ، ئىككى سوم تاپتىم، دەپ ئويلا.

▲ غالىب كېلەي دېسەڭ تەكەببۇرلۇقنىڭ خېتىنى بەر، يېتەرسىزلىكلىرىڭنى تونۇپ يەت.

▲ ئالاقىلىشىش قولايلاشماقتا، ئالاقە رەسمىيەتلەشمەكتە.

— ئەكبەرجان ئەھمەتنىياز

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ نۆۋەتتە ئىش ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ، گەپ ـ ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ بوپقېلىۋاتىدۇ.

— ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلامىي (ئۈيۈشقاق)

---

ئاپتور: نىيە ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى

## ئەقىلدىن چەشمىلەر

▲ ئالدامچى سۆزى بىلەن، سەتەڭلەر كۆزى بىلەن قىلتاققا ئىلىندۇرىدۇ.

▲ ئۇرۇش دەۋرىدە باتۇرلار قەھرىمان بولاتتى؛ قۇرۇلۇش دەۋرىدە پۇلدارلار قەھرىمان.

▲ ئورۇنسىز توي، چاي، زىياپەت ـ نامى چىرايلىق ئاپەت.

▲ يەر ئاستى تەبىئىي بايلىقنى قېزىۋەرسە تۈگەيدۇ؛ ئەقىل بايلىقنى قېزىۋەرسە كۆپىيىدۇ.

▲ ئورۇنسىز غەزەپ ـ خامانغا چۈشكەن ئوتقا ئوخشايدۇ.

▲ ھەقىقەت كۆل باسقان چوغقا ئوخشايدۇ.

▲ نادىر كىتاب قابىل ئانىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئاتوم بومبىسىنىڭ قۇۋۋىتى زېمىننى تىترىتىدۇ، ھېكمەتنىڭ قۇۋۋىتى جىسمىڭنى.

▲ سىنالمىغانغا سىر، سۇخەنچىگە سۆز ئېيتما.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بارچە گۈل تەكشى ئېچىلغان، ھەممە قۇش بەس ـ بەستە سايرىغان چاھار باغقا ئايلاندى.

▲ روھىمنى پاكلاي، پىكرىمنى ئاچاي، ئەقىل بۇلىقىمنى راۋانلاشتۇراي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ.

▲ مەكتەپ كىتاب بىلەن، ئائىلە نەسىھەت بىلەن، جەمئىيەت ئەمەلىيەت بىلەن بالا تەربىيىلەۋاتىدۇ.

▲ ئەمگەك بىلەن سەنئەتنى بىرلەشتۈرەلىسەڭ، تەن بىلەن روھنى بىرلەشتۈرەلەيسەن.

▲ يانچۇقچى پۇل ئوغرىسى، ساھىبجامال كۆڭۈل ئوغرىسى.

▲ ئانىنىڭ بالىدىن تارتقان دەردى ـ ئازابى، ئېچىلماس سىرنىڭ بىرى.

▲ چىراي گۈزەللىكى تەشتەكتە ئېچىلغان گۈلگە ئوخشىسا، ئەخلاق گۈزەللىكى قەلبتە ئېچىلغان گۈلدۇر.

▲ كۈچىگە تايانغان ۋاقىتلىق، ئەقلىگە تايانغان مەڭگۈلۈك.

▲ سودىنى يەھۇدىيلاردىن، سۈپەتنى ياپونلاردىن، جۇرئەتنى گېرمانلاردىن، تەتقىقاتنى ئامېرىكاندىن ئۆگەنسەڭ، دۇنيا مۇنبىرىدە قەد كۆتۈرەلەيسەن.

▲ ئاتىلار مەسئۇلىيىتىنى، ئانىلار مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالىسا، بالىلار ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالايدۇ.

▲ مۇھەببەتنى سۆزىدىن ئىزدىسەڭ ئالدىنىسەن، كۆزىدىن ئىزدىسەڭ چۈشىنىسەن، قەلبىدىن ئىزدىسەڭ ئېرىشىسەن.

▲ ھەقىقەت ئوققا ئوخشايدۇ؛ بەزىدە نىشانغا نەق تېگىدۇ، بەزىدە دالجىپ كېتىدۇ.

▲ مۇھەببەت پەقەتلا يۈرەكنىڭ تەپتىدە پىشىدىغان شېرىن مېۋە.

▲ ئانىنىڭ قەلبىنى، ئاتىنىڭ نەسىھىتىنى چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا تولىمۇ كېچىككەن بولىمىز.

▲ ئۈچ خىل كىشىنىڭ پۇشايمىنى كۆپ بولىدۇ: 1. پۇرسەتنى بىلمىگەنلەر؛ 2. ۋاقىتنى قەدىرلىمىگەنلەر؛ 3. ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەر.

▲ دۈشمەن خەنجەر ئۇرۇپ جېنىڭنى ئالسا، خائىن ھېجىيىپ ـ

كۆلۈپ تۇرۇپ سىرىڭنى ئالدۇ.

▲ مىللىي مەدەنىيەت گۆھەر ـ ياقۇتتەك قىممەتلىك؛ زامانىۋى مەدەنىيەت ئالتۇن ئۈزۈكتەك زىننەتلىك.

▲ ھاياتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى تولۇق چۈشەن.

▲ ئاقىل تاپقاق، جاھىل چېپىلغاق، ئالىم سالماق، زالىم ئۇرۇشقاق كېلىدۇ.

▲ راھەت ـ تەن ھۇزۇرى، سەنئەت ـ كۆڭۈل ھۇزۇرى.

▲ غەزەپ دۇلدۇلىنى مىنگەن ئادەمنىڭ تىلى زەھەر، قولى خەنجەرگە ئايلىنىدۇ.

▲ كۇرسۇك ئىت قانجۇقنى تالىمايدۇ؛ خوتۇننى خورلىغانلار كۇرسۇك ئىتقىمۇ يەتمەيدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى قەلب قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ.

▲ ئەقىل ـ ھېكمەتنى، ئېسىل مەدەنىيەتنى، ئەدەب ـ پەزىلەتنى ئۆگىنەي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ.

▲ ئەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەھشەت تەس كۈن: قەدىناس ئايالىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ، سەبىي باللىرىنىڭ مۇڭلىنىپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈش.

▲ ئىقتىدارسىز ـ قابىلىيەتسىز مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى شاللىۋەتمىگەن مىللەت، ئاخىر ئۆزى شاللىنىپ كېتىدۇ.

▲ ئىككى ئىش ئادەمنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ؛ بىرى، ئاچ كۆزلۈك، يەنە بىرى، كۆپ سۆزلۈك.

▲ ھەر ئىشتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قارىغان، ئۆيدىن چىقمىغان بالا ئەدەبلىك، لېكىن ئەقىلسىز؛ ئىشەنچلىك لېكىن تەدبىرسىز بوپقالىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ئاقىللار ھېكمىتى، پەيلاسوپلار مۇنبىرى، ئەقىل بايلىقى ئامبىرى، تىل بايلىقى خەزىنىسى، ئاقىللار مەكتىپى، ئادىللار مەجلىسى.

▲ قىزلار ـ ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئوغرىسى.

▲ ئويۇنچى دېھقان قولىدا يەر، كۆڭلەمچى خوتۇن ئۆيىدە ئەر بۇزۇلىدۇ.

▲ ھېچكىمگە ئېيتما، دەپ سىرىڭنى ئاچقىنىڭ، ئىشكنى قۇلۇپلاپ ئاچقۇچنى خەققە بەرگىنىڭ.

▲ چىراغ قاراڭغۇنى يورۇتۇپ، يولنى كۆرسىتىدۇ؛ كىتاب دىلىڭنى يورۇتۇپ، يولۇڭنى تونۇتىدۇ.

▲ تىككۈچى ئۇستامنىڭ ھەميان سالىدىغان يانچۇقنى يۈرەكنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغىنى چوڭ كەشپىياتكەن. چۈنكى پۇلنىڭ ئورنى كۆكرەكتە، رىشتى يۈرەكتە بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟

▲ بالاڭنىڭ، قېرىنداشىڭنىڭ، دوستىڭنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىشى ـ يۈرەككە ساقايماس دەرد سېلىشى.

▲ تۇنجى خوتۇنۇڭ چېكىت، ئىككىنچىسى سوئال، ئۈچىنچىسى ئۈندەش.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مەللار خەزىنىسى، ئەقلىيەلەر كۆرگەزمىسى، مۇتەپەككۇرلار مەجلىسى، تەپەككۇر مەجمۇئەسى، ھېكمەت گۆھىرى، نەسىھەت جەۋھىرى، دانالار مۇنبىرى، ئاقىللار ئامبىرى بوپقالغۇسى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دېھقانغا ئىلھام، ئاۋامغا ئىمتىھان، ئوقۇتقۇچىغا مەيدان، ئوقۇغۇچىغا مەدەت، گالۋاڭغا تەربىيەت، يامانغا نەسىھەت بېرىۋاتىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئالىمغا تېلېسكوپ، ھەۋەسكارغا مىكروسكوپ، ياشلارغا دۇربۇن، ياشانغانلارغا لوپا ئەينەك، نادانلارغا كۆرگۈ ئەينەك رولىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

▲ قىزلارنى كۆپ تاللىغان قېرى يىگىت، يىگىتلەرنى كۆپ تاللىغان قېرى قىز بوپقالىدۇ.

▲ بالىسىنىڭ سىرىنى تولۇق ھەم توغرا چۈشىنىدىغان ئادەم پەقەتلا ئانىدۇر.

▲ دوستۇڭنىڭ سىرلىق كۆلگىنى سىر يوشۇرغىنى، دۈشمىنىڭنىڭ سىرلىق كۈلگىنى سۇيىقەستىنى يوشۇرغىنى.

▲ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى، ئۇستازىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىمىغان بالا تۇرمىنىڭ دەرسىگە قاتنىشىدۇ.

▲ تارىخ ـ ھېكمەت، تەربىيەت، نەسىھەت بەرگۈچى بوۋاي؛ ھازىر ـ ئىشچان، تىرىشچان، مەسئۇلىيەتچان ئاتا؛ كەلگۈسى ـ بەخت ـ ئامەت، قۇت ـ تەلەيگە ئىنتىزار بالا.

▲ ئۆتكەنكى تارىخ بىزگە ئۇستاز، بۈگۈنكى رېئاللىق ـ يېتەكچى، ئەتىكى كېلەچەك ـ مەسلىھەتچى.

ـ ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئالدىدا مېنى «پالانچى باشلىق»دەپ چاقىرما. چۈنكى مەن قول ئاستىمدىكى بىر نەچچىلا ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى باشقۇرغىنىم بىلەن، يازغۇچى ـ شائىرلار پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى باشقۇرىدۇ.

▲ گۈلزارلىقتا كىرىۋالغان قاغىمۇ ئوخشاشلا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

ـ ئۆمەرجان ياقۇپ

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر ھاسلاتلىرى

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، بىر دۆلەتنىڭ مەھكۇم بولۇشى ۋە قايتا ئەسلىگە كېلىشى جەريانىدا مۇنداق ئورتاقلىق بولىدۇ: ئاۋۋال مەھكۇم ئەل چىرىكلىشىدۇ، ئاندىن غالىب ئەل چىرىكلىشىدۇ.

▲ ئۇنۇمسىز ئەل ـ چىرىگەن تاپ.

▲ قۇللارنىڭ قەپەسكە قۇش سولاپ ھۇزۇرلىنىشىنى نېمە

دەيسىز ؟!

▲ تەڭداشسىز بوكسچىلارمۇ «بىلىم ـ كۈچ» دېگەنگە ئـــپادە بىلدۈرمىگەن.

## ئاچچىق ـ چۈچۈك ھېسلار

▲ روبىرو يېغىلمىغەندە قوشقاردەك ئاۋۋال كەينىگــە داجىپ كۈچ يىغىپ ئاندىن رەقىبىگە شىددەت بىلەن ئېتىل.

▲ مەينەت بولساڭ يا يارا باسىدۇ، يا قارا باسىدۇ.

▲ ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ كىرىنى يۇيالىغان بىلەن، چىرىگەن ئوغ-لىنىڭ قەلبىنى يۇيالمايدۇ.

ـ ئالىمجان تۇرسۇن

ئاپتور: ئانۇش شەھەر ئازاق يېزا ئازاق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇت-قۇچىسى

* * *

▲ ئادىمى قىممەت ئېتىبارغا ئېلىنمىغان سىياسىي مۇھىت ـ ئە-سەبىي ھوقۇقچىلىقنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدۇر.

ـ مەتناسىر ياسىن

ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە تاجىكئاباد بازار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

## ھەقىقەت جەۋھەرلىرى

▲ سائەتكە قارا، سېكونت ئىسترېلكىسى ئەڭ كىچىك بولغان بىلەن ئەڭ تېز ماڭىدۇ.

▲ قەدىرلىكلەرلا باشقىلارنى قەدىرلىيەلەيدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ بىۋاپا ـ رەزىل نەرسە رىيائللىق؛ ئەڭ گۈزەل نەرسىمۇ يەنىلا شۇ رىيائللىق.

▲ ئەگەر تۇلپارنىڭ بىر جۈپ چىرايلىق قانىتى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا يۇگۈرۈك تۆت پۇت ئاتا قىلىنماس ئىدى.

▲ قول كۆرسەتكەن يەرگە پۇت ئاپىرىدۇ.

▲ تاغدەك خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپمۇ ئاناڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇچىقىغا باش قويغىن، ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا شۇررىدە ئېرىپ، سېنى چىن دىلىدىن كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئانىنىڭ كۆكسى ئەنە شۇنداق كەڭ ھەم ئۇللىق.

ـ گۈلبوستان ئابدۇسسالام

ئاپتور: غۇلجا شەھەر ئالىە شوئار مەھەللە تاگنۇرى كوچا II ـ قورۇدا

* * *

▲ ھازىر بەزى جايلاردا خىزمەتنى شەرتى توشقانــلار ئــەمــەس، بەلكى «شەرتكە توشقان» لار ئىشلەيدىغان بوپقالدى.

▲ دوستۇم مېيىپلىكىڭدىن مەيۇسلەنمە، «ۋىناس» مۇ سەندىن قېلىشمايدۇ. تېخى ئۇ جانسىز ـ ھەيكەل! (مەسئۇل مۇھــەررىــردىن قىستۇرما)

ـ يۇسۇپجان ھامۇت

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازىرى لاپار كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتقۇدەك بە-رەر ئىش قىلالمىغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتقان ئادەمدۇر.

▲ ئانىسى نەسىھەت قىلغاندا دادىسى، دادىسى نەسىھەت قىلغاندا ئانىسى چاپان ياپقان پەرزەنت ئاخىر بېرىپ ئوغۇل بولسا جېدەلخور، قىز بولسا ئۇياتسىز ئادەم بولىدۇ.

▲ ساڭا دائىم تەنبىھ بېرىدىغان ئادەم، بىر بولسا ساڭا ئەڭ كۆ-يۈنىدىغان ئادەم، بىر بولسا سېنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخور ئادەم.

▲ قىزلارنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن ئوغۇللار ھامان بىر كۈنى ئۆزىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ.

▲ سەن ئىزدىسەڭ كۆرۈشۈپ، ئىزدىمىسەڭ كۆرۈشمىگەن ئادەم بىر بولسا سېنىڭ دوستلۇقىڭنى سىناۋاتقان گەپ، بىر بولسا سېنىڭ دوستلۇقىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ يەتكەن ئادەمدۇر.

ـ ئابدۇغېنى توختى

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇ-چىسى

## تۇرسۇنگۈلنىڭ تۇنجى تەپەككۇرى

▲ ياماندىن ياخشىغا ئۆزگەرگەنلەرنىڭ كەينىدىن تۈگمەيۋاتقان پىتنە ـ پاساتلارغا قاراپ، جاراھەت ساقايسىمۇ تاتۇقىنىڭ يوقىمايدى-غانلىقىغا ئىشەندىم.

▲ ئىنسانلار ئىچىدە ئازمايدىغىنى يوق، گەپ ـ خاتالىقنى تەكرار سادىر قىلغان ـ قىلمىغانلىقىدا.

▲ ئوغۇللارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى مەڭگۈلۈك بولسا، قىزلار-نىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئۆمۈرلۈك بولىدۇ.

ـ تۇرسۇنگۈل ئەيسا (گۈگۈم)

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكلىپلىك خادىمى

* * *

▲ دۇنيا ھەر خىل ئىدىيە بىلەن تولغان جەڭ مەيدانى.

▲ قانچە يىراققا قارىساڭ، ئالدىڭدىكى توسالغۇلار بىر ـ بىرلەپ سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

▲ تەپەككۇرنىڭ قانچە ئۇلۇغلاشقانسېرى، ئەتراپىڭدىكى ئىلگىرى سەن ئۇلۇغ دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ شۇنچە ئاددىي كىشىلەر ئە-كەنلىكىنى بايقايسەن.

▲ قىزلاردا ئوغۇللارنى كۆڭدە يېقىنلىق ھېس قىلدۇرىدىغان سېھرىي كۈچ بولمىسا، بۇ مۇقەددەس قىزلىق گۈزەللىكىمۇ ئوغۇل-لارنى مەڭگۈ ئۇتۇپ تۇرالمايدۇ.

▲ بىرى ئەڭ ئۈمىدسىزلەنگەن چېغىڭدا، يەنە بىرى ھېسسىياتقا بېرىلگەن چېغىڭدا قارار چىقارما، بۇ قارار ساڭا ئازابتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

▲ رېئاللىقتا يۈزلەنگەن چېغىڭىدا خىيالىڭىدىكى نۇرغۇن گۈزەللىكتىن مەھرۇم قالغان بولىسەن.

▲ چۈشەنگەنلىرىڭ كۆپ بولغانسېرى، تارتىدىغان ئازابلىرىڭمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ ئىدىيىڭىدىكى يۈكسىلىش ئىجادىيىتىڭىدىكى يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ؛ ئىدىيىڭدە ئىلگىرىلەش بولمىسا، ئىجادىيەتلىرىڭ بىر ـ لا تېمىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

▲ سۇ ئۆز نۆۋىتىدە سېنىڭ جىسمىڭنى پاكلىغۇچى، شۇنداقلا گۇناھلارنى جىق ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ، يەنە سېنى بۇ دۇنيادىن يوق قىلغۇچى.

ـ مېھرىبان نىياز چوغلۇق

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمىسى

* * *

▲ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشمەي، ئىشەنچىسىگە ئېرىش.

▲ ئەگەر سەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولساڭ، مەغلۇبىيەتچىلەرگە تەسەللى، يېڭى يول كۆرسەتكۈچى بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇڭغا ئېلىپ ئوقۇپ سىناپ باق.

ـ راھىلە ئىبراھىمجان (سىر)

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ سېنىڭ بۈگۈنكى يول تاپالماسلىقىڭ، ئەتىكى پۇل تاپالماسلىقىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ئۆتكەن كۈننىڭ ھېسابىنى ئالمىغان كىشى، تاپقان پۇلنىڭ ھېسابىنى قىلمىغان كىشىدىنمۇ بەك زىيان ئىچىدىدۇر.

▲ نادان بىلەن مۇنازىرىلىشىش، ماھىيەتتە ناداندىن نادانلىق تالاشقانلىقتۇر.

▲ غالىبىيەتچى بىلەن مەغلۇبىيەتچى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق. ئۈمىد مەغلۇبىيەتچىنى غالىبىيەتچىگە، ئۈمىدسىزلىك غالىبىيەتچىنى مەغلۇبىيەتچىگە ئايلاندۇرىدۇ.

▲ كىشىنىڭ ئەيىبىنىڭ ئېچىلىشى سىرىنىڭ ئېچىلىشىدىن باشلىنىدۇ.

ـ ئەھمەتجان قاسىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ يالغان يىغلىغان قىزلارنىڭ كۆزىدىن بىر بولسا موھتاجلىق، بىر بولسا ئالدامچىلىق، بىر بولسا شەھۋانىي نەپسى تامچىپ تۇرىدۇ.

▲ ساختىلىق بوشلۇقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ـ ئەزىمەت مەشرەپ

---

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزىسىدا

## يېگانە ياپراق شۇئىرلايدۇ

▲ مېنىڭ ھەقىقىي ئويغانغان ۋاقتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى تۇنجى قولغا ئالغان ۋاقتىم، ئۆزلۈمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلگەن ۋاقتىم «تەپەككۇر ئۇنچىلىرى» نى توپلىغان ۋاقتىم.

▲ ئۆزۈڭنى يامان يولدىن قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان چاغدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ.

▲ «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دېگەن گەپكە چەكسىز ئىشەنمەن. چۈنكى ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى توشقاندا چاچرايدىغىنى سۇ ئەمەس، بەلكى يانار تاغ ماگمىسىدۇر.

ـ زەينەپگۈل غوپۇر (يېگانە ياپراق)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇچۇر ـ قۇرۇلۇش فاكولتېتى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇنجى تەپەككۇر

▲ نامراتلىق ئەرلەرنى چىدامىلىق، قەيسەر ياكى جىنايەتچى، ئاياللارنى تىرىشچان، ئىقتىسادچان ياكى پاھىشە قىلىدۇ.

▲ ئۆزلىكىدىن كەلگەن بەخت بىلىندۈرمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ زېرىكىشى توقلۇقتىن، ئاياللارنىڭ زېرىكىشى يوقلۇقتىن چىقماقتا.

▲ سېغىنىش ـ سۆيۈملۈك ئازاب.

▲ شۇم خەۋەرنىڭ دۈشمىنىڭ، خۇش خەۋەرنىڭنى دوستۇڭ ئاۋۋال ئاڭلايدۇ.

ـ شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە «ئارمان» تاللا بازىرىنىڭ مۇلازىمەسى

* * *

▲ يىلتىزى يالىڭاچلانغان ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالغاندەك، ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچلىنىشى مىللەتنى قۇرۇتىدۇ.

ـ ئابلاجان مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى تەتقىقات گۇرۇپپىسى 2006 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىشەنچ ـ مەڭگۈ يوقالماس بايلىق.

▲ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى قانچە يۇقىرى بولسا، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى شۇنچە ئاز بولىدۇ.

ـ مۇسا ئىبراھىمجان (قاۋۇل)

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ چاقىرىلمىغان يەرگە بارما، كۆڭلۈڭ ئاغرىپ يېنىپ كېلىسەن.

▲ ئايالىمدىن قورقمىغان بىلەن سۆزىدىن چىقمايمەن؛ ئاپامدىن قورققان بىلەن سۆزىگە كىرمەيمەن.

▲ مېنىڭ خۇشاللىقىم مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇش ھەم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈش.

▲ گەرلەر قانماستىن بوزۇلۇر، گاياللار تويماستىن.

– توختى غەنىزات

---

ئاپتور: شايار ناھىيە «كۆمۈش كۆۋرۈك» سودا بازىرىدا تىجارەتچى

▲ تاماكا – ئۆلۈم مەنزىلىگە ئون يىل بۇرۇن يەتكۈزىدىغان ئالىي «تاشيول».

– ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە 2 – ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 – يىللىق 3 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەسلى ئىنسانلارنىڭ قىممىتى ئوخشاش؛ ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلارنىڭ قانداق قىممەت يارىتىشىدا.

– ئايگۈزەل مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە پىيالما تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ خادىمەسى

▲ سەن سۆيگەننىڭ قۇلى بولغىچە، سېنى سۆيگەننىڭ گۈلى بولغىن.

– خەلىل ھۇسەن مۇجاۋىرى

---

ئاپتور: قىرغىز، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

## تەپەككۇردىن تۇزىغان ئۇيلار

▲ گېزىت – ژۇرناللىرىمىز دەردمەنلەرنىڭ «ھەسرەتخانىسى» بوپقالمىغاي.

▲ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئىلىم.

▲ ئۈمىدسىز يۈرەك بەخت سەن نەدە؟ دەپ سوقىدۇ.

– مۇھەممەتتوختى ئاتاۋۇللا

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە سېغىزكۆل يېزا ئورنۇش كەنتىدە، دېھقان

## سەگەك تۇيغۇلار

▲ قىساس لاۋۇلداپ تۇرغان بىر ئوت؛ ئۇ يا ئۆز ئىگىسىنى، يا بولمىسا رەقىبىنى كۆل قىلىدۇ.

▲ ئەۋلادلىرىڭنىڭ ئېرىپ كېتىشىدىن غەم يېمەي ئۆزۈڭنى پاك تۇت، تەربىيىنى كۆچەيت، چۈنكى سۇنىڭ بېشى لاي بولمىسا، ئاخىرىمۇ لاي بولمايدۇ.

▲ ھەقىقى ئالىمنىڭ بىلىمى ۋە تەپەككۇرى ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.

– مۇھەممەتساقى سابىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا جۇمە بازار كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ سەنمۇ قوغلىغان، سېنىمۇ قوغلىغان مۇھەببەت سەھەردە پارلاپ چىققان قۇياشقا ئوخشايدۇ.

▲ ئىنسانلار ئاينىڭ ئۇنبەشىنىڭ يورۇق، ئۇنبەشىنىڭ قاراڭغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلگىنى بىلەن، خەۋپ – خەتەرنىڭ قايسى ۋاقىتتا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىنى يوق.

▲ ھېسسىياتلىنىش خۇشاللىقنىڭ ئىپادىسى بولسا، جىددىيلىشىش خاپىلىقنىڭ.

▲ ھايۋانلار تەبىئىي ھالىتىدە ئادەملەرگە خىرىس قىلسا، ئادەملەر ياللىغاچلانغاندا بىر – بىرىگە خىرىس قىلىدۇ.

▲ ئىلگىرى تەلەپچان – قاتتىق قول ئۇستازلىرىمىزدىن ئالىملار يېتىشىپ چىققان بولسا، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇنداق ئۇستازلار شاگىرتسىز قېلىۋاتماقتا.

▲ ئەقىدە دېگەننى بىلگەنگە قىلسا ئەقىدە، بولمىسا دۆتلۈك.

▲ ئەقىدىسىز ئادەمدىن ۋاپادار ئىت ياخشى.

▲ قەدىرلىك ئىنسان ئۆز سۆيگۈنىنىڭ ئالدىدا قەدىرسىز بولىدۇ.

▲ تەقدىرسىز تېپىشماس، ئەقىدىسىز يېپىشماس.

– سىددىقجان يۈسۈپ (ئاشىق)

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى فىزىكا فاكولتېتى 2004 – يىللىق 1 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ قىزلار ئۆز ئانىسىنىڭ ئەمگەك ۋە ئەدەپ كۆرسەتكۈچى.

▲ ۋەتەن – خەلقىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىنى بايقىغانلىق – ئالىملىق دەرىجىسىگە يەتكەنلىك.

– سۇلتان ئەمەت

---

ئاپتور: شايار ناھىيە گۈلباغ يېزا چوڭ گۈلباغ كەنتىدە، تىجارەتچى

## تۇنجى تەپەككۇرۇم

▲ قەدىرلىگەننىڭ قەدرىگە يەتمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى – ئاچچىق كۆز ياش.

▲ گەپ قىلىش بىلەن ئىش قىلىش تەتۈر تاناسىپ تۈزىدۇ. جىق گەپ قىلغاننىڭ قىلغان ئىشى ئاز، كۆپ ئىش قىلغاننىڭ قىلغان گېپى ئاز بولىدۇ.

▲ باشقىلاردىن رەنجىشنىڭ ئورنىغا، «مەن نېمە ئىش قىلدىم؟» دەپ ئويلىنىپ باق.

▲ ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشقا قاراپ ئاجىز دېمە؛ چۈنكى ئۇنىڭ كۆز يېشى ئاققان بىلەن تۈگىمىگەن بىر جۈپ مۇشتى بار.

▲ ئاتا – ئاناڭغا ھاياسىزلارچە قول شىلتىپ سۆزلىگىنىڭدە، يېنىڭدىكى بالاڭغا قاراپ قوي.

– رۇقىيە قەييۇم

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 – يىللىق 1 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قەلبداشلار تەپەككۇرلىرى

▲ بايۋەچچىلەر تۆتاملاپ پۇل خەجلەپ ئېرىشەلمىگەن شادلىقنى قەلبى ئويغاق كىشىلەر بىرەر بەت كىتاب ئوقۇپ، ھەتتا بىر – ئىككى مىنۇت خىيال سۈرۈپمۇ تاپالايدۇ.

▲ جەننەت ھەم دوزاخ بىرلا جايدا بار، ئۇ بولسىمۇ خەلق قەلبىدۇر.

▲ ئاچقۇچ ماس كەلگەچكىلا ئۆزىدىن يوغان قۇلۇپنى ئاچالايدۇ.

▲ بىر ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئۆزىنى تونۇش تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن.

– مۇھەممەتئىمىن يۇنۇس، پەيزۇللا ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتورلار: (مۇھەممەتئىمىن يۇنۇس) يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا ماتارىپ پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ خادىمى، (پەيزۇللا ئابدۇۋاھىد)

يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇلار ھازىر شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ

## كۆڭلۈمدىكى گەپلەر

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى تۇنجى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇغىنىمدا خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولغانىدىم. ھازىر ئوقۇغانسېرى كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلغان نۇرغۇن سىرداش بىلەن بىللە بولغاندەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم.

▲ قۇياش يەر ـ جاھاننى يورۇتىدۇ، ئادالەت بولسا دىلنى، سۇ پۈتكۈل ھاياتلىقنى ياشارتىدۇ، مۇھەببەت كۆڭۈلنى.

▲ كۆز جانلىقلارنىڭ شەيئىلەرنى كۆرۈش يولىدىكى بىر ۋاستە، خالاس. ئەمەلىيەتتە كۆرىدىغىنى كۆز ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلدۇر.

ـ ئىبراھىمجان ئەھەت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە مىشا يېزا چوڭقۇر قىشلاق كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ياشلارنىڭ يۈزى سىدام رەختكە، ياشانغانلارنىڭ يۈزى گۈللۈك رەختكە ئوخشايدۇ.

ـ كامىل كېرىم نەسىمي

---

ئاپتور: بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق بۆلۈمى 2006 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پاك ۋە سەمىمي ئادەم تېز رەنجىيدۇ، ئەمما ئاداۋەت ساقلىمايدۇ.

ـ ئابدۇسەمەت ساۋۇت

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە تۇمشۇق بازىرىدا، دېھقان

## تەپەككۇردىن بىر ئۇچقۇن

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاقكى، بېكىنمە خەلق ـ ۋەزىيەتنىڭ تەجرىبە ماتېرىيالىدۇر.

▲ تارىخ ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشتۇر.

▲ دۇنياغا تونۇلۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى ـ باشقىلار بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان روھقا ئىگە بولۇش.

▲ ھاياتنىڭ مەنىسىنى بوۋاينىڭ نالىسىدىن، بوۋاقنىڭ تېلىقىپ كۈلۈشىدىن ئىزدە.

ـ ئابدۇخەبەر سۇلايمان

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىلىم قانچىكى چوڭقۇرلاشقانسېرى كىشىنىڭ شۇنچە ئىزدەنگۈسى كېلىدۇ؛ مەنسەپ قانچە ئۆسكەنسېرى كىشى شۇنچە تەكەببۇرلىشىدۇ.

ـ تۇرسۇنگۈل چوڭ

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا سۇنتاغ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ئازاب ئىككى خىل: بىرى، سەن بىلىپ تۇرۇپ تارتقان ئازاب؛ يەنە بىرى، ئۆزۈڭمۇ بىلمەي تۇرۇپ تارتقان ئازاب.

▲ ئازاب ئىككى يەردىن كېلىدۇ: بىرى، ئۆزۈڭدىن، يەنە بىرى، سەن ئەڭ ئىشىنىدىغان دوستۇڭدىن.

▲ يېتىملىكنىڭ دەردىنى يېتىم بىلىدۇ، لېكىن كۈلۈپ يۈرگەنلەرنىڭ دەردىنى كىم بىلىدىغاندۇر؟!

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ھاياتلىق نىشانىنى يوقاتقانلارغا نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاس.

▲ ئاشىقىڭدىن ئايرىلىپ غېرىبسىنىپ قالغان ۋاقتىڭدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ساڭا ئەڭ ۋاپادار ئاشىق بولالايدۇ.

▲ ئېرىشىش ئۈچۈن جۈرئەت، ۋاز كېچىش ئۈچۈن قەتئىيلىك كېرەك.

▲ ئۆتمۈشنى ئۇنۇت، لېكىن ئۇ قالدۇرغان ساۋاقنى ئۇنتۇما؛ ھازىرىڭنى قەدىرلە، ئۇ كەلگۈسىڭنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى؛ كەلگۈسىگە نەزەر سال، ئۇ سېنىڭ ئىرادەڭنى چىڭىتىدىغان سېھرىي كۈچ.

ـ نۇربىيە تۇرغۇن

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىز دائىم باشقىلارغا باھا بېرىشكە ئالدىراپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز.

ـ ئابدۇشۈكۈر قاسىم

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خۇشئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرى

▲ بۆشۈك ـ تۇنجى مەدەنىيەت باشلانغان جاي.

▲ يول كۆرسەتكۈچىگە ئەمەس، باسقۇچىغا مەنسۇپ.

---

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر يازمىسىغا ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

## ھال بولغان غورىلار

▲ بەزى گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ۋە رادىئولاردا «مەسئۇل مۇھەررىر»ھازىر «جاۋابكار مۇھەررىر»دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، «مەسئۇل مۇھەررىر» ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالماي ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئاندىن «جاۋابكار مۇھەررىر»گە ئايلانمامدۇ؟ بۇ، مەنىداش سۆزلەرنى جايىدا ئىشلەتمىگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ؟

▲ ئېشەككە ئەمگەكنىڭ ئەھمىيىتىنى يەم ـ بوغۇز بىلەن باغلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتىن بۆلەك ياخشى ئامال يوق.

ـ مۆمىنجان ئابدۇۋاھىد ئەرتىل

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر بايانداي بازار مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ چېگرىسى زېمىن ۋە جۇغراپىيىلىك چېگرا ئەمەس، بەلكى ئەقىدە چېگرىسىدۇر.

▲ مۇكاپاتسىز قالغان ياخشىلىق ۋە جازاسىز قالغان يامانلىقنىڭ ھامان بىر كۈنى ھېسابى بولىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچلىنىشى ماھىيەتتە ئەرلەردىكى چۈشكۈن روھنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر.

▲ ئېتىقادى ئاسىلىق ـ بارلىق مەنىۋى كېسەللىكنىڭ مەنبەسى.

▲ تەپەككۇر ـ بىزنى ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان ئوقۇتقۇچى، رېئاللىق ـ ھەقىقەتنى تونۇتىدىغان ئالىي مەكتەپ.

▲ تار دائىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، كىشىلەرنى ھەقىقەت ئۈستىگە بىرلىشەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

▲ سەن كىم؟ بۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن تاكى قىيامەتتىمۇ ئىزچىل سورۇلىدىغان سوئال.

▲ تارىخ ھەقىقەتكە يېقىنلاشقانسېرى قەھرىمانغا، سەپسەتىگە يېقىنلاشقانسېرى دەللالغا ئايلىنىدۇ.

▲ ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىدا شەيتاننىڭ پىچىرلىشى بار.

▲ قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن خەلق پەقەت مۇستەھكەم ئېتىقاد ئاساسىدىلا بىرلىشەلەيدۇ.

▲ ھاكىمىيەت سۈزۈك بولسا، پۇقرا تۈزۈك بولىدۇ.

▲ بۇرۇنقى زاماندا سەلتەنەت سۈرگەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «سەتەڭ»لەر ھىيلىسىگە تەسلىم بولغان بولسا، ھازىرقى ئەرلىرىمىز ھاراققا، زەھەرلىك چېكىملىككە تەسلىم بولماقتا.

▲ بۈگۈنكى ئەرلىكنى كۈچەيتىش دورىلىرىغا ئاياللارنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقى يوشۇرۇنغان.

▲ ئەرلەر ھاراقتا بۇزۇلىدۇ، ئاياللار سىرتتا.

ـ ئابلىز ئىبراھىم دولان

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا باغئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئايرىلىپ تۇرۇش قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنتۇپ كېتەلمەسلىك ئەڭ قورقۇنچلۇق، بۇ ئۆزۈڭنى قايتا تۇغقانغا ئوخشاش ئىش.

▲ ھەر ئادەمنىڭ ياشلىقى خىيال بىلەن شېرىن، رېئاللىق بىلەن ئاچچىق.

▲ تەۋرىنىش ـ گۇماننىڭ بوۋىسى.

▲ «ئوخشاش ئىككى نەرسە مەۋجۇد بولسا، قىممىتى يېرىم ئۆلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە ھېس قىلىپ يەتتىم.

▲ رېئاللىققا تەن بەرمىگەن بولساڭ، ھەرگىز يىغلىمايتتىڭغۇ دەيمەن.

▲ مۇھەببەت بىر نەيگە ئوخشايدۇ. كىم قانداق چالسا، شۇنداق كۈي تۆكىدۇ.

▲ بىپەرۋالىق ـ تەننىڭ ياشىرىشى.

▲ لېۋىڭنى چىشلىگۈچە، كۆزۈڭنى يوغان ئاچ.

▲ ئاددىي نەرسىلەر ساپ ـ پاك كېلىدۇ.

▲ ئۈمىدسىزلەنگىنىڭ ـ ئەجىلىڭنى چاقىرغىنىڭ.

▲ ھېسسىيات ئەركىن قۇشقا ئوخشايدۇ، بۇ قۇشنىڭ قونار جايىنى ھېچكىم بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ.

▲ كائىناتتا بىر خىل گۈل بار: ئۇ پەسىلسىز گۈل ـ ئايال.

▲ تۇرمۇش تەبىر بەرگىلى بولمايدىغان چۈش.

ـ بۇۋىھەجەرگۈل ئابا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇما يېزىسىدا، تىجارەتچى

* * *

▲ ئەينەكنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتسەكمۇ، ھەر بىر پارچىسى بىزنى يەنىلا ئەينەن كۆرسىتىدۇ. ھەقىقىي دوستمۇ شۇنداق. بىز ئۇنىڭدىن قانچە يامانلىساقمۇ ئۇ يەنە ھەقنى ھەق سۆزلەيدۇ.

ـ دىلمۇھەممەت نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: نوقۇزنارا ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدە بېرىلىۋاتقان ئەقلىيىلەرنى كۆرۈپ، ھەقىقىي ئاقىللار كەڭ ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم.

ـ تۇرسۇنتاي ئابدۇللانىيازىي

---

ئاپتور: سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پېنسىيونېرى

▲ دوستلۇقنى پۇرسەت دەپ بىلگۈچىلەر، ئاخىرىدا تەنھا قالغۇچىلاردۇر.

ـ راھىلە ئابدۇۋەلى (قەلەم)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھايانلىق پەنلىرى ـ تېخنىلوگىيە ئىنستىتۇتى بىئولوگىيە تېخنىكىسى 2004 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل مېۋىلىرى

▲ قۇللۇقنى ھېچكىم ھېچكىمگە تاڭمايدۇ، ئۇنى ئادەملەر ئۆزلىرى تاللىۋالىدۇ.

▲ مەھكۇملارنىڭ تەقدىرى ـ بىر ئىزدا چۆرگىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەم، ئىزچىللىق ـ مۇۋەپپەقىيەت، توختاپ قېلىش ـ مەغلۇبىيەت دېمەكتۇر.

▲ ئادەم ـ قانچە ئوقۇسىمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان كىتاب.

▲ ئەڭ زور مەھكۇملۇق ـ ئىدىيە مەھكۇملۇقى!

▲ چاشقان مۈشۈككە ئايلانمىسا، مەڭگۈ مۈشۈككە يەم بولۇش قىسمىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

▲ ۋاقىت قارىشى يوق ئادەم مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

▲ ۋاقتى كەلگەندە كىتاب ئەڭ ئۇلۇغ لايىھەلىگۈچى، ئۇ ئىنسان روھىنى ئۇيدۇرماي ياساپ چىقىدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، پەقەت كۈچلۈكلەرلا ھۆرلۈك ھەققىدە ئېغىز ئاچالايدۇ؛ ئاجىزلار مەھكۇملۇق ئىچىدە ھۆرلۈكنى يىراقتىن سېغىنىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ كۆز يېشى ئەرلەرنى تەسىرلەندۈرۈشى مۇمكىن، بىراق ئەرلەرنىڭ كۆز يېشى ئاياللارنى ۋەھشىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

▲ ئەرلەردىكى چۈشكۈنلۈك ئاياللارنى تاپتىن چىقىرىدۇ، ئاياللاردىكى چۈشكۈنلۈك ئەۋلادلارنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ.

▲ دۇنيادا ئېرىشىش ئەڭ قىيىن بولغان نەرسە كۆڭۈل.

▲ نادانلار قەدىرلەنگەنسېرى زوراۋانغا ئايلىنىدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتسىز ئايالنىڭ ئېرى مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت

قازىنالمايدۇ.

ـ ئايمىنىسا سۇلايمان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ دۇنيانىڭ سېنى شاللىۋەتكەنلىكىدىن ھەرگىز رەنجىمە، چۈنكى سەن بىرىنچى بولۇپ ئۆزۈڭنى، ئىككىنچى بولۇپ ئاناڭنى تاشلىۋەتـ-كەن.

▲ شەھەر ـ تەرەققىياتنىڭ مەنبەسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە روھىيەتتىكى مەينەتچىلىك ۋە پاسكىنىچىلىقنىڭمۇ مەنبەسى.

ـ قۇربانجان ياسىن

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەندە مۇنداق ئارزۇ بار: بىرسى، دادامنى تاماكا چەكمەسلىككە ماقۇل قىلىپ، ھاياتنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى ئويغىتىش؛ يەنە بىرسى، دادامنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئو-قۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش.

ـ مۇھەممەت ئەھمەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى تەييارلىق 2006 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەمگە ھېچكىممۇ ئىشەنمەيدۇ.

▲ ھاياتتا باسقان يولۇڭ خاتا بولسا، كۆرگىنىڭ جاپا بولىدۇ.

ـ جاھانباي ماشەك

---

ئاپتور: ئاقچى ناھىيە سۇ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ ئانا تىلىنى ئۇنتۇش ـ تۇغقان ئانىسىنى ئۇنتۇغانلىقتۇر.

ـ ياسىنجان تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى 2004 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**ھاسىلات**

▲ مەردلەرنىڭ خۇشامەتچى ـ نانخورلاردىن بولۇشقا زورلىنىـ-شى ـ شۇ جەمئىيەتتە نامەردلىكنىڭ جەمئىيەتلەشكەنلىكىدىندۇر.

▲ يارالمىشتىلا پۇتكۈل مەۋجۇداتتىن ئۇلۇغ ئىدىم. شۇڭا ساڭا باش قويۇپ، قۇيرۇق شىپاڭشىتالمايمەن.

▲ دوستلار ئارىسىدىكى پىكرىي پەرق ۋە ھەرىكىتي پەرق دەل دوستلار ئارىسىدىكى دوستلۇقنىڭ پەرقىدۇر.

▲ جانانغا جان پىدا دېگۈچىلەر ئۆزىدىن سوراپ كۆرسۇن! جان كىمنىڭ؟ ئۇنى كىمگە بېرىش كېرەك؟!

▲ تەبىئەتنىڭ قانۇنى ئالدىدا پەيغەمبەرلەرمۇ بويۇن تولغىيالمە-غان.

▲ تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ئىنسانىيەت ھالاكىتى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

▲ ھايات ـ مەۋجۇداتقا بېرىلگەن ئىلاھىي بۇيرۇقتۇر.

▲ بىلىم ـ نەزەرىيىلا ئەمەس، بەلكى توغرا بىلىش ۋە قىلىشتۇر.

▲ ئايالالارغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش ئادەمنى ئايال مىجەز قىلىپ قويىدۇ.

▲ مەجبۇرىي ئىئانە يىغقۇچىلارنى ئۆكتەم تىلەمچىلەرگە ئوخشى-تىمەن.

ـ قاھار توختى

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئورچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇ-چىسى

**ئەبجەش خىياللار**

▲ چۈشكۈن روھ ـ سۇنغان قىلىچ.

▲ تۇپراق ـ ئاخىرقى ماكان.

▲ يالغۇزلۇق ـ مىسكىن ناخشا.

▲ مۇھەببەت ـ مەڭگۈلۈك تېما.

▲ ئەللەي ناخشىسى ـ ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى.

▲ ئەڭ ئاخىرقى مىراس ـ ئۆلۈم.

▲ يۈرەك ـ ئىنسان ئورگانىزمىدىكى مەشئەل.

▲ نادانلىق ـ خارلىق.

▲ ئىنسان ـ پايدا ـ زىياننىڭ قولى.

▲ بۈگۈنكى ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى ئىتتىپاقسىز ئەللەرگە ئېيـ-تىلغان ئىبرەتلىك ھېكايە.

▲ بىر خىل كەسىپكە باغلىنىپ ياشاش ھالسىرىغان ئاتقا مىنگەنلىك.

▲ شۆكۈر ـ ئىقتىدارسىز ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى.

▲ ئاجرىشىش ـ مەسئۇلىيەتسىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارى.

▲ قەيسەر روھ ـ ئاخىرقى غەلىبە

ـ سەۋرىدىن ھەنىپىدىن

---

ئاپتور: قاراماي شەھەر جەرەنبۇلاق نېفىت بۇرغىلاش 1 ـ شىركەت 50597 ـ ئەترىتىنىڭ ئىشچىسى

**تەپەككۇر تامچىلىرى**

▲ سېنىڭ مەندىن يىراق تۇرۇشۇڭ ھۆرمەتتىن، مېنىڭ سەندىن يىراق تۇرۇشۇم تۆھمەتتىن.

▲ ھاياسىزلار بىلەن ئارىلاشقىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن، توسمىغىنىڭ تىلىڭنىڭ تۇتۇقلۇقىدىن.

▲ كۆنەلمەچى ئەر خوتۇننىڭ ئىچىگە جىن سالىدۇ.

▲ چېچىلىپ كەتكەن ئەقلىمنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ئارقىلىق تېرىۋالدىم.

ـ مېھرىئاي تۇردى

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك پونكىتىنىڭ خادىمەسى

* * *

▲ پۇشايمان، ھامان پۇرسەتتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ئويغىنىش.

ـ ئابدۇغېنى توقۇ

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتو ناھىيە مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

**ئۇنسىز نىدالار**

▲ يىقىلىپ چۈشكەن يېرىدىن باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆرە

تۇرغان ئادەم، ھامان بىر كۈنى يەنە يىقىلىپ چۈشىدۇ.

▲ ئىنسان ماددىي جەھەتتىن يېمەكلىككە قانچىلىك ئېھتىياجلىقىنى بىلگىنىدەك، مەنىۋى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە قانچىلىك بىلىمنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا ئاندىن ئەقلىنى تاپقان بولىدۇ.

▲ ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم، مەڭگۈ بىرەر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان مەغلۇبىيەتچىلەردۇر.

— ئەكبەر جاپپار

ئاپتور: قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ساقچىسى

* * *

▲ پۇل چىقارغان ئادەمنىڭ ئاۋازىمۇ ئۈنلۈك چىقىدۇ.

▲ ناۋادا مەسىلىنى ئۆزۈڭ ئويلاپ ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلمىساڭ، كاللاڭنى باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن بولىسەن.

— ئايىمگۈل رەھمان

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە چوڭلار مائارىپى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ خادىمەسى

▲ پۇرسەت كەلمەدى دەپ ئاغرىنما. ئەگەر بىلسەڭ، پۇرسەتنىڭ ھەر بىر يېشىڭنىڭ ئۈستىدە يېزىقلىق. بۇنى يىل ئۆتكەندە ھېس قىلساڭ، ئەلۋەتتە، ھەممىدىن ئايرىلىسەن.

▲ بەخت ئۆزىنى سۆيگۈچىلەرگە، پۇرسەت ئۆزگىنى سۆيگۈچىلەرگە مەنسۇپ.

▲ ھەر كىمنىڭ مۇھەببىتى ئۆزى بىلەن ھەققىي بولىدۇ.

▲ دوستلىرىڭغا تەنبىھ ـ نەسىھەت قىلغاندا، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىنى پەش قىلما.

▲ جاھاندا كۈندە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، ئەمما ئەمەلگە ئاشمايدىغان رېئاللىقمۇ بارمۇ؟ بار، ئۇ بولسىمۇ چۈشتىن ئىبارەت.

▲ ھۇرۇنلۇقىمىز نېمە دەيدۇ؟

— بۈگۈن كەچ بولسا، ئەتە يەنە تاڭ ئاتىدىغۇ...

— ئىدرىس ئابلەت

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسى ئەڭ قىسقا پاساھەتلىك ئىبارىلەر بىلەن ھايات ھەقىقەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن لۇغەت.

— روزىجان ئابلىز ئىللىق

ئاپتور: خوشئوت ناھىيە بازىرىدا، دېھقان ئىشلەمچى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ نادان ئايال ئېرىنىڭ كۆپ پۇل تېپىشىنى، دانا ئايال ئېرىنىڭ ھەققىي يۈز تېپىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

▲ ئېرىڭىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنى خالىسىڭىز، ئۇنىڭ ئارمىنىنى ئۆزۈمنىڭ ئارمىنى دەپ چۈشىنىڭ.

▲ ئائىلە ئادەمنىڭ كىبىرى ئەڭ تېز ئاشكارىلىنىدىغان جاي.

▲ باشقىلاردىن رازى بولالمايدىغان كىشىلەر باشقىلارنى رازى قىلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ئادەم ھاياتىدا ئىككى نەرسىدىن قورقىدۇ: بىرسى ئۆلۈم، يەنە بىرسى ۋىجدان.

— جۇرئەت ئاۋۇت

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇمغا ئالغان ۋاقىتتا، ھەقىقەتنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ بولغاندەك ھېس قىلىمەن. ئەمما ھەر بىر يېڭى سانىنى قولۇمغا ئالغاندا بولسا، بىز بايقىمىغان ھەقىقەتنىڭ تۈرگۈنلىكىنى بىلىۋالىمەن.

▲ ئىككى تۈز سىزىق بىر ـ بىرىگە بوي ئەگمىگەچكە، مەڭگۈ كېسىشەلمەستىن پاراللېل سىزىقلارنى ھاسىل قىلغان.

— ئامىنە سۇلايمان

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار ئاماناشاھ كەنتىدە

▲ لاپ ئارىلاشقان راست گەپمۇ كىشىگە يالغان گەپتەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

— سالام ئاباباس

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتى خىمىيە فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 8 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئالىي مەكتەپتىكى توقۇناق خىياللار

▲ گۈل ئۇ كۆڭۈل، بىراق كۆڭۈلنى گۈلگە ئوخشاش ئۈزۈپ، خالىغانچە بەرگىلى بولمايدۇ.

▲ ئۆزىدىن ئۆزى خۇدۇكسىرەپ تويىتىن قاچقاننى بۆرە ئەمەس ئۆزى يەيدۇ.

▲ ئىت ھاۋ... ھاۋ.. دەيدۇ، ئوغرى قاچىدۇ. قوي مە... مە.. دەيدۇ، بۆرە يەيدۇ.

▲ پاھىشىنىڭ ئىشارىتى تەقدىرنىڭ ھاياسىز چاقچىقى، تەگرىنىڭ سىنىقى.

▲ بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇش ئادەمنىڭ جىسمىغا چوقۇنۇشتۇر.

▲ پاھىشىنىڭ ئىشارىتى شەيتاننىڭ ئويۇنچۇق قىلتاقىقا چاقىرىشىدۇر.

▲ ئەجداد ئىزىنى باس، يېڭى ئىز سېلىشنى ئۇنۇتما.

▲ مەجنۇنلارچە ئاشىقلىق سەرسانلىققا مۇقەددىمە.

▲ كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى باشقۇرماقتىنمۇ قىيىن ئىش يوق.

▲ مەن ئەبجەش مەدەنىيەتتىن ئۆزۈمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تارتىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىن قايتا قۇراشتۇرۇۋاتىمەن. «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ» ئەمەسمۇ.

▲ «ئەل قارغىشى مىنەلھەق»؛ ئانا قارغىشى ئوت ـ دوزاق.

▲ قۇلنىڭ قولىغا كالتەك چىقسا، قۇلدار بولغۇسى كېلىدۇ.

— مۇھەممەتئەلى ھوشۇر (نەۋچوغ)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇچۇر ئىلمى ۋە كومپيۇتېر پەن ـ تېخنىكىسى سىنىپى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش تەسىراتلىرى

▲ ئالتۇن ـ نامراتلارنىڭ مېھنىتى، بايلارنىڭ زىننىتى.

▲ دېھقانلار مول ھوسۇل شادلىقىدا كۈلگەندە چىرايىدىكى

قات ـ قات قورۇقلار دۇنيانىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئەسلەتسە، ئالقىنىدىكى چاك ـ چاك قاپارتما يېرىقلار ئۇلارنىڭ «تۇرمۇش خەرىتىسى»نى ئەسلىتىدۇ.

▲ ساڭا ئەيىب، نۇقسان، نومۇس كەلتۈرىدىغان جىسمىڭ ياكى سۆز ـ ھەرىكىتىڭ دۈشمىنىڭنىڭ پەخىرلىنىشىگە سەۋەب، پايدىلىنىشىغا دەستەك بوپقالىدىغانلىقىنى ئۇنۇتما.

▲ ئىككى دۈشمەننىڭ بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلغىنىدىن ئىككى دوستنىڭ دۈشمەنلىشىپ بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلغىنى نەچچە ھەسسە خەتەرلىك.

▲ سۈلھ كۈچلۈكلەرنى پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلسا، ئاجىزلارنى پۇرسەتكە ئىگە قىلىدۇ.

▲ ئىككى دۈشمەن بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىپ دوستلىشىپ ئارام تاپسا، ئىككى دوست دۈشمەنلىشىپ قالسا بىر ـ بىرىنى ئۇجۇقتۇرۇش بىلەن ئارام تاپىدۇ.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ كۈلۈمسىرىشى سېنى كۆزدىن يوقىتىشىنىڭ «مېھرى ئىسسىق» ئىشارىسى بولسا، قىلىچ كۆتۈرۈشى سېنى ئەل بولۇشقا ياكى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئېلىشىشقا چاقىرغىنى.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بويسۇندۇرۇشى ئۇلارنى ھېچقانداق شان ـ شەرەپ، قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە قىلمىغان بەلكى كۈچلۈكلەرنىڭ مۇتتەھەم، نامەرد، نومۇسسىزلىقى تارىختا مەڭگۈلۈك قارا ئىز قالدۇرغان

ـ مەھمۇت ئەھمەت

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيىدىكى ئوقۇتقۇچىسى

▲ ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزىدىغان ئادەمنىڭ مېڭىسى ـ شەيتاننىڭ ئىشخانىسى.

ـ روزىيەم نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا مۇئەللىمەسى

▲ خوتۇنغا قاراپ ئەرگە، ھوسۇلغا قاراپ يەرگە باھا بەر.

ـ ئادىلجان ئوبۇلھەسەن

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ خادىمى

**تەپەككۇر تەرمەچلىرى**

▲ هاراقكەشتە گەپ تولا، ئوششۇقتا خەپ (تولا).

▲ ئايالى قانچە ياسانسا شۇنچە پەخىرلىنىدىغان ئەرلەر ھەقسىز كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان سودىگەرگە ئوخشايدۇ.

▲ كۆڭۈلدىكىدەك كىشى بىلەن ياشايمەن دېگەنلىك جورىسىز ياشايمەن دېگەنلىك.

▲ ماختاشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغانلار بىر بولسا پەقەتلا ماختىلىپ باقمىغانلار، بىر بولسا خۇشامەتچىلەر.

▲ كىشىلەر ئاجىز ئەمەس، بەلكى ئىقتىدارسىز.

ـ ئابدۇرەھمان غوپۇر

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سىرتتىكى ئوغرىدىن قورقمىغىن، ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئۆيدىكى ئوغرى.

ـ ئوسمان ئەھمەتجان (ئوغلان)

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە بازىرىدا، دېھقان

▲ ئىنسان قەرزگە بوغۇلۇپ قالسا، ئۇنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆلىۋېتىشى مۇمكىن. ئەمما ۋىجدان قەرزىگە بوغۇلۇپ قالسا، زېمىنغا پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ تۆلىيەلىشى ناتايىن.

▲ ئاتىلار بىزنى قەيسەرلىككە، ئانىلار مېھرىبانلىققا، قىزلار مۇھەببەتكە، باللار بولسا ياشاشقا ئىنتىلدۈرىدۇ.

▲ بۈگۈن بىز ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلانغان ساندۇق، دەرھال بېرىپ ئېچىشىمىزنى ساقلاتقان.

▲ شائىر ـ ئەگرى ـ توقاي داۋانلاردا سەرگەردان بولۇشقا رازىلىق بەرگەن چۆچەكچى موماي.

ـ توختىسۇلايمان ئوبۇلقاسىم

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە نۇرى يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

▲ مەن تۇرمۇشنىڭ كۆپ تەرىپىگە زەن قويۇپ باقتىم، بىراق بۇلار ئىچىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىلەن دوستلىشىپ، بىلىم ئېلىشتىن ئارتۇق لەززەتلىك ئىشنى كۆرمىدىم.

▲ ھەي ئىست، جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ھەر كۈنى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى كۆرگەندىن كۆرە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن ئىبارەت ئەينەككە قاراپ ئۆزلىرىنى كۆرگەن بولسىدى، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر تۈزەلگەن بولاتتى...

ـ ئەمەتجان تۇردى (رەھمى)

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە «ئۈچقۇن» كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزىدە

▲ چۈشكۈنلەشكەن ئەركىن ـ ھۆركىشىدىن ئويغىنىۋاتقان قۇل ياخشى.

ـ يۇنۇس قادىر (قامچا)

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار تۈگمەنبويى كەنتىدە، دېھقان

▲ دوستۇم، سەن ئۆزگىلەرنى ياخشى كۆرۈپ سۆيۈشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئورنۇڭنى بىلگىن.

▲ سەن ئۆزگىلەردىن سەۋەبسىز گۇمانلانما، ئەگەر گۇماننىڭ توغرا بولسىمۇ ئۆزگىلەرگە دېمە، دېسەڭلا ساڭا توغرىلىنىپ تۇرغان «قالپاق»لار بېشىڭغا كىيىلىپ قالىدۇ.

ـ ئادىلجان مۇھەممەت يالقۇنى

---

ئاپتور: بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**دېھقان ئېيتىدۇ...**

▲ ھەر يىلى كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىۋاتىمىز، شەھەر ـ بازارلىرىمىزنى باغۇ ـ بوستانلاشتۇرىمىز دەپ؛ بىراق بەزى خانىم ـ قىزلىرىمىز بارغانسېرى يېرىم يالىڭاچ بوپكېتىۋاتىدۇ تەرەققىياتقا ماسلىشىمىز دەپ. ھەممە يەر ئورمانغا ئايلانغانسېرى بەزى قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە قايتقۇسى كەلگىنىمۇ بۇ؟ (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما)

- ئابدۇرېھىم ئەبەي

ئاپتور: كوچا ناھىيە ئالقاغۇ بازىرى توخولا كەنتىدە، دېھقان

**ئىختىيارىي ئويلار**

▲ يازغۇچى، سەن ئۆز خەلقىڭدىن زارلىنىپ نېمە قىلىسەن، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلاتقۇدەك بىر نەرسە يازمامسەن.

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە مۇشت ئاتالايدىغانلار ئاجىز ئادەملەر تەبىقىسىگە كىردى.

▲ ئۆزىنىڭ ھالال ئايالى، ئېرى تۇرۇپ سىرتتا ئاشنا ئويناۋاتقانلار دىققەت: سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار ئەنسىرەشتىن، لەززەتلىك ئازابتىن سىيىشقا باشلىدى.

- ئابدۇروسۇل تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتى 2002 - يىللىق 17 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**تۇنجى تەپەككۇرۇم**

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى بىلىمسىزلەرگە ئەتراپلىق بىلىم بېرىدىغان، ئەخلاقسىزلار تەربىيىلىنىدىغان مەتبۇئات مەكتىپى، سەبىيلەرنى تەربىيىلەشتە ئىللىق ئائىلە بولۇشقا مۇناسىپ.

▲ دانالار سۆھبىتىدە ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى، نادانلار سۆھبىتىدە دانالىقىنى ھېس قىلالىغان تۇيغۇ ھەقىقىي ئېتىقادلىق تۇيغۇ ھېسابلىنىدۇ.

▲ مىللىتىمىزدىكى ئەخلاقسىز ئاتا - ئانا، ئوغۇل - قىزلىرىمىزغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن.

- ت. م (ياۋايى)

ئاپتور: كوما ناھىيە دۆۋا بازىرى لامۇس كەنتىدە، دېھقان

**ئاۋات ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇرلىرىدىن**

▲ ھايا - ئىنساننىڭ ئەبەدىي گۈزەللىكى.

▲ ئىزدىنىش ئۈزۈلمىسە، خۇشاللىق ئۈزۈلمەيدۇ.

- مۇنىرە ئۆمەر

▲ ئۇيقۇ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇممىغۇچە قانمايدۇ.

▲ ماڭغان يولىڭىزدا يەنە ماڭغانلىقىڭىزدىن ھەرگىز مەيۈسلىنىپ، چۈشكۈنلەشمەڭ. بەلكىم مەنزىلگە تېزرەك يېتىپ بارالىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى ئۇ يول ئازراق بولسىمۇ سىزگە تونۇش.

- رىسالەت ئابدىدىن

▲ نىشانسىز ئادەم پالاقسىز قولۋاققا ئوخشايدۇ.

- ياسىنجان تۇرسۇن

* * *

▲ ئۇيغۇرغا بىلىمدىن باشقا يول يوق.

▲ مېنىڭ دوستلارغا بېرىدىغان ئەڭ ياخشى سوۋغىتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدۇر.

- ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى-نىڭ پېنسىيەدىكى ئاشپىزى

* * *

**ئۆزىگە باھانە - سەۋەب ئىزدەش، ئۆز ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر.**

- رىزۋانگۈل مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى سانائەت قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇر مېۋىلىرى**

▲ تەقدىر - تەدبىرنىڭ ئەينىكى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى گىگانت ئەسەرلەرنىڭ مۇجەسسىمى.

▲ «ئېتىقاد»نى ئوڭ قولدا، «تەرەققىيات»نى سول قولدا ئېلىپ ماڭغانلار ھاياتلىق يولىدا تەمتىرىمەي ماڭالايدۇ.

▲ بىز «تەقدىر» ئۇقۇمىنى تەدبىر دېمەي چۈشەنسەك توغرا بولاتتى.

- ئەسەد ئىمىنجان

ئاپتور: ئىلقا ناھىيە بازىرى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

**ئاتا - ئانىسىدىن ئەيمەنمىگەن پەرزەنت، ئەل - جامائەتتىن ئەيمەنمەيدۇ.**

- ئائىشە قادىر (تۆپراقىي)

ئاپتور: بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىلى 2002 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ گەرچە موھتاجلىق ۋاقىتلىق بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قالدۇرغان جاراھىتى مەڭگۈلۈكتۇر.

- ئايتۇتى ئابدۇللا

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

**سەگەك تەپەككۇرلىرى**

▲ ماختاشنىڭ يەنە بىر مەنىسى ھاقارەتلەشتۇر. ئويلاپ باقمامدۇق، كولۇپ تۇرۇپ جانىنى ئېلىش بۇنىڭ دەللىي ئەمەسمۇ؟

▲ داۋالاش ئېلانى - كېسەللەرنى كۆپەيتىشتىكى ۋاستە.

▲ كۆزلىگەن مەقسىتىڭنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى، بىرى، سەن باشقىلارنى چۈشەنمىگەن؛ يەنە بىرى، باشقىلار سېنى چۈشەنمىگەنلىكتىن بولىدۇ.

▲ غەزەپتىنمۇ يا باش يېرىلىدۇ، يا تاش يېرىلىدۇ.

▲ دۇنيادا بەزىلەر قاتتىق قوللۇقىدىنمۇ ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ؛ بەزىلەر بولسا مۇلايىملىقىدىنمۇ ئىنسانىيەتكە زاۋاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.

▲ ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق ئوبراز يارىتىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ھەقىقىي باتۇر ياش تۆككەننى ئەمەس، مۇشت تۈگكەننى قوتولدۇرىدۇ.

▲ يىغلاۋاتقان ئادەمگە قاراپ مېھرىبانلىقنى، كۈلۈۋاتقانلارغا قاراپ شەپقەتسىزلىكنى بىلدىم.

▲ ئېچىلغان سىر ھەقىقەتنىڭ كۈچىدۇر.

▲ مەدەنىيەتسىز ئەلدە ئادەمگە يامان نام ئۆز قېرىندىشىدىن، ياخشى نام بولسا باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلىدۇ.

— غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قۇملۇق كەنتى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## روھىيەت خەزىنىسىدىن ئۈنچىلەر

▲ سېنىڭ بىر نەرسىدىن تەمەيىڭ بولمىسا، بىرسىگە موھتاج بولمايسەن.

▲ مەجبۇرىي قىلىنغان ھۆرمەت — نەپرەتتۇر.

▲ ئۈمىد — سەۋرچانلىق ئىچىدىكى ئازاب.

▲ ھەقىقەت كىمنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى كىمنىڭ يېڭىپ چىقىشىغا باغلىق.

▲ دۇنيادا ھەممىمىز ھەقىقەت ئىزدىگۈچى، بىراق ئارىمىزدىكى پەرق ھەقىقەتكە قويغان ئۆلچىمىمىز.

▲ كۈلكىنىڭ سەۋەبى ئىككى خىل بولىدۇ: ئېچىلىپ كۈلەمسىز ياكى ئېچىنىپ.

▲ ئەگەر ئادەم ھەر بىر ئىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا «ئىبرەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى يوقالغان بولىدۇ.

▲ ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلسىڭىز ئىززەت تاپىسىز، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلسىڭىز ھۆرمەت تاپىسىز. ئىككىسىنى بىرلەشتۈرسىڭىز قۇدرەت تاپىسىز.

▲ جاھاننىڭ سىرلىرىنى ئاچىمەن دېسەڭ، جاھاندىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرۇشۇڭ كېرەك.

— ئابدۇلكېرىم ئامانئەلى

---

ئاپتور: بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل — ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2004 — يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر يۇلتۇزلىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھاياتقا تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارايدىغانلارنىڭ تېلېسكوپى.

▲ كەڭ قورساقلىق — ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىگە يېڭى يول ئاچقانلىق.

▲ ئاقىللارغا بىر ئېغىز سۆز كەتمەيدۇ،
جاھىللارغا مىڭ ئېغىز سۆز يەتمەيدۇ.

▲ سەن ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقىنىڭدا، ھەرگىزمۇ كەينىڭدىكى نەرسىلەر چىرايلىق كۆرۈنۈپ، قاراپ قالما (سالما)، ئەڭ گۈزەل نەرسىلەر پەقەت ئالدىڭدىلا.

▲ ئادەم بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندا، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

— كېرىمجان ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: لوپنۇر ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3 — يىللىق 3 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھېس قىلىشىمچە، ئادەم يۈرىكىنىڭ ھەقىقىي يىغلايدىغان ۋاقتى ئىككى خىل بولۇشى مۇمكىن: بىرى، ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئىشلارغىمۇ مەجبۇرىي قوشۇلغان ۋاقتى؛ يەنە بىرى، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىدىن ئۈزۈل — كېسىل ئايرىلغان ۋاقتى.

— ئالىيەقىز تۇرسۇن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات كەسپى 2004 — يىللىق 3 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل تەرمەچلىرى

▲ ئاتوم بومبىسى چۈشكەن جاينىڭ تۇپرىقى ۋەيران بولسا، پىتنە — پاسات بومبىسى چۈشكەن جاينىڭ خەلقى ۋەيران بولىدۇ.

▲ دۈشمەنلىرىڭگە قۇۋلۇق قىلغانلار دانا ھېسابلانسا، قېرىنداش — بۇرادەرلىرىڭگە قۇۋلۇق قىلغانلار ئىبلىس ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئەمەلىيىتىڭگە قاراپ گەپ — سۆزىڭنىڭ قەدىر — قىممىتىنى، گەپ — سۆزىڭنىڭ قەدىر — قىممىتىگە قاراپ ئېتىقادىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

▲ مېۋىلەر قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ئۆز تەمىنى تاپسا، ئادەم جاپا — مۇشەققەتتە تاۋلىنىپ ئۆز قەدىر — قىممىتىنى تاپىدۇ.

▲ كامالەت ئىگىسى بولىمەن دېسەڭ، سېنىڭدە ئۆز قېرىنداشلىرىڭنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرەلەيدىغان كەڭ قورساق، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىيالايدىغان ئىلىم — بىلىم، بېشىغا كۈن چۈشسە ھاجىتىدىن چىقالىغۇچىلىك مال — دۇنيا ... قىسقىسى، سېنىڭدە قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگۈچىلىك چىدام — غەيرەت ۋە سەۋر — تاقەت بولۇشى كېرەك.

▲ سىناقتىن ئۆتمىگەن ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلاش بىر بولسا پىداكارلىق، بىر بولسا ھاماقەتلىك.

▲ يالغانچى ئادەمدىن ساداقەت، ھەسەتخور ئادەمدىن دوستلۇق، ئىككىيۈزلىمچى ئادەمدىن ۋاپا كۈتكىلى بولمايدۇ.

▲ دانا كىشىلەرنىڭ بۈگۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەتىكى ئىشلىرىغا ئۇل سېلىش بولسا، نادانلارنىڭ بۈگۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەتىكى يولىغا ئورا كولاشتىن ئىبارەت.

▲ ئىبرەت ئالمىساڭ ئىبرەتلىك ئىنسانغا ئايلىنىپ قالىسەن.

▲ مېنىڭچە، دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ھەم ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشنى ئاخىرقى نەپەسكىچە داۋاملاشتۇرغان ئادەمدۇر.

▲ ئۆز ئىشىغا ئىز باسار يېتىشتۈرمىگەن ئادەمنىڭ ئىزى بولمايدۇ.

▲ يامان ئىللەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى، بىر بولسا ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى، يەنە بىر بولسا بىرنى ئىككى قىلىپ پاش قىلغانلىقتىن.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ھازىرقى بالىلىرىمىز ئويۇنچۇق ئادەملەر بىلەن جەڭ قىلىشقا ماھىر بولۇپ يېتىشمەكتە.

▲ ئىنسان ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چەك — بەلگىلىمىسى يوق.

▲ ھەدىسلا ئېيىبلەشنىڭ ئورنىغا بىرەر قېتىم ماختاشمۇ تۈزىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

▲ پۇرسەتنى قولدىن بېرىش نادانلارنىڭ، پۇرسەتنى كۈتۈش يېرىم نادانلارنىڭ، پۇرسەتنى يارىتىش دانالارنىڭ سەرگۈزەشتىسى.

▲ مايماق دەرەخنىڭ كۆلەڭگۈسى تۈز چۈشىدىغان چاغمۇ بولىدۇ.

▲ مەلۇم كەسىپتە تالانتى بار مېيىپلەرنىڭ ساغلام ئىنسانلار ئۈچۈن بەرگەن ئىجادىي تەربىيە قىممىتى كاتتا ئەسەرلەردىنمۇ چوڭراق.

▲ سەممىيەتكە توي‌ئۇنغىنى ئۈچۈن كىچىك باللارنىڭ گېپى تاتلىق بولىدۇ.

▲ سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز سىزنىمۇ ئوخشاشلا دۈشمەن، دەيدۇ. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى تالىشىدىغان نەرسە بىر-بىرىڭلارنى شۇنداق كۆرسەتكەن.

▲ تۇرمۇش - ئەبەدىي ناتونۇش يول.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، مۇقاۋىسىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ھېكمەت بار ئىكەن.

▲ مېنىڭچە، ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆز ۋەتىنىنىڭ كەلگۈسىگە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ قىممىتى تەڭ. چۈنكى ئاشۇ ئوقۇغۇچى ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى.

▲ ئاۋۋال سالاھىيەتلىك بولۇپ، ئاندىن سالاپەتلىك بولغان تۈزۈك.

▲ جاسارەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈمۈلىنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغان نەرسىلەرنى سۆرەپ ماڭغانلىقىغا قارىساقمۇ چۈشىنەلەيمىز.

▲ شەخسىيەتچىلىك كوللېكتىپ ئىچىدە يۈز بېرىدۇ؛ تەنھالىقتا شەخسىيەتچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

- ئالىم ياسىن

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تۇن تەگدىكى ئىزدىنىش ئۇچقۇنى

▲ ئەگەر بىرسى سىزگە ياردەم بەرسە، بۇ تەلىيىڭىز؛ ئەگەر ھېچكىم سىزگە ياردەم بەرمىسە، بۇ تەقدىرىڭىز سىنىقىدۇر.

▲ ئىت ئىتلىقىنى يوقاتسا ئادەم چىشلىمەيدۇ، ئەمما ئادەم ئادەمىيلىكىنى يوقاتسا بىر-بىرىنى يەيدۇ.

▲ شەھەرلەردىكى رېستورانلىرىمىز گويا ياۋروپاغا ئوخشىسا، نامرات يېزىلاردىكى بىلىم بۆشۈكى بولغان بەزى مەكتەپلىرىمىز بەئەينى ئافرىقىغا ئوخشاپ قالماقتا.

▲ بىر مىللەتنىڭ پەخرى - تاجدارلىرى بولماستىن، بەلكى مىللىي قەھرىمانلىرىدۇر.

▲ بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى - ئارمىيىسى بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ۋە تەنپەرۋەرلىرىدۇر.

▲ بەزىدە بىر تەرەپنىڭ كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەنلىكى، بارلىق نادانلارنىڭ شۇ تەرەپكە جۇغلىشىۋالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

- ئەبەيدۇللا ساتتار

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە كونىشەھەر رەستە ئاھالىلەر كومىتېتىدا

* * *

▲ مۇھەببەتنىڭ ئوڭ كۆزى جەننەت، سول كۆزى دوزاخ.

▲ تۇرمۇش بەخت بىلەن ئازابتىن تەركىب تاپقان تەسۋى.

▲ ھەر قانداق كىشى دۇنيانى كىچىكىپ چۈشىنىدۇ، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرگىمۇ كېچىكىپ ئېرىشىدۇ، بىر-بىرىنىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىدۇ، دېمەك دۇنيا كېچىكىش بىلەن تولغان.

▲ نۇرغۇن قىز يىگىت قەلبىنى ئۆتنە ئالالايدۇ، ناھايىتى ئاز قىزلارلا يىگىت قەلبىنى ھەقىقىي ئىگىلىيەلەيدۇ.

▲ ساختا دوستقا تاقابىل تۇرۇش ئاشكارا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىنمۇ قىيىن.

- بۇۋىمەرىيەم ئابلا (مارجانبۇلاق)

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە كونىشەھەر چارۋا مال دورىلىرى دۇكىنىدا

## كەل، مۇڭدىشايلى

▲ ئاجىزلارنىڭ غەلىبىسى ئۇزاققا بارمايدۇ.

▲ ھەقىقىي شېئىرلار بارچە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ۋەتىنى.

▲ ھەقىقىي بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۆز ئەجرىڭ ئارقىلىق ئاتا-ئاناڭنى بىر قېتىم ئىچ-ئىچىدىن كۈلدۈرۈپ باق.

▲ زېمىن ئۈستىدە مېڭىپ يۈرگىنىڭ يېرىم مەۋجۇدلۇقىڭ، تەپەككۇر قىلىپ يۈرگىنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇدلۇقىڭ.

▲ ئۈمىدسىزدىن ئۈمىد كۈتمە.

▲ باشقىلارغا ئۆز پىكرىڭنى ئىنىق-چۈشىنىشلىك قىلىپ بىلدۈرۈشمۇ ئەقلىڭنىڭ بىر قېتىملىق غەلىبىسى.

▲ باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىدا بىر مەزگىل مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.

▲ كۈچلۈكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى - باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرمەسلىك.

▲ بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى شۇ مىللەتنىڭ گىگانت شائىرلىرىلا يازالايدۇ.

- ياسىنجان ئەمەت

---

ئاپتور: خۇاڭخې پەن-تېخنىكا ئىنستىتۇتى تەييارلىق 2-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەبجەش تۇيغۇلار

▲ سىرىڭنى ئۆز تىلىڭ ئاچىدۇ، دۈشمەنلىرىڭ چاچىدۇ، يېقىنلىرىڭ ياپىدۇ.

▲ ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەھەردىن باشلىنىپ، يېزىغا ماكانلىشىدۇ.

▲ نامرات كىشى قانائەتچانلىقىدىن بەختكە ئېرىشكەن، پۇلدار كىشى نائىنساپلىقىدىن يېنىدىكى بەختنى مەڭگۈ بايقىيالمىغان بولىدۇ.

▲ باغلاقسىز كالىنىڭ باغلاقتىكى كالىنى ئۇسۇشى بىر ئادالەتسىزلىك بولۇپ، ئۇ خۇددى كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلغىنىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئوغۇل - ئانىسى بىلەن ئايالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشىگۈچى ئەڭ ياخشى تەمخۇرۇچ.

- مارىگۈل تۇرداخۇن

---

ئاپتور: كونەس ناھىيە تالدى بازار دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ خادىمەسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ باشقىلارنىڭ ساڭا ھەسەت قىلىشى ئەمەلىيەتتە سېنىڭ ئىقتىدارلىقىڭنىڭ، باشقىلارنىڭ ساڭا نەسىھەت قىلىشى ئەمەلىيەتتە سېنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىڭنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

▲ باشقىلار ئىشلەپ ھارمايدۇ، بىز بولساق سۆزلەپ ھارمايمىز. شۇڭا باشقىلاردا ھەممە تەل، بىزدە ھەممە چەل.

▲ توقلۇقتىن بىر بولسا شوخلۇق، بىر بولسا ھۇرۇنلۇق كېلىپ چىقىدۇ.

▲ باشقىلارنى تولا رەنجىتىدىغان ئادەم بىر بولسا ئۆز ئېتىقاد ـ ۋىجدانى بويىچە قەتئىي تەۋرەنمەي ئىش قىلىدىغان ئادەم؛ بىر بولسا پەقەت ئۆز ئېتىقاد ـ ۋىجدانى بويىچە ئىش قىلمايدىغان ئادەمدۇر.

▲ ئادەملەرنىڭ ماھىيىتى بىرى مەنپەئەتكە ئېرىشىشتىن بۇرۇن، بىرى مەنپەئەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

▲ قانائەتچان ئادەملەر شادلىقتىن، ئىتائەتچان ئادەملەر ئازابتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

▲ مېھمىنى كۆپ ئادەم بىر بولسا قولى ئوچۇق ـ سېخىي ئادەم، بىر بولسا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان خۇشامەتچى ئادەمدۇر.

▲ قايسى ئەل ـ قايسى يۇرتتا دانالار ئاز بولسا، شۇ يەردە جاپا ـ مۇشەققەت، جېدەل ـ ماجىرا كۆپ بولىدۇ.

▲ دائىم «خۇدايىم بۇيرۇسا» دەيدىغان ئادەملەر بىر بولسا ھەمىشە خۇدانى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەم؛ بىر بولسا مۇستەقىل بىر ئىش قىلالمايدىغان، ھەمىشە «خۇدا» نى شىپى كەلتۈرۈپ، جېنىنى جان ئېتىدىغان ئادەمدۇر.

▲ دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ قانداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ، تۈرمە بىلەن مەكتەپنىڭ، دوختۇرخانا بىلەن باغچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ باق.

▲ چەت ئەل تىلىدا ئوقۇيدىغان ئادەم بىر بولسا «غەربلىشىپ» كېتىدۇ، بىر بولسا تېخىمۇ بەك مىللىيلىشىپ كېتىدۇ.

▲ پۇلدارلار ـ بايلار بىر بولسا كىشىگە قىل چاغلىق نەرسە ئۆتكۈزمەيدىغان پىخسىقلار؛ بىر بولسا كاللىسى ئىشلەيدىغان، ئەقىللىق، ئىشچان كىشىلەردۇر.

▲ ھاياسىز قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرغان يىگىت ھامان بىر كۈنى بىر بولسا باشقىلارنىڭ، بىر بولسا ئايالىنىڭ، يەنە بىر بولسا ئۆز ـ ئۆزىنىڭ قاتىلى بوپقالىدۇ.

▲ «ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە» دېگەن يەكۈن ئىمان ـ ئېتىقادى سۇس، ۋىجدانسىز، ئىرادىسىز كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈندۇر.

▲ جېدەل ـ ماجىرا نادانلىق بىلەن تەڭسىزلىكنىڭ كۆلەڭگۈسىدۇر.

▲ قىز دېمەك پاك دېمەكتۇر.

▲ كىشىلىك تۇرمۇشتا چاقچاق قىلىشقا بولمايدىغان ئىككى ئىش بار: بىرى، مۇھەببەت، يەنە بىرى قانۇن؛ بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىگە چاقچاق قىلغان ئادەم ئۆمۈر بويى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

▲ ھەممە نەرسىنىڭ قەدرى قولدىن كەتكەندە ئۆتۈلىدۇ.

▲ دۈشمەن كۆڭۈلنى ئايىمايدىغانلار ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى ھەدېسە كۆڭۈل ئايايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ.

▲ بار گەپنى قىلدىڭ غەيۋەت قىلدىڭ،
يوق گەپنى قىلدىڭ تۆھمەت قىلدىڭ.

▲ «خەق بىلەن نېمە كارىم» دېگۈچىلەر ھەقىقىي شەخسىيەتچى كىشىلەردۇر.

## كۆچۈرمىكەشلەر

▲ ئېتىقاد سۇسلاشقان ئەلدە ئەرلەر نائىنساپلارغا ئايلانسا، ئاياللار نائىلاجلارغا ئايلىنىدۇ.

ـ مەھمۇتجان ياتاق

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 2 ـ سان)

▲ ئېتىقاد سۇسلاشقان ئەلدە ئەرلەر نائىنسابلارغا، ئاياللار نائىلاجلارغا ئايلىنىدۇ.

ـ بۇۋىقارىيە ئابلىز

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 5 ـ سان)

▲ دېھقان (دىخان) ـ خان ئاتىلىپ تۇرۇپ ئەڭ جاپا چېكىدىغان ئىنسان.

ـ ھاشىمجان رەھمەت

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 4 ـ سان)

▲ دېھقان ـ «خان» ئاتىلىپ، ئەڭ كۆپ جاپا تارتىدىغان ئىنساندۇر.

ـ مۇھەممەتجان توختى

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 5 ـ سان)

مانا بۇ، «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» دېگەن گەپنى ئاڭلىماي، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئادەم ياقتۇرۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان سىرداش دوستىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىنغان كۆچۈرمىكەشلىكتۇر.

ـ ئابدۇغەنى توختى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

* * *

▲ پەرزەنت ـ ئاخشامقى سۆيگۈنىڭ مېۋىسى، بۈگۈنكى تۇرمۇشنىڭ گۇۋاھچىسى، ئەتىكى دۇنيانىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى.

ـ تۇرسۇنجان ھەسەن

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى


▲ بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان رىقابەت دەۋرى، بىزنىڭ بۈگۈنكى «كونا ئادەم» ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ قويىدى.

ـ ئاپپاشا مامۇت

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# ئۈركۈگەك تايلار نەگە كەتتى؟

ئابدۇۋاهىد مەتنىياز ئەمىن

1

«ئەركىنلىك ئادەمنىڭ روهىي ماهىيىتىدۇر» ① .

ـ ۋاڭ چىڭشى

دەسلەپكى ئىنسانلار يېمەكلىك ئىزدىگۈچى بولۇپ، مەلۇم توپ ئىچىدىكىلەر نىسبىي هالدا باراۋەر ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. يېزا ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ئۇلار يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچىغا ئايلاندى. ساقلانما يېمەكلىكلەر كىشىلەردە خۇسۇسىي مۈلۈك ئېڭى شەكىللەندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەسلىدىكى پاراللېل مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، سىنىپ يەنى ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچى قاتلام شەكىللەندى.

ئىنسانلار يارالغاندا ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئۆزۈمچىللىككە ياتىدىغان ئېلېمېنتلار قوشۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭىمۇ، خۇسۇسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش ئەقلىي رەۋىشتىكى ئىنساننىڭ تەبىئىلىكىدۇر. سىنىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلار تەرەققىياتىدىكى تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادنىڭ جۇغلىنىشى، مەدەنىيەتنىڭ كېڭىيىشى، سىياسىي هاياتنىڭ باشلىنىشى، هەزارەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۆهپىسى كۆرۈنەرلىك بولسىمۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىكتىن ئىبارەت چوڭ بىر ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەيدا قىلدى. ئىنسانلاردا تەبىئىي بولۇشقا تېگىشلىك بولغان زۆرۈر دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بۇ قايتىپ بىرىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى چەكلىدى. چۈنكى دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك دېگەنلىك بەلگىلىك هوقۇق بولۇش ۋە بۇ هوقۇق تەشكىلىي جەهەتتىن قوغدىلىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئۇ ماهىيەتتە شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق ئىرادىسىدىن خالىي رەۋىشتىكى مۇستەقىل كەيپىياتىنى كۆرسىتىدۇ. شەخس ئەركىنلىكى، بىر ئادەمنىڭ باشقا بىر ئادەم ياكى كوللېكتىپنىڭ ئىستىبداتلىق (ئۆز بېشىمچىلىق) بىلەن ئىرادىسىنى تېڭىشىغا ئۇچرىماسلىقى، كۆڭلىدە مەجبۇرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولماسلىقىدىن ئىبارەت. ئەركىنلىكنىڭ قارشى ئۇقۇمى زورلۇق ـ مەجبۇرلۇقتۇر. مەجبۇرلۇقنىڭ ماهىيىتى شۇكى، زورلانغۇچى زورلىغۇچى نەزەرىدە كۈچسىز، ئىدىيىسىز، ئۆزىنى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ئادەم ياكى زورلاپ تۇرمىسا زورلىغۇچىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. باشقىلار زورلانغۇچىنى پەقەت زورلىغۇچىنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قورالى دەپ بىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، زورلۇق مۇهىتى ئىچىدىكى ئادەمنىڭ ئەهۋالى باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. مەجبۇرلانغۇچى تېخىمۇ چوڭ خەتەرگە يولۇقماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە ئىش قىلالمايدۇ، پەقەت زورلۇق ئىشلەتكۈچىنىڭ مەقسىتىگە بويسۇنىدۇ. بويسۇنۇشتىن باشقا تاللاش هوقۇقى بولمايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئاقىۋەت شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشلىتەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ نىشانى ۋە ئېتىقادى بويىچە ئىش قىلالمايدۇ.

ئادەمنىڭ ئەركىن بولالماسلىقىنى ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، ئىجتىمائىي مۇهىت، ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە بىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق سەۋەبلەرگە باغلاپ چۈشىنىش مۇمكىن. ئادەم بەك نامرات بولىدىكەنتە، كۆپىنچە ئەهۋالدا ئۇنىڭ ئەس ـ يادى قورساق ئېهتىياجىغىلا مەركەزلىشىپ قېلىپ، مەنىۋى قىممەت هېسابلانغان

## زامان تەقەززا پىكىرلەر

ئەركىنلىك مەسىلىسى يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھاياتلىق ئېھتىياجى پەقەت ماددىي قىممەت ئارقىلىقلا ساقلىنىپ، مەنىۋى ئېھتىياجنى تاشلىۋېتىدۇ؛ ئىجتىمائىي مۇھىت دېگەنلىك جەمئىيەت تۈزۈمى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئەخلاق ئادەتلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى بولۇپ، بۇلار ئەگەر مەلۇم بىر جەمئىيەتتە نوپۇزنىڭ ھامىيلىرىغا ئايلىنىپ قالسا، ئادەمنىڭ ئەركىن بولالىشى تەس؛ ئادەملەرنىڭ بىلىم ساپاسى تۆۋەن بولسىمۇ، دېموكراتىيىنىڭ «تەمى»نى بىلمەيدۇ. قەدىمكى كىشىلەر ئىپتىدائىي ئېھتىياج ھېسابلانغان قورساق غېمىدىن ھالقىپ، زۇلۇمنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى، باراۋەرسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىسراپچىلىق ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى، دېموكراتىيىنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلغۇدەك بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەت تۈزۈمىگە قارىتا بەلگىلىك قارشىلىق روھى پەيدا بولدى. نەتىجىدە نۇرغۇن قېتىملىق قان تۆكۈش، مىڭلىغان ـ مىليونلىغان كىشىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلىشلىرى بەدىلىگە دۇنياۋى ئاتاقتا ئىگە مەشھۇر قۇللار قوزغىلاڭلىرى، تۈرلۈك ئىنقىلابلار بولدى. بۇنداق ھەرىكەتلەر ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى باراۋەرلىك، ھەققانىيەت، دېموكراتىيىگە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇنداق ئىنقىلاب ـ قوزغىلاڭلار نۇرغۇن ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشىغا، سىياسىي ئىسلاھاتلارغا سەۋەب بولدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك ئۇقۇملىرى دۇنيانىڭ بارلىق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ سىياسىي مەشغۇلاتلىرىدا دائىم تىلغا ئالىدىغان مودا سۆزگە ئايلاندى. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىدا بۇ ئۇقۇملارغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىلدى. ئۇ ئىلغار جەمئىيەت مۇھىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسىگە ئايلاندى. تېخىمۇ مۇھىمى، دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك مەسىلىسى ئادەملەردىكى ئەقلىي كۈچ، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ قاناتلىنىشىدا زور قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ زۆرۈر كىشىلىك ھوقۇقى قاتارىدا قارىلىپ، 1948 ـ يىلى 10 ـ دېكابىر ب د ت قۇرۇلتىيىنىڭ ( Ⅲ ) 217A نومۇرلۇق قارارىدا «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. ھازىر، ھەر قانداق بىر قانۇنلۇق دۆلەت پۇقراسىنىڭ ئۆزىدە قانداق مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقنىڭ بولۇشىنى بىلىشكە قىزىقىشى نورمال ئىشتۇر.

ئوتتۇرا جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، دوكتور ۋاڭ چېڭشىن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، كىشىلەردىكى زۆرۈر دېموكراتىيىلەر ئاساسلىقى ئىدىيە ئەركىنلىكى، تاللاش ئەركىنلىكى، ئېتىقاد ئەركىنلىكى، گۈزەللىك ـ ئېستېتىك ئەركىنلىكى، چۈشىنىش ئەركىنلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئىدىيە ئەركىنلىكى پىكىر قىلغاندا ياكى كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەندە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئاۋارە قىلىشى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقىغا قارىتىلغان» ②. «ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئادەم ئەركىن بولالمايدۇ» ③. «ئىدىيە ئەركىنلىكى جەمئىيەت يول قويىدىغان ئىدىيە ئەركىنلىكى كەيپىياتى ـ مۇھىتى؛ شەخسنىڭ ئىدىيە ئەركىنلىكىنى ئىپادە قىلىشنى خالىشى، ئىلىم تەتقىقاتىدىكى تېما تاللاش ۋە ئېلان قىلىش ئەركىنلىك ھوقۇقى قاتارلىق ئۈچ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە» ④. «بۇ ئۈچ نۇقتا ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەتنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىدىيە ئەركىنلىكىنى سىغدۇرۇش دەرىجىسى ۋە شەخسنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۇنىڭغا ماسلىشىشتا يەتكەن سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» ⑤. «ھەر قانداق ئەھۋالدا، ئىجتىمائىي ئالاقىدىن ئايرىلغان ئىدىيە ئەركىنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىدىيە ئەركىنلىكىنىڭ سەۋىيىسىگە پەقەت جەمئىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىلا، ئاندىن مەنىۋى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بىز ئەزەلدىن ئىدىيە ئەركىنلىكىنى مۇتلەق، شەرتسىز بولىدۇ، دەپ قارىمايمىز» ⑥. ئىلىم بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي ئىزدىنىش بىر خىل ئىلىم ئەركىنلىكى (学术自由) بولۇپ، ئۇمۇ ئىدىيە ئەركىنلىكى ئۇقۇمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

«تاللاش ئەركىنلىكى مەنىۋى ئەركىنلىكنىڭ رېئال ئىپادىسى، شۇنداقلا، ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك قىممەت ئېڭى ۋە نېگىزلىك ھوقۇقتۇر» ⑦. «تاللاش شەخسنىڭ مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتى، ئۆلچىمى ۋە بۇرچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسئۇلىيەت ۋە قىممەت قائىلىمىنى تەرك ئەتكەن، چەتكە قاقىدىغان نوقۇل تاللاش ئەركىنلىكى مەۋجۇد ئەمەس ياكى بۇلار ئەركىن تاللاش دەپ ئاتالمايدۇ، ئەكسىچە مەقسەتسىزلىكتۇر، خالاس» ⑧. «ئەگەر، ئەركىنلىك توغرا چۈشىنىش ۋە مۇقەررەرلىككە ئىشىنىشكە قارىتا نىسبىي چۈشىنىلسە، تاللاش قىممەت ئۆلچىمى ۋە مەقسەتنىڭ چەكلىمىشىدىن ئايرىلالمايدۇ» ⑨. «بۈگۈن ‹دۇنيا سىستېمىسى› دىكى مەدەنىيەت ۋەزىيىتى شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇ، ئادەملەردە تېخىمۇ زور بولغان پائالىيەت ماكانى ۋە تاللاش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر» ⑩. «ئەركىن تاللاش مەقسەت، قىممەت ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، ئەڭ مۇۋاپىق تاللاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەكلى ۋە جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، مۇتلەق تاللاش ئەركىنلىكى مەۋجۇد ئەمەس» ⑪. «مەسئۇلىيەتنى چەتكە قاقىدىغان، مەجبۇرىيەت ئېڭىنى كەمسىندۈرىدىغان ھەر قانداق تاللاش، ئاقىۋەتتە بەربىر خاتادۇر. خاتا تاللاش بىر خىل ئەركىنلىكسىز ياكى ئەركىنلىككە ئېلىپ بارالمايدىغان تاللاشتۇر. شۇڭا، ئەركىن تاللاشنىڭ مەنىۋى قىممەت ھالقىسى ‹تاللاش› ئەمەس، بەلكى، ‹ئەركىنلىك›تە» ⑫. «ھەر قانداق ئىجتىمائىي شارائىتتا، شەخسنىڭ ئەركىن تاللىشى ئەڭ نېگىزلىك، شۇنداقلا، ساغلام جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ نېگىزى» ⑬. شەخسنىڭ ئەركىن تاللىشى مەنىسىدىن ئالغاندا، توغرا تاللاش مۇنداق ئۈچ خىل شەرت ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ: بىرىنچى، مۇقەررەرلىكنى تونۇش ۋە ئىگىلەش: «مۇقەررەرلىك، تەبىئەت قانۇنىيىتىنى تونۇش ۋە ئىگىلەش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلەش مۇساپىسى ۋە يۆنىلىشىنى تونۇش ۋە چۈشىنىش، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكارسىزلىقىنى تونۇشتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلام مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» ⑭. مۇقەررەرلىككە خىلاپ تاللاش ئادەمنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ؛ ئىككىنچى، قىممەتنى تونۇش ۋە چۈشىنىش: «كونكرېت شەخسكە نىسبەتەن ئالغاندا، تاللاش چوقۇم بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلە، ئەگەر بۇ خىل قىممەتنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ياكى تېخىمۇ كەڭ ئارقا كۆرۈنۈش، مۇھىتقا قويۇپ قارىغاندا، يەنىلا قىممەتكە ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقىدا. مانا بۇ، قىممەتكە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمىدۇر» ⑮. ئومۇمەن ئېيتقاندا، «ئادەم ھەرىكىتىنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىشتا، شەخس، جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتا قىممەتكە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئۆلچەم قىلىنىدۇ، ئادەمنىڭ قىممىتىنى چۆرىدەش ئۇنىڭ يادروسىدۇر. ھەر قانداق قىممەت ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ قىممىتىنى ھۆرمەتلەش بولۇشى كېرەك» ⑯؛ ئۈچىنچى، تاللىغۇچىنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارى: «تاللاش ھەمىشە ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كونكرېت ھەرىكەتتە بولمىغان تاللاش

بولمايدۇ...ھەربىر كەتنىڭ ھەممىسى شەخسنىڭ ساپا ـ ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ»[17]؛ «ئېتىقاد ئەركىنلىكى بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى تۇۋرۇكى، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى»[18].

ۋاڭ چېڭشىن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «ئېتىقاد ئەركىنلىكى بىلەن تاللاش ئەركىنلىكى پەرقلىق بولۇپ، ئېتىقاد ئەركىنلىكى تاللاش ئەركىنلىكىدىن كېلىدۇ. ئۇ تاللاش ئەركىنلىكىنىڭ مەنىۋى ئۇزارتىلمىسى، شۇنداقلا، تاللاش ئەركىنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بىراق، ئېتىقاد ئەركىنلىكى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەنىۋى ئەركىنلىك دەرىجىسىدۇر. تاللاش ئەركىنلىكى بولسا، مەنىۋى ئەركىنلىكنىڭ رېئاللىششىدۇر»[19]. «ئېتىقاد ئەركىنلىكى تاللاش ئەركىنلىكىگە قارىغاندا مەنىۋى ئەركىنلىكنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىدۇ. ئۇ، شەخستە تېخىمۇ رېئاللىششى مۇمكىن»[20]؛

گېگىل: «ئادەم پەقەت گۈزەللىكتىلا ھەقىقىي ئەركىنلىككە يېتەلەيدۇ»[21] دېگەنىدى. «گۈزەللىك تۈپ ماھىيەتتىن ئالغاندا پايدا ـ مەنپەئەتتىن ھالقىپ كېتىدۇ. مەنپەئەتنىڭ تەسىرى بولمىغان شارائىتتا، ئادەملەر ئەركىنلىكنىڭ مەنىسىنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلالايدۇ. بۇ يەردىكى ئېستېتىك ئەركىنلىك گۈزەللىك ـ سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش باسقۇچىدا توختاپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ يۈكسەك بولغان مەنىۋى مەنزىلى، ھاياتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ناماياندىسىدۇر»[22]. شۇڭا، ئادەمدە زۆرۈر ئېستېتىك ئەركىنلىك بولۇشى كېرەك.

ئۆزى بىلمىگەن شەيئىلەرنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىش ساغلام ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدۇر. شۇڭا، «چۈشىنىش ئەركىنلىكى روھنىڭ ماھىيىتىدۇر»[23].

ھالبۇكى، بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئەركىنلىكنى كۈچ، ئىرادە، سىياسىي جەھەتتىن خاتا چۈشىنىۋالىدۇ. ئۇلار ئەركىنلىكنى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئويلىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك كۈچى، دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئەركىنلىك دېگەنلىك قىلىشنى ئويلىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىقتىدار. يەنى، بىزنىڭ ئارزۇيىمىزنى قانائەتلەندۈرىدىغان كۈچ ـ قۇدرەت. بۇ خىل قاراش بويىچە، ئەركىنلىك كۈچ ـ قۇدرەت، ئىقتىدار بىلەن باراۋەر. شۇنداق قىلىپ، بىز ئەركىنلىككە نەزەر سالغىنىمىزدا، قوش بولۇپ ئەركىن ھالەتتە نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كېتىشنى، ئۆزىمىزنىڭ ياقتۇرۇشى بويىچە ئۆز مۇھىتىمىزنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايمىز. بۇنىڭ بىلەن، ئەركىنلىك چۈشەنچىسى كېڭىيىپ، بايلىق مەنىسىگىمۇ ئىگە بوپقالىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ مۇمكىن ئەمەس. غەربلىكلەر بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرى بىلەن مۇستەملىكىچى بوپكەتكەن. كىشىلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە يەنە ئەركىنلىك ئىرادە بىلەن باراۋەردۇر. ئەمەلىيەتتە، ئىرادىدىكى ئەركىنلىك سۇبيېكتىپ ئەركىنلىك بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىسا، ئۇ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلدىمەن دەپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا ئۇ كەيپىياتنىڭ قۇلى بوپقالىدۇ. بۇنداق ئادەمنى ھەرگىزمۇ ئەركىن ئادەم دېيىشكە بولمايدۇ. ئادەم بىر ئىشنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا خۇراپىيلارچە چوقۇنسا، بۇ ئادەممۇ ئەركىن ئادەم بولالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىلىم كىشىنى ئەركىن قىلىدۇ. بىر ئادەم بىرەر مەسىلىگە نىسبەتەن، چوڭقۇر بىلىش ئاساسىدا مەلۇم بىر خىل ھەل قىلىش پىلانىنى تاللىسا، بۇ بىر خىل پايدىلىق ئەركىنلىك بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر ئادەم ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا مەجبۇرلاپ تاڭسا، بۇ ئىرادە ئەركىنلىكى زىيانلىق ئەركىنلىك بولىدۇ. ئادەم ئەگەر يەنىلا بىلىم ئادەمنى ئەركىنلەشتۈرىدۇ، دەپ قاراپ يەنىلا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇپ، ئادىمىيلىكتىن چەتنىسە، ئەركىنلىكنى ئاسانلا يوقىتىدۇ؛ كىشىلەر يەنە ئەركىنلىكنى چەكسىز بولغان سىياسىي ئەركىنلىك ئۇقۇمىغا كۆتۈرۈپ باقىدۇ. ۋەھالەنكى، سىياسىي ئەركىنلىك ئۇقۇمى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتنى تاللىشىغا، قانۇن تۈرغۈزۈش جەريانىغا ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارىتىلغان. سىياسىي ئەركىنلىك كىشىلەرگە كوللېكتىپ ئەركىنلىك بېرىدۇ. مىللىي ئەركىنلىك بىر خىل سىياسىي ئەركىنلىك، كىشىلەر سىياسىي ئەركىنلىك بولغاندىلا، شەخسىي ئەركىنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، سىياسىي ئەركىنلىكى بار ئادەمنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى ناتايىن. دېمەك، ئەركىنلىك كونكرېت ئۇقۇم. ئۇ، ھەر بىر ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شەخس ئەركىنلىكى شەخسنىڭ كۈچ ياكى ئىقتىدار ئەركىنلىكى، ئىرادە ئەركىنلىكى ئەمەس. مۇتلەق ئەركىنلىك مەۋجۇد ئەمەس. ئەركىنلىك بارلىق ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. ئۇ بارلىق نۇقسان ۋە يامان ئىشتىن ساقلىنىشنىڭ كاپالىتىمۇ ئەمەس. ئەمما، مەجبۇرلاش بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى بىتچىت قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، مەجبۇرلاش بىر خىل رەزىللىك. ئۇ، ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى توسىدۇ. جەمئىيەت ئۇچۇن ئەڭ يۇقىرى تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىنى چەكلەيدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق ئادەمدە زۆرۈر، توغرا كىشىلىك ئەركىنلىك بولۇشى كېرەك. توغرا كىشىلىك ئەركىنلىك بەلگىلىك بىر جەمئىيەتتىكى قانۇنىي ئەزادا بولۇشقا تېگىشلىك ئەركىنلىكتۇر. ئۇ ماددىي قانائەتتىن مەڭگۈ ئۈستۈن تۇرىدىغان روھىي قىممەتتۇر. ئۇنۇملۇك دېموكراتىيە تەلىپى مەدەنىيلىشىشتىكى ئورتاقلىقتۇر.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ دېموكراتىيە مەسىلىسى ناھايىتى تېزلا مائارىپ ساھەسىگە تەتبىقلىنىپ، ئىلغار مائارىپنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ بىرى بوپقالدى. «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دا: «مائارىپنىڭ مەقسىتى ئادەملەرنىڭ خاسلىقىنى مۇكەممەل تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە ئىنسانىي ھوقۇق ۋە نېگىزلىك ئەركىنلىكنى ھۆرمەت قىلىشنى كۈچەيتىشتۇر. مائارىپ دۆلەتلەر، ئىرقلار ياكى دىنىي تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى، سىغدۇرۇشنى، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشى...كېرەك»[24] دېيىلگەنىدى. 1989 ـ يىلى ب د ت نىڭ 44 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا «باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» ماقۇللاندى. جۇڭگودىمۇ 1990 ـ يىلى 29 ـ سېنتەبىردە بۇ ئەھدىنامىنى تەستىقلىدى ۋە 1992 ـ يىلى 1 ـ ئاپرېلدىن باشلاپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ئىنتايىن ئەپسۇسكى، بىز بۈگۈنگىچە مائارىپتا دېموكراتىيە ئۇقۇمىنىڭ نېمىلىكىنى تازا ئاڭقىرالمايلا قالماي، دېموكراتىيىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ھەققىدىمۇ زۆرۈر قاراشلارغا ئىگە بولالمىدۇق. ئىجتىمائىي سورۇنلاردا «دېموكراتىيە»، «ئەركىنلىك» ئۇقۇملىرى تىلغا ئېلىنسا، نۇرغۇن كىشى تۆت ئەتراپىغا بويۇنداپ قاراپ كېتىشىدۇ. بۇ ئۇلاردىكى تەشۋىش ئېڭىنىڭ بېشارىتى. ماھىيەت شۇكى، ئۇلار دائىم ئەركىنلىك بىلەن ئەركىنلەشتۈرۈشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە نېمىنىڭ دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك ئىكەنلىكىنى ئىلمىي چۈشىنىش ئارىمىزدىكى چوڭلارنىڭ تۇرمۇشى، خىزمەتلىرى، تۈرلۈك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى مائارىپنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇش ئۈچۈنمۇ مۇھىمدۇر.

2

«مەكتەپكە نىسبەتەن قورقۇتۇش، زوراۋانلىق ۋە نوپۇزغا تايىنىپ خىزمەت قىلىش ئەڭ يامان ئۇسۇلدۇر. بۇ خىل ئۇسۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ساغلام ھېسسىياتىنى، سەممىيىتىنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى ئىنائەتچان قىلىۋېتىدۇ»㉕ .

— ئېينشتېين

«تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر قېتىملىق ئەقلىي ئىقتىدار سىنىقى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، نەق مەيدان كۆرۈنۈشىنى پۈتكۈل دۆلەتكە تارقاتتى...

ئۇلار تېلېكامېرالىرىنى ئېلىپ بىر ئىدارىگە كەلدى ۋە ئورگان خادىملىرىدىن سىناش ئېلىپ باردى. رىياسەتچى دوسكىغا بور بىلەن يۇملاق بىر «0»نى سىزىپ سورىدى:

— كۆپچىلىك، جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار، بۇ نېمە؟

يۇقىرى بېسىملىق سىماب چىراغ يورۇتۇلغان بولۇپ، تېلېكامېرا ئورگان خادىملىرىنىڭ يۈزىگە توغرىلانغانىدى. مۇخبىرلار مىكروفوننى كىم سۆزلىسە شۇنىڭ ئېغىزىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى. خادىملار دوسكىدىكى «0»گە قاراپ جىمجىت كەتتى. بۇ زادى نېمە گەپتۇ؟ كۆڭلىدە ھېچقانداق مۆلچەر يوق ئىدى. جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. تېلېكامېرا توختىماي سۈرەتكە ئېلىۋاتاتتى. ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەمدۇ؟ بۇ بەك غەلىتە ئىشقۇ؟ بۆلۈم خادىمى بۆلۈم باشلىقىغا كۆرسەتمە سورىغاندەك قارىدى. بۆلۈم باشلىقى يېنىدىكى قىياپەتتە باشقارما باشلىقىغا قارىدى. باشقارما باشلىقى ئىدارە باشلىقىغا قارىدى. ئىدارە باشلىقى ئادىتى بويىچە كاتىپىغا سەپ سالدى. بۈگۈن بۇ چىرايلىق قىز كاتىپقا چاتاق بولغانىدى. ئۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويدى. ئۇ شۇ تاپتا سۈرەتكە ئېلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئىدارە باشلىقى كاتىپىنىڭ «دوكلاتى»نى ئاڭلاپ، ئاچچىقلانغان ھالدا دېدى:

— كەچۈرۈڭ، بۇ ئىشنى ئاۋۋال ئۇقتۇرمايسىز، تەتقىق قىلماي تۇرۇپ سىلەرنىڭ سوئاللىرىڭلارغا قانداقمۇ خالىغانچە جاۋاب بېرەي؟

ئۇلار سىناق ئېلىپ بارىدىغان ئىككىنچى گورۇپپا ـ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتى سىنىپىغا كەلدى. چىراغلار يورۇتۇلغان، تېلېكامېرالارمۇ تەق ئىدى. رىياسەتچى ئوخشاشلا، دوسكىغا «0» نى سىزىپ سورىدى:

— كۆپچىلىك، بۇ نېمە؟

سوغۇق كەيپىياتتا يېرىم مىنۇت ئۆتتى. تەكەببۇر ستۇدېنتلار تۇيۇقسىزلا كۈلۈشۈپ چۇقان سالدى:

— بۇ قانداق سوئال؟ ستۇدېنت تۇرۇپ يەنە ئىمتىھان بېرىدىكەنمىزمۇ؟

— ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، مازاق قىلغانلىققۇ بۇ؟

— ئەخمەقلەرلا سىلەرنىڭ بۇ سوئاللىرىڭلارغا جاۋاب بېرىدۇ!

— قالايمىقان سۆزلىمەڭلار ـ ھە، ئۇلار ئاۋاز ئېلىۋاتىدۇ!

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچىنچى گورۇپپا ئىدى. ئىمتىھاندا دائىم بىرىنچى بولىدىغان بىر «ئەلىيۇلئەلا» ئوقۇغۇچى قائىدە بويىچە قول كۆتۈردى، ئاندىن دوسكىدىكى «0»نى كۆرسىتىپ:

— بۇ بىر نۆل، ـ دېدى.

رىياسەتچى سورىدى:

— ئۇنىڭ دېگىنى توغرىمۇ؟

— توغرا، ـ دېدى ھەممەيلەن بىردەك.

— يەنە باشقا جاۋابى يوقمۇ؟ كۆپچىلىك ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭلارچۇ!

بىر كەپسىز ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئورنىدىلا جاۋاب بەردى:

— بۇ، ئو! ئىنگلىز تىلىدىكى «O»، ھەرپى!

سىنىپ مۇدىرى ئۇنىڭغا ئالقىش قويدى.

— ئۇنىڭ دېگىنى توغرىمۇ؟ ـ دېدى رىياسەتچى.

تۆتىنچى گورۇپپا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنىڭ بالىلىرى ئىدى. ئۇلار دوسكىدىكى شەكىلنى كۆرۈپ بەك روھلىنىپ كەتتى. بەس ـ بەس بىلەن قول كۆتۈرۈپ چۇرقىراشتى:

— بۇ بىر ئاي!

— ئاي قانداق بولىدۇ؟ ـ سورىدى رىياسەتچى.

— دوسكا بولسا ئاسمان، ئاسمان قاراڭغۇلاشتى. ئاي ھەم ئاق، ھەم يۇملاق!

— بۇ بىر تىكتاك توپ!

— تۇخۇم.

— لى يۇنىڭ ئاغزى! ئۇ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ!

سىناق ئاخىرلاشتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ نومۇرنى رەسمىي تارقاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ قەلبىنى مۇنداق بىر سوئال چۇلغىۋالغانىدى. ‹ ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى قانداق يوقىلىدۇ؟›» ㉖ .

جاۋ دەن ئىسىملىك ئاپتورنىڭ قەلىمىدىكى بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىدىن خېلى كۆپ ئوقۇرمەنىمىز خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھېكايىدىكى چوڭلار تەسەۋۋۇر كۈچى ئۆلگەنلەر، يېشى ئەڭ كىچىكلەر دەل تەسەۋۋۇر كۈچى ئەڭ جۇشقۇنلار بولۇپ، ئۇلار قانداقتۇر بىراۋنىڭ جىملىشى ـ باشقۇرۇشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان. ئۇلار ئاشۇ يېشىدىن باشلاپ مۇئەللىمنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا مەجبۇر. چوڭ بولغاندا بولسا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا تەسەۋۋۇردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇ ھېكايىدىن ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ھېس قىلالايمىز. تەسەۋۋۇر كۈچى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنىڭ ئاساسى. ھالبۇكى، مەكتەپ مائارىپى ئۇنىڭغا يول بەرمەيۋاتىدۇ. خۇاڭ پىڭ خۇلاسىلىگەندەك: «جۇڭگودىكى ئوقۇغۇچىلار نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان باراۋەرسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتۈش شەكلى جەھەتتىنلا بىلىمنى مەجبۇرلاش ۋاستىسى بىلەن سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئوقۇغۇچىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. فېئودال ئىدىيە ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ناچار ئوقۇغۇچىلارنى كەمسىتىدىغان، تەن جازاسى بېرىدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولدى»㉗ . فېڭ جيەنجۈن ئەپەندىنىڭ: «مائارىپ يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئەركىن تەرەققىياتىنى باسىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاس تەرەققىياتىنى ئۆلتۈرىدىغان باش جىنايەتچىگە ئايلاندى»㉘ دېگىنى شۇ بولسا كېرەك.

بىزنىڭ مىللىي مەكتەپلەردىمۇ بۇ خىل ھال ئۇزاقتىن بۇيان ئېغىر رەۋىشتە ساقلاندى. ئەقلىمگە كەلسەم، ئائىلىمىزدە ئۈچ ئاكام مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. ئوقۇۋاتقان چوڭ ئاكامنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىنتايىن زالىم ئادەم ئىكەن. ئاكام دەرستە ياخشى، بىراق كۈلگۈنچەكرەك ئىكەن. ئوقۇتقۇچىسى باشقا بالىلارنى يوقىلاڭ سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ئېغىزغا ئالغۇسىز مەينەت گەپلەر بىلەن تىللىغىلى تۇرسا ئاكامنىڭ كۈلكىسى قىستاپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن «سەن مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدۈڭ» دېگەن سەۋەب بىلەن مۇئەللىمنىڭ تايىقىنى يەيدىكەن. بىر قېتىم ھېلىقى مۇئەللىم ھەتتا ئۆز نەۋرە ئىنىسىنى يوقىلاڭ بىر ئىش بىلەن ئۇرۇپ، قۇلىقىنى يىرتىۋەتكەندىن كېيىن، چۈشۈرگىلى تۆت كۈنلۈك بولغان چېچىنى ئەتەي چۈشۈرۈپ قويۇپ، «ئاكام چېچىمنى ئالىمەن دەپ قۇلىقىمنى كېسىۋەتتى دەپ بارغىن» دېگەنىكەن. ئۇ چاغلار كوممۇنىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولغاچقا، بالىلار مەكتەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن باشقا تېزەك، قۇرت تېرىشتەك ئەمگەكلەرگە قاتنىشاتتى (بۇنداق ئىشلار

هازىرمۇ تۈگىگىنى يوق. ئۇ چاغدا چاشقاننى مۈشۈك تۇتاتتى. هازىر بىز تۇتىمىز). بالىلارنىڭ مۇئەللىمنىڭ ئۈستىدىن ئىنكاس قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەنمۇ چولاق بولۇپ ئوقۇشقا كىردىم ۋە تورۇسىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇرغان، بويىمىزدىن ئېگىزرەك جوزىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئوقۇپ باشلانغۇچنى تاماملىدىم. ئوقۇتقۇچۇم مېھرىباندەك قىلاتتى، بالىلارغا بەك كۆيۈنەتتى. مەنغۇ ئۇنىڭدىن تاياق يەپ باقمىغان. ئەمما بىر قېتىم باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ «تاماكا چەكتۇق» دەپ قۇرۇق غازاڭنى ئۇۋۇلاپ «شوراپ» قويغاندا، ھەممىمىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدىلا «مانا تاماكا چەككەن دېگەن» دەپ، گېزىتكە ئورالغان قۇرۇق گەندىنى يۇراتقۇزغان ئىشى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر قېتىم بىر قىز ساۋاقدىشىمىز ۋەدىسىدە تۇرماي تولا كېچىكىپ قالغاندا، «سېنىڭ ئېغىزىڭ بىلەن ھېلىقى يېرىڭنىڭ پەرقى يوقكەن، ئۆلچەپ باقمەن» دەپ، ئۇزۇن سىزغۇچنى كۆتۈرۈۋېلىپ، 20 نەچچە ئوقۇغۇچى (ئوغۇللارمۇ بار) ئالدىدا ھېلىقى قىزنىڭ ئىشتانبېغىنى ئۆزى مەجبۇرىي يېشىپ، ئىشتىنىنى چۈشۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى. بۇ ئىشنىڭ ئاشۇ قىز ساۋاقدىشىمنىڭ بالىلىق قەلبىدە قانچىلىك جاراھەت قالدۇرغىنىنى بىر ئۆزى بىلىدۇ. مەن دەرستە ياخشى، قولىقى يۇمشاق ئوقۇغۇچى بولغاچقا، سىنىپنىڭ «خوجىسى» ئىدىم. بالىلارنى باشقۇرىدىغان تايىقىم بار ئىدى. كېچىككەن، جىم ئولتۇرمىغان، دەرس ئۆگەنمىگەن... ئىشقىلىپ، مۇئەللىم بەلگىلەپ بەرگەن تۈزۈملەرگە يات ھەرىكەتلەرگە بۈركۈتتەك سەزگۈر بولۇپ، مۇئەللىمگە «دوكلات» قىلاتتىم ياكى بالىلارنى تاياق بىلەن ئۇراتتىم. ئوغۇل ساۋاقداشلىرىممۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتەتتى. هازىر ئويلىسام، شۇ چاغدا مەن ئاللىقاچان مۇئەللىمنىڭ قامچىسىغا ئوخشاپ قالغانىكەنمەن. ئوقۇتقۇچۇمنىڭ نەزەرىدە، گۇناھ سادىر قىلغانلار ئاللىقاچان تاياق يېيىشكە لايىق بالىلار دەپ يەكۈنلىنىپ بولغانىكەن.

كېيىن تولۇقسىزغا كىردىم. ئەمدى «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كەلگەن» ئىدى. بۇ چاغدا سىنىپىمىزدا ئۆزى دەرس بىلمەيدىغان، ئويۇن دېسە جېنىنى بېرىدىغان، بالا باشقۇرۇشقا مەندىنمۇ ئالاھىدە قىزىقىدىغان بىر سىنىپ باشلىقى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەن تازىلىققا كېچىككەن 20 نەچچە بالىنى مۇنبەر ئالدىغا چىقىرىپ، ھەر بىر بالىنى ئىككىدىن شاپىلاق سالدى، سۆيۈرگىلەرنى باغلام قىلىپ، قورساق، پۇتلىرىمىزغا تازا ساۋىدى. مەنمۇ تاياقنىڭ تەمىنى تېتىدىم. بۇنداق «ساۋاش ـ ئەدەبلەش» يات ـ يات بولۇپ تۇراتتى.

خىزمەتكە چىقتىم. مېنىڭ ئوقۇغۇچى قارىشىم سەل ئۆزگەرگەن بولۇپ، بالىلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىمدەك كۆردۈم. ۋەھالەنكى، ئەكسىچە ئۈنۈم بەردى. بالىلار مەندىن بۇرۇن ئون نەچچە مۇئەللىمنى ئۇزىتىپ بولغان، قاتتىق قول باشقۇرۇشقا ئاللىقاچان كۆنۈپ كەتكەچكە، ئەيۋەشكە كەلتۈرمەكىم ئىنتايىن تەس بولدى. ئاقىۋەت مەنمۇ قاپىقى يامان ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆزگىرىپ، ئوقۇغۇچىلىرىمنى «سۈرلۈككەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ توختىدىم. ئويلاپ باقسام، ئاشۇ بالىلار ئائىلىسىدىمۇ كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىغان بالىلار بولۇپ، مەكتەپمۇ ھېچقانداق مەنىۋى قانائەت بېرەلمەيدىغان قورقۇنچلۇق ئورگان ـ شەكلى ئۆزگەرگەن تۈرمىگە، ئاجايىپ زېرىكىشلىك ماكانغا ئايلىنىپ قالغانىكەن. مەھتىمىن ئەلا ئەپەندى «تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە» دېگەن ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى زېرىكىشلىك كەيپىياتىنى مۇنداق يازىدۇ:

«...بىر سائەتنىڭ ئىچىدە مېنى قىلچە قىزىقتۇرالمايدىغان بىر دۆۋە «بىلىملەر»گە زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نەقەدەر ئازابلىقىنى تالاي قېتىم ھېس قىلغاندىمەن. يەنىلا چىشىمنى چىشلەپ، دەرسنىڭ تۈگىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتىم. ئۆيگە قايتقاندىلا ئۆزۈم خالايدىغان «مائارىپ»تىن ـ ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن ئەركىن سۆھبەتلىشىشتىن بەھرىمەن بولاتتىم. مەندە ھېچقانداق قاراشتىن گۇمانلانغۇدەك ئەقلىي ماجالمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، مەن سۈرلۈك تۇس ئالغان سىنىپتا ئالدىنقىلارنىڭ «ئىدىيىۋى ۋەسىيەتلىرى»نى ئۈن ـ تىنسىز تاپشۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر ئىدىم. لېكىن قىزىقارلىقى، بۇ «ئىدىيىۋى ۋەسىيەتلەر» مېنىڭ ئون مىنۇتلۇق تەنەپپۇستا ئېرىشكەن خۇشاللىقلىرىمنىڭ ئارىسىدا غايىب بولاتتى. پەقەت ئىمتىھان يېقىنلاشقاندىلا، ئىنتايىن ئەسنايدىل پوزىتسىيىدە قوبۇل قىلىنغان بۇ بىر قاتار «ئىدىيىلەر»نى ئەستە ساقلاش ئامبىرىمدىن مەجبۇرىي ئېچىقاتتىم ـ دە، ئۇنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش قاتمال ۋە سۈرلۈك ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ناقابىل تۇرۇشنىڭ ئەپچىل قالقان قىلاتتىم. گەرچە، مەكتەپتىن نەچچە رەت زېرىككەنمۇ، بۇ «بىلىملەر» ماڭا ۋەدە قىلغان يىراق كەلگۈسىنى ئويلاپ، «مۇراسىم»غا قاتنىشىشنى داۋاملاشتۇراتتىم.

هازىر ئويلىسام، ئۇ چاغلاردا ئائىلە بىلەن مەكتەپ ماڭا بېرىدىغان پۈتۈنلەي پەرقلىق تەسىراتلارنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ جاپا چەككەنىكەنمەن. ئائىلىدە نېمىنى قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلاتتىم، نېمىنى دېگۈم كەلسە شۇنى دەيتتىم. لېكىن، مەكتەپكە قەدەم باسقىنىمدىلا، نېمىنى قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلالمايدىغانلىقىم، نېمىنى ئويلىسام شۇنى دېيەلمەيدىغانلىقىم ماڭا كەسكىنلىكى ۋە قاتتىقلىقى چىقىپ تۇرغان مەكتەپتىن دەرھال ئايان بولاتتى. خۇددى ناھايىتى يات قۇرۇقلۇققا چىقىپ قالغان ساياھەتچىدەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالاتتىم. مېنىڭ ئۇ يەردە تۇرغۇن گېپىمنى ئوقۇتقۇچىلىرىمغا دېگۈم كېلەتتى. لېكىن، بۇ مۇھىتنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سۈرى مېنى ئەيمەندۈرۈپ قوياتتى. ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتىپ، قېتىپ ئولتۇرۇپ «بىلىم» ئېلىشقا كىرىشەتتىم. كېيىن، بارا ـ بارا بۇ مۇھىتقىمۇ كۆنۈپ قالدىم. مەكتەپ ماڭا يەنە پائالىيەتلىرى بىلەن ئىسسىق كۆرۈنەتتى. چۈنكى، مەن ساۋاقداشلىرىم بىلەن تەنەپپۇس ئارىلىقىدا قوغلىشىپ ئوينىغاندا، پاراڭلاشقاندا خۇشاللىققا چۆمەتتىم.

دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا لەگلەك ئۇچۇرۇش، سوقۇش ئويناش ۋېلىسىپىتنىڭ قوغلىشىش، مۆكمۈكلەك، ئايدىڭدا جىننىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىشىش ماڭا يەنە بىر يېڭى «دەرس» ئىدى. بۇنداق چاغلاردا پۈتكۈل تەبىئەت دەرسخانامغا ئايلىناتتى. گەرچە مەن لەگلەكنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈشۈپ كەتمەي ئاسماندا ئۇچۇشىنىڭ ئىلمىي پرىنسىپىنى بىلمىسەممۇ، لەگلەك ئۇچۇرۇش ئېلىپ كەلگەن كۆكتە پەرۋاز قىلىشتەك خىيالىي تۇيغۇنىڭ قىزغىنلىقىدا خۇشلۇققا چۆمەتتىم. تېلېۋىزور ۋە بىنا ئۆيلەر ئىگىلىۋالمىغان بالىلارچە ئەركىنلىكىم تەبىئەتنىڭ ئاۋازىغا، رەڭگىگە ۋە شەكلىگە قېتىلىپ كەتكەنىدى.

بەزى ئوقۇغۇچىلار مېنى «شوخ» دەپ قوياتتى. شۈكلاشقىمۇ «مۇراسىم»نىڭ دەخلى ـ تەرۈزسىز قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بۇزغانلىقىم سەۋەبلىك بىر نەچچە قېتىم تەن جازاسىغا ئۇچرىغاندىم. بۇنداق چاغلاردا مەن دەرستىن سىرتقى چاغلاردا بالىلارچە شوخلۇقۇم ۋە ئەركىنلىكىم ئەكەلگەن ھەقىقىي شادلىقنىڭ ھۇزۇرىنى ۋە قىزغىنلىقىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتەلمىگەچكە، «مۇراسىم»نىڭ ئىنتايىن ھالقىلىق مىنۇتلىرىدا ئۇلارنى ئەسلەپ، تەكرارلاپ سالاتتىم... ھەر قېتىم خام خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلىرىمنى توختىتىپ، دەرسكە زېھنىمنى يىغىشقا مەجبۇر بولغىنىمدا، خۇددى ئويۇنچۇقلىرىم تالادا يېتىم سىراپ قالغاندەك، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولاتتى...» ㉙

**مېنىڭچە، بۇ خىل كەچۈرمىشنى ھەممىمىز باشتىن كەچۈرگەن، ھېچ بولمىغاندا باشقىلارنىڭ شۇنداق كەچۈرمىشىگە «ياندىن قاتناشقۇچى» بولغان بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال هازىر تۈگىدىمۇ؟ ياق!**

«ئالدىنقى مەۋسۇمدا مەكتەپتىن قېچىپ قوي بېقىشىمدىكى

سەۋەب، بەزى ئوقۇتقۇچىلار سورىغان سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بېرەلمەسەم، ھاقارەتلەپ تىللىغان، تىللىغاننى ئاز دەپ يۈز ـ كۆزۈمگە كاچاتلاپ، كىتاب بىلەن ئۇرغان. يەنە بەزىلىرى جوزا ـ تاملارغا ئۇستۇرگەن. چۈش ۋاقىتلىرى سىنىپقا ئاچ قورساق سولاپ قويغان. بەزىلىرى چاتەرىقىنى كېرىپ ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە ئۆتكۈزگەن. بۇ ئەلەمنى ئاز دەپ، ئۆيگە بارسام ئاتا ـ ئانام يۈز ـ كۆزۈمدىكى قىزىل ـ كۆكلەرنى، بۇرنۇم قانىغاندا كىيىمىمگە يۇققان قانلارنى كۆرۈپ باللار بىلەن ئۇرۇشۇپسەن دەپ كايىشقا باشلىغان. لېكىن، مەن ئاتا ـ ئانامغا ئوقۇتقۇچىلارنى مېنى ئۇردى دېمىدىم...»(30)

مانا بۇ لوپنۇر ناھىيە قارچۇغا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى سەمەتجاننىڭ 2004 ـ يىلى كۆزدە ئوقۇتقۇچىسىغا دېگەنلىرى. مېنىڭچە، مۇنداق ئەھۋاللار ئەتراپىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يالغۇز بىر ئاكامىنىڭ، مېنىڭ، مەمتىمىن ئەلا ئەپەندىنىڭ ياكى بىر قانچە «سەمەتجان» لارنىڭلا ھېكايىسى ئەمەس. ھەممىمىزنىڭ ھېكايىسى بولۇشى مۇمكىن. مەكتەپ ئاشۇنداق دىكتاتورا ئورگىنى بولۇشى كېرەكمۇ؟

قەدىمكى رىم مۇتەپەككۇرى، پېداگوگ پلوتارخ (433 ـ 350): «ئەڭ ئۆركۈگەك تايلاردىن ياخشى يەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتلار چىقىدۇ»(31) دېسە، فرانسىيە مۇتەپەككۇرى، بېشارەتشۇناس، پېداگوگ روسسو (1778 ـ 1712): «ئەگەر سىز باللارنىڭ شوخلۇقىغا يول قويمىسىڭىز، ئۇ چاغدا ھېچقانداق دانىشمەنلەرنى دۇنياغا كەلتۈرەلمەيسىز»(32) دېگەنىدى. مەشھۇر رۇس پېداگوگى ئۇشىنسكىي (1871 ـ 1824)مۇ: «خۇددى باللارنىڭ پىكرىگە ئوخشاشلا، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىمۇ زورلۇقسىز باشقۇرۇلۇشى لازىم»(33) دېگەن. بىز كەلگۈسىدە چاپقۇر ئارغىماق بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغان ئاشۇ «ئۆركۈگەك تاي»لارنىڭ ـ يەنى، كۆپلىگەن دانىشمەننىڭ روھىغا داتلاشقان قولۇپلارنى سېلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ باللارچە ھېسسىياتىغا گۇندىپايلارچە چەك قويۇپ، تالانتىنى يوق قىلدۇق. بىز سانسىز «كىشەن» بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى چەكلىمەكچى بولدۇق. نەتىجىدە، ئۇلار بىز ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ تېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇلار بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىز بىلەن زىيادە چەكلىنىپ كۆڭلى زېدە بولغانلىقتىن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا قانچىلىك چەكلىگەنسېرى، بىز كۆرمىگەن چاغلاردا شۇنچە «قەبىھ چۇقانچى» بوپكەتتى. ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلەرگە قىزىقىش ئىنساننىڭ ئەسلىي تەبىئىيلىكى ئىدى. بىز ئۇلارنى بۇنداق تەبىئىيلىكىدىن ياتلاشتۇرۇۋەتتۇق. ئەپسۇسكى، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ بۇنداق خاتا مائارىپ قارىشى تەسىرىدە تارتقان زىيانلىرىنى تۆلەشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭغا قانچىلىغان ھولۇس، كاۋلىيلار كەلسىمۇ، جاۋابكارىنى تاپالماسلىقى مۇمكىن.

3

«بىر ئادەم يەنىنىڭ ئاساسلىق نەزەرىيىسىنى ئىگىللىۋېلىپ، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش، مۇستەقىل خىزمەت قىلىشنى ئۆگەنسە، ئۇ چوقۇم ئۆز يولىنى تاپالايدۇ. ئۇ ئىلگىرىلەش ۋە ئۆزگىرىشكە تېخىمۇ ياخشى ماسلىشالايدۇ»(34) .

ـ ئېينىشتېين

ئېينىشتېين: «مەكتەپلەردە كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويماستىن، بەلكى مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى باشتىن ـ ئاخىر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم»(35) دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى ئىلمىي مەنىدىكى مائارىپ پائالىيىتىنىڭ مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىسى دەپ تونۇساق بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق تونۇساق، ئۇ ھالدا، بۇنداق مائارىپ پائالىيىتى چوقۇم ئىلھاملاندۇرۇش، قانائەتلەندۈرۈش، خاسلاشتۇرۇش ۋە دېموكراتىيە مەسىلىسىنى ئۆزى بويلايدىغان مەڭگۈلۈك پرىنسىپ قىلىشى كېرەك بولىدۇ. چۈنكى، ئىلھاملاندۇرۇش بولغاندىلا ئوقۇغۇچىلاردا مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىش مۇددىئاسى شەكىللىنىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ئېڭىغا قويۇلغان ئۇلدۇر. ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتىن، تەربىيىلىنىش پائالىيىتىدىن بەلگىلىك قانائەت ھېس قىلمىسا، ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ كېرىكى بولمايدۇ. شۇڭا، توغرا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن باللارنىڭ نېمىدىن قانائەت تاپىدىغانلىقى تەتقىق قىلىنىشى ۋە قانائەتلەندۈرۈش رېئاللىقىنى زۆرۈر. ئادەم خاسلىقتا ئىگە بولغانلىقتىن توغرا قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى ئىمكانىيەتتە خاسلىق ئىزدىنىشى زۆرۈر. چۈشىنىش تەس ئەمەسكى، ئىلھاملاندۇرۇش، قانائەتلەندۈرۈش، خاسلاشتۇرۇشنىڭ رېئاللىقىنى بەلگىلىك مۇستەقىللىق، دېموكراتىيىنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى، ئادەمدىكى ئىجادىي تەپەككۇر تەرەققىياتى پائالىيەت ئىچىدە يېتىلىدۇ. پائالىيەت مۇستەقىل (自主) پائالىيەت ۋە مەجبۇرلانغان پائالىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ئادەم پەقەت بارلىق ئەمگەك ۋە پائالىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولالىسا ـ ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئەركىن، مۇستەقىل پائالىيەتكە ئايلىنالىسا ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلھاملاندۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىپ ئېھتىياجلىرى قانائەت تاپىدۇ. ئادەم خاسلىقى بار ئادەمگە ئايلىنالايدۇ. خاسلىق تەرەققىياتىمۇ مۇستەقىل پائالىيەت ئىچىدە مەۋجۇد بولالايدۇ. مۇستەقىللىق بولمىغان، يېپىق ھالەتتىكى مۇھىتتا، ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، باللارنىڭ قانائەت تېپىشى، تەربىيىنى خاسلاشتۇرۇش ئوقۇمىنىڭ رېئاللىششىمۇ شوئار پېتى قالىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئوقۇتۇشتا تەربىيىچىنىڭ خاسلاشقان تەربىيە بايلىقى بىلەن تەمىنلىشى تاشقى ئامىل بولۇپ، بۇ خىل تاشقى ئامىل يوشۇرۇن ئىقتىدارنى رېئاللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. بۇ خىل يوشۇرۇن ئىقتىدار مۇمكىنچىلىكنى رېئاللاشتۇرۇشتىكى ئاچقۇچ ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكار، مۇستەقىل پائالىيىتىدۇر. پەقەت مۇستەقىل پائالىيەت ئىچىدە تاللاش، ئۆزلەشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش، پايدىلىنىش قاتارلىق ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بولسىلا، ئۇخلاپ ياتقان يوشۇرۇن ئىقتىدارلار جانلىنىدۇ. ئەركىن ھەم مۇكەممەل تەرەققىي قىلغان ئادەم ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان، شۇنداقلا خاسلىقى بار ئادەمدۇر. دېمەك، يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتى مۇستەقىل ـ ئەركىن بولىدۇ. ئادەم پەقەت تەرەققىياتنىڭ سۇبيېكتى بولسا، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئەتراپلىق ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ، ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يوشۇرۇن ئىقتىدار ئۈستۈنلۈكى ئەڭ يۇقىرى ئىمكانىيەتتە جارى بولىدۇ. بىر بۆرگىنى مىسال قىلساق، بۆرىگە ئەركىن تۇرغاندا سەكرەش ئارىلىقى خېلىلا ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنى كىچىك قۇتىغا سېلىپ قويۇپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن چىقىرىۋالسا، ئۇنىڭ سەكرەش ئارىلىقى ئالدىنقىغا قارىغاندا قىسقىراپ كېتىدۇ. بۇ، ئۇنىڭدىكى تەبىئىي ئىقتىدارنىڭ يېگىلەگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئادەم ئىلھام، قانائەت، خاسلىق، ئەركىنلىكتىن نېرى تەربىيىلەنگەنسېرى ئىجادىيلىقى، تەسەۋۋۇر كۈچى ئۆلگەن ئادەمگە ئايلىنىدۇ. مۇستەقىللىقى، تەشەببۇسكارلىقى يوق ئادەمنىڭ ئىجادىيلىقى، خاسلىقى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت باشقىلارنىڭ «قولى» ياكى «قورالى» بولىدۇ. يەكۈن شۇكى، ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەنىۋى ئېھتىياجلىرىغا قانائەت بېرىپ، يۇقىرى ئىمكانىيەتتە خاسلاشقان تەربىيە مۇھىتى يارىتىپ، ئۇلاردىكى يوشۇرۇن كۈچ بولغان ئىجادىي تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلىڭ جېنجۇن ئەپەندى كۆرسەتكەندەك:

«ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشى، ئوقۇغۇچىلاردا بەلگىلىك مۇستەقىللىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىي قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى بولۇشى كېرەك»㊱ . شۇڭا، تەربىيە دېموكراتىيىسى چۈشەنچىسى ئىلغار مائارىپتا ئىنتايىن مۇھىم. تەربىيە جەريانىدا بالىلاردا بەلگىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك بولۇشى كېرەك ۋە بۇ خىل ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك قوغدىلىشى كېرەك. بۇ خىل ھوقۇق يالغۇز جىسمانىي بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە ئەمەس، باشقا نازۇك مەسىلىلەرگىمۇ چېتىلىدۇ. بۇ خىل ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇسى قانائەت تېپىشى كېرەك. بىز مەكتەپ ھاياتىدىكى بۇيرۇقتۇرمىلىق بىلەن ئەركىن كەيپىياتنى سېلىشتۇرۇپ باقساق بايقايمىزكى، ئەركىن - دېموكراتىك كەيپىيات، ئەركىن تەرتىپ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىشكە ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىدىغان، ئۆگىنىشنى بىر خىل خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشسا، زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۆزگەرتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالسا، ئۇ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. دېموكراتىك، جانلىق دەرسخانا (مەكتەپ) كەيپىياتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئەركىنلىك دەرىجىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەكسىچە، ئوقۇغۇچىلار بېسىم ۋە تەنقىدلىك ئۆگىنىش كەيپىياتىدىكى مۇھىتتا ئۆگەنسە، ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. بۇ خىل مۇھىتتا، ئىجادچانلىقنى يېتىلدۈرۈشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئادەمنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمى پەقەت بىر قەدەر ئەركىن كەيپىيات بولغاندىلا بارلىققا كېلىدۇ. چۈنكى، قورقۇنچ، دەككە - دۈككە ئىچىدىكى بالىلار بېسىم ھېس قىلىدۇ، چوڭ مېڭە يۇقىرى دەرىجىدە جىددىيلىشىدۇ، غەم باسىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتۇشتا جازا، زىيادە رىقابەت، مەجبۇرلاش قاتارلىق تاشقى ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئىلمىي مائارىپقا نىسبەتەن خەتەرلىك. تەربىيىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى مائارىپ سىياستى قەتئىي تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى زۆرۈر بولغان نىشانلارنىڭ بىرى. دېموكراتىيىلەشتۈرۈش سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن دېموكراتىيىلەشتۈرۈش دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. سان جەھەتتىكى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى كېڭەيتىش، تەربىيە پۇرسىتىنى ئاشۇرۇش، ساۋاتلىقلار نىسبىتىنى ئۆرلىتىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. سۈپەت جەھەتتىن دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپ سىياسىيسىغا قاتنىشىشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەتقىقات پائالىيىتى بىلەن ئەركىن شۇغۇللىنىشى، ئاتا - ئانىلارنىڭ مائارىپ نىشانى، تەربىيە ئۇسۇلى، نىشانىغا بولغان ئاۋاز بېرىش - بەلگىلەشكە قاتنىشىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانىدا ئېرىشىدىغان دېموكراتىيە مەزمۇنى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھوقۇقىنىڭ تەكىتلىنىشى ماھىيەتتە بالىلارنى تۈرلۈك بېسىملىق مۇھىتتىن ئازاد قىلىشتۇر. بۇنداق ئازاد قىلىش مۇنداق تۆت قاتلام مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، بالىلارنى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى «مەن ئوقۇتىمەن، سەن ئۆگىنىسەن» ئەندىزىسىدىن ئازاد قىلىپ، بالىلارنىڭ پاسسىپ ئۆگىنىشنى ئاكتىپ - تەشەببۇسكار ئىزدىنىپ ئۆگىنىشكە بۇراش؛ بالىلارنى زىيادە مېخانىك ھالەتتىكى مەشقتىن ئازاد قىلىپ، كۆپ خىل پائالىيەت ئارقىلىق قولى، ئېغىزى، مېڭىسىنى ئىشلىتىپ، ئىجادىي ئۆگەنگۈزۈش؛ ئەنئەنىۋى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدىن ئازاد قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەركەزلىك ئورۇن بېرىش، «مەن - سەن» دەيدىغان باراۋەر ئاساستىكى دىئالوگلۇق ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش؛ بالىلارنى ئائىلە، جەمئىيەت يۈكلىگەن چوڭقۇر ئارزۇ «قورغىنى» دىن ئازاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى ئۆزىگە تاللاتقۇزۇش؛ دېمەك، بالىلارنى ئازاد قىلىشنىڭ ماھىيىتى بالىلارغا بولغان قاراشنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

ئۇنداقتا، بالىلار قانداق دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك؟ ئوقۇغۇچىلار قانچىلىك ھوقۇققا ئىگە بولۇشى كېرەك؟ مائارىپ بالىلارنىڭ ئەركىنلىك خاھىشىنى قانداق كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ؟

بىز غەرب مائارىپىدىن ئوقۇغۇچىلار دېموكراتىيىسىگە ئائىت قاراشلارغا نەزەر سالساق، بۇ ھەقتە چوڭقۇر مەنالارنى ھېس قىلىمىز. روسسۇ (1712 - 1778) ئوقۇغۇچىلارغا دېموكراتىيە بېرىشنى تەكىتلەپ: «ھەقىقىي ئەركىن ئادەم پەقەت ئېرىشىدىغان نەرسىلەرنى ئويلىيالايدىغان، پەقەت ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلالايدىغان ئادەمدۇر» ㊲ دېسە، دېۋېي (1859 - 1952): «ئەركىنلىك سىرتقى چەكلەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق، مۇستەقىل ئەمەلىيەت ئىقتىدارى بولۇشنىڭ بېشارىتى. باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى ۋە چەكلىشىدىن ئازاد بولۇش» ㊳ تۇر؛ «ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم چۈشەنچىلەرنى تاڭماسلىقى، بەلكى، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ تەسىرىنى كوللېكتىپ ئىچىدىكى بىر ئەزا سۈپىتى بىلەن تاللىشى كېرەك» ㊴ ؛ «ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆز نۇپۇزىنى - ئابرۇيىنى قوبۇللاشنى تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە، بۇنداق نۇپۇزغا ئىشەنمەسلىكنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى بىلەن تەتقىقاتتا ئورتاق كىرىشىشى، بارلىق تەجرىبىلەر - تەتقىقاتلار ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇمانلىرىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن يۈزلىنىشى ھەمدە ئۇلار ئەگىشىلگەن، بىراق ئىپادىلىيەلمىگەن تەجرىبىلەر ھەققىدە ئورتاق ئويلىنىشى كېرەك» ㊵ دەپ كۆرسەتكەن. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپشۇناسى ماكېر جامىس: «بالىلار چوقۇم چۈشىنىلىش ھوقۇقى، سوئال سوراش ۋە چۈشىنىش ھوقۇقى، باشقىلارغا ئوخشىماسلىق ھوقۇقى، ئۆگىنىش مۇۋەپپەقىيىتى ھوقۇقى، بالىلىق قىلىش ھوقۇقى، شەخسىي مەخپىيىتىنى ساقلاش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇشى كېرەك» ㊶ دەپ قارايدۇ. جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق مائارىپ ئىلمى دوكتورى خۇاڭ چۈەنيۈ ئەپەندى بۇ قاراشلارنى تازا ئەترابلىق ئەمەس دەپ قاراپ، ئامېرىكىلىق بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، جۇڭگو مائارىپىدا بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى قوزغىتىش ئۈچۈن، «بالىلاردا تەربىيىلىنىش ھوقۇقى، سوئال سوراش ۋە چۈشىنىش ھوقۇقى، ‹ياق› دېيىش ھوقۇقى، باشقىلارغا ئوخشىماسلىق ھوقۇقى، ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقى، شەخسىي مەخپىيىتىنى ساقلاش ھوقۇقى، ئۆز خاراكتېرى ۋە قىزىقىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇشى كېرەك» ㊷ دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىز يۇقىرىقى قاراشلاردىن مائارىپ كۆڭۈل بۆلىدىغان دېموكراتىيىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقى ۋە دائىرىسىنىڭمۇ كەڭلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەمما، بىز بۇ خىل دېموكراتىيىنى مائارىپىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك دېموكراتىيىسى دەپ قارىمايمىز. چۈنكى، ھوقۇق ھوقۇق يۈرگۈزگۈچىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا مۇناسىپ بولۇشى كېرەك. سىياسىي جەھەتتىن مۇتلەق ئەركىن بولغان ئۇنداق لىبېرالىزملىق قاراش جۇڭگوغا ماس كەلمەيدۇ.

جۇڭگو مائارىپىدا ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئەركىنلىك بېرىش تەشەببۇس قىلىنغان. «مائارىپ قانۇنى»دا ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق ھوقۇقلار بېرىلگەن: «تەلىم - تەربىيە پىلانىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. تەلىم - تەربىيە ئەسلىھەلىرى، ئەسۋابلىرى، كىتاب - ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىدۇ؛ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، ئوقۇش قەرز پۇلى، ئوقۇش ياردەم

پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئادىل
باھاغا ئېرىشىدۇ. بەلگىلەنگەن ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن مۇناسىپ
بولغان ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىدۇ؛ مەكتەپلەر بەرگەن
جازاغا قايىل بولمىسا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا ئەرز سۇنىدۇ. مەكتەپ، ئو-
قۇتقۇچىلار ئۇنىڭ كىشىلىك جىسمانىي ھوقۇقى، مۈلۈك ھوقۇقى قاتارلىق
قانۇنىي ھوقۇقىغا دەخلى قىلسا، قانۇن بويىچە ئەرز سۇنىدۇ؛ قانۇن ۋە
قائىدە ـ نىزامدا بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلىرى بولىدۇ»[43] . «مائارىپ
قانۇنى»دا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنداق مەجبۇرىيىتى بەلگىلەنگەن: «قانۇن
ۋە نىزاملارغا رىئايە قىلىدۇ؛ ‹ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت ئۆلچىمى›گە رىئايە
قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ۋە چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ياخشى بولغان ئە-
دىيۋى پەزىلەت ۋە ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ؛ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.
بەلگىلەنگەن ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تۈگىتىدۇ؛ تۇرۇشلۇق مەكتەپ ياكى
باشقا مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىگە بويسۇنىدۇ»[44] .
بۇنىڭدىن باشقا، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» دا يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
«ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىتى( 人格 )نى ھۆرمەتلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ھەرىكىتىگە زىيانلىق بولغان، باشقا قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە خىلاپ
بولغان ھەرىكەتلەرنى چەكلەش»[45] كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن.

بىز يۇقىرىقى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلساق،
بۇ ھوقۇقلار گەرچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتلىقى (ھوقۇقى)نىڭ جارى
بولۇشىنى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، بەلگىلىك قانۇنىي دې-
موكراتىيە ئاتا قىلغان بولسىمۇ، مەجبۇرىيەت ماددىلىرى تەرىپىدىن تولۇق
قاپلىنىپ كەتكەندەك تەسىرات بېرىدۇ. مەزمۇنىمۇ ئانچە كونكرېت ئە-
مەس. دېموكراتىيە ئۇقۇمى بەكمۇ يۈزە، تۆۋەن قاتلام بىلەن چەكلەنگەن.

1999 ـ يىلى ئېچىلغان مەملىكەت بويىچە مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا:
«پۇقرالار ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلىش، ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئىجادىيەت روھى ۋە ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى
مۇھىم نۇقتا قىلىش، بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇش،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بې-
رىش، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ۋە ياشلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى نېگىزلىك
ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ فىزىو ـ پ-
سىخىك تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە مائارىپ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قى-
لىش، ئوقۇغۇچىلارنى تېتىك ـ جانلىق، ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن
تەرەققىي قىلدۇرۇش»[46] دېيىلدى. بۇ بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دېموكرا-
تىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىمىزگە ئىلھام بېرىدۇ.

تەربىيە جەريانى ئىنتايىن نازۇك ھېسسىيات جەريانى بولغانلىقتىن،
ئوقۇغۇچىلاردا مۇۋاپىق بولغان ھوقۇق ئىگە بولۇشى، بېرىلگەن ھوقۇقنى
لايىقىدا قوللىنىشى لازىم. ئېنىقكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشتىكى ئەر-
كىنلىكى مەجبۇرلىنىشتىن خالىي ھالدا ئۆگىنىش قىلىشتۇر. يەنى، ئوقۇت-
قۇچى مۇۋاپىق بولغان ئوقۇتۇش تەشكىلى ئارقىلىق بىر خىل ئەركىن
تەرتىپ شەكىللەندۈرىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ ئەركىن تەرتىپ ئىچىدە ئۆ-
زىنىڭ ئىنتىلىشى ۋە پىلانىغا ئاساسەن ئىش قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆز
ئۆگىنىشىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل مۇھىت ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن
يارىتىلغان ئەركىن تەرتىپتۇر. مەكتەپ تەربىيىسىدە تەكىتلىنىدىغان دې-
موكراتىيىنىڭ تېخىمۇ كونكرېت ئۆلچىمى بولۇشى كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەربىيە جەريانىدا بالىلارنىڭ خاتالىق سادىر قى-
لىشىغا يول قويۇش كېرەك؛ ئۇلارنىڭ خاتالىشىشى ۋە مەغلۇبىيىتىنى
چەتكە قاقماسلىق كېرەك؛ تەربىيىچىلەر (ئائىلە باشلىقلىرى، ئوقۇتقۇچى،
مەكتەپ تەشكىلى) بالىلارنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلالايدىغان ۋە ئۆ-
زىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىگە، تۈرلۈك ئىپادىلەش شە-
كىللىرىنى ئەركىن تاللىشىغا يول قويۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنى
ئىپادىلەش پۇرسىتى بېرىش كېرەك؛ بالىلارنىڭ گۇمانلىنىشىغا يول قو-
يۇش كېرەك. چۈنكى، بىر يۇنان پەيلاسوپى: «گۇمانلىنىش پەن ۋە پەل-
سەپىنىڭ ياراتقۇچىسى»[47] دېگەن. گۇمان بولغاندىلا ئىزدىنىش، ئاي-
دىڭلاشتۇرۇش بولىدۇ. تاشقى جەھەتتىكى ئۆلۈك ـ بىر خىللىق ۋە ئىچكى
جەھەتتىن كونىنى ياقلاش ـ ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ چوڭ دۈشمىنى. ھەيران
قېلىش، غەلىتىلىك ھېس قىلىش، سىرلىق بىلىنىش قاتارلىقلار ئايدىڭلاش-
تۇرۇشنىڭ غىدىقلىغۇچىسى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار مۇۋاپىق گۇمانلانسا
بولىدۇ. ئۇلار مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ دەپ
قارىلىدىغان شەيئىلەردىن ـ يەكۈنلەردىن، قىممەت نۇقتىسىدىن گۇمانلا-
نسا بولىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانا ھەرىكەت سىستېمىسى ۋە ئۆلچەم
ئورنىتىشىغا يول قويۇش كېرەك. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق تەلەپلەرگە
تېخىمۇ رىئايە قىلىشىغا پايدىلىق؛ «ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ
دەرسلەرنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى تاللىشىغا ۋە بۇ ھەقتىكى مۇھاكى-
مىگە قاتنىشىشىغا يول قويۇش كېرەك»[48] . ئۇلارنى دەرسخانا تەرتىپى،
دەرس يۆنىلىشى، دەرسخانا ئىنتىزامى تۈرغۈزۈشتىن بەھرىمەن قىلىش
كېرەك؛ ئوقۇغۇچىلار ناچار ئوقۇتقۇچىلارنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق
بولۇشى كېرەك؛ ئوقۇغۇچىلار ئۆز يېتەرسىزلىكىدىن جانلىق پايدىلىنىشقا،
مەخسۇس بىلىملەردىن ۋاز كېچىشكە، قاتمال ـ رامكىلىشىپ قالغان تە-
پەككۇر شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاشقا، سوئال سوراشقا جۈرئەت قىلسا بولىدۇ.

بالىلار ئارىسىدىكى بۇنداق دېموكراتىك ـ ئەركىن تەرتىپنى
رېئاللاشتۇرۇش تەس. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەربىيىچىلەر ئۆزلىرى مەسئۇ-
لىيەتچان بولۇشى ۋە بالىلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى يېتىلدۈ-
رۈشى كېرەك؛ ئوقۇغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ۋە ئۇلاردا
شۇنداق روھ يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنى-
شىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مەسئۇلىيەتچانلىق دېموكراتىك جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئەزا چوقۇم
ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق ساپا. ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش جەريانىدا
تەربىيىچىلەرنىڭ دوستانە يېتەكچىلىكى ئارقىلىق ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش
روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. بىراق، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئۆگىتىپ قويغى-
لى، كىتابىي بىلىمنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ.
ئۇ چوقۇم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دېموكراتىك يېتەكچىلىكىدىكى ئەركىن پائا-
لىيەت ئىچىدە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈلگىلىك رولى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىنىشى ئىچىدە يېتىلىدۇ. ھەممىدە باشقىلارنىڭ كۆرسەت-
مىسى، بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلغان ئادەمدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى
سۇسلىشىپ كېتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بالىلارغا دېموكراتىيىمۇ بېرىشى،
شۇنداقلا، دېموكراتىيە پرىنسىپىنى تەربىيە تەلەپلىرىنىڭ بوشاشتۇرۇلۇشى
دەپ چۈشىنىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماسلىقى
كېرەك. ھۆرمەتلەش ـ كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىنى ئەتىۋارلاش. بۇ،
دېموكراتىك جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەركىن بولالىشىدىكى مۇھىم
مەزمۇن. باراۋەر ۋە ئەركىن بولۇش دېموكراتىيىنىڭ ئىككى قانىتى. ۋە-
ھالەنكى، مائارىپتا باراۋەر ۋە ئەركىن بولۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ.
باراۋەر ۋە ئەركىن بولۇشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ناتايىن. چۈنكى بالىلارغا
مەلۇم نەرسىنى ئۆگىتىش كېرەك بولغاندا، زېھنى ئالاھىدە تەرەققىي قىل-
غان، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىردەك بولۇشنى ئىزدىمەيدىغان بالىلاردىن
باشقا يەنە، تەربىيە تەلىپىگە زادى كۆنمەيدىغان، بىزەڭ بالىلارمۇ بولىدۇ.
شۇڭا، بارلىق ئوقۇغۇچىغا، پۈتۈنلەي ئەركىنلىك بېرىشكە بولمايدۇ.
بۇنداق بالىلارغا نىسبەتەن، ئەركىنلىكتىن مەلۇم دەرىجىدە ئارىلىق ساق-
لاپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن

زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. بالىلار چوڭلارنىڭ گېپىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئاڭلىشى كېرەك. بالىلارنى پۈتۈنلەي ئۆز مەنپەئىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. دېمەك، تەربىيە جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە ھوقۇقنىڭ تەسىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ دەمدە يادىمىزغا ئەڭ تېز كېلىدىغىنى بەلكىم «قەدىرلەش»، «ھۆرمەتلەش» سۆزلىرىدۇر. ئېنىقكى، ھوقۇق تەسىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان جايدا، ئەڭ مۇھىمى ھۆرمەتلەش بولۇشى كېرەك. تەربىيە شەكىللىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلايدىغان تەربىيىچىدە خىزمەتنىڭ ھەربىر ھالقىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، تولۇپ تاشقان ھۆرمەتلەش روھى بولۇشى كېرەك. گەرچە، ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىنسىمۇ، ئۇ يەنە يېتەكچىلىك بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر - ئويلاش ئىقتىدارى، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. بالىلار ئاجىز، قارىماققا ئەخمەق كۆرۈنىدۇ. ئوقۇتقۇچى ۋە چوڭلار كۈچلۈك. بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇلار بالىلارغا قارىغاندا كۆپنى بىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقۇرغۇچىلاردا ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى كەم بولسا، بالىلاردا مەۋجۇد بولغان كۆرۈنۈشتىكى ئاجىزلىق، ئەخمەقلىق ئۇلارغا سەل قاراشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ھۆرمەت تۇيغۇسىغا باي ئادەم بالىلارنى «ياساش»نى ئۆزىنىڭ مۇتلەق مەسئۇلىيىتى دەپ قارىمايدۇ. بالىلار ئارىسىدا بەزى نەرسىلەرنى مۇقەددەس ھېس قىلىدۇ، دەرھال ئېنىقلىما بېرىشتە قىينىلىدۇ، چەكلىمەيدۇ. ئەگەر تەربىيىچىلەر مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىنلا ئويلاپ، ئۇلارنى مۇقىم شەكىلگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى كۇلالچى، بالىلارنى لاي دەپ قارىسا، بالىلارغا تەبىئىي بولمىغان بىر ھالەتنى تاڭىدۇ. بالىلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ جىددىيلىشىش، روھىي ئارامسىزلىق پەيدا بولىدۇ. بۇلاردىن رەھىمسىزلىك، ھەسەتخورلۇق پەيدا بولىدۇ.

روسسېل(1872 _ 1970) توغرا ئېيتقان: «باشقىلارنى چوقۇم مەجبۇرلاش كېرەك دەپ قاراش ئەمەلىيەتتە بىر خىل غەيرىي ئىشەنچ - ئېتىقادتۇر»[49]. تەربىيىچىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق ساقلىنىشى لازىم. يەنە روسسېل ئېيتقاندەك: «تەربىيىچىلەر ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى سۆيۈشى لازىم. بىراق بۇلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇلار يەنە ئىنسانلارنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى توغرا چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى لازىم»[50]. تەربىيىچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى: بىرى، بالىلارنى مەجبۇرلاش شەكلى بىلەن كونترول قىلىش ياكى بىلىمنى قۇيۇپ قويۇش ئەمەس، بىر قەدەر كۆپ بولغان تەجرىبە ۋە پىششىق بىلىدىغان مەلۇماتلارغا تايىنىپ بالىلارنى تۇرمۇش ساۋاقلىرىغا ئىگە قىلىش؛ يەنە بىرى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئورتاق ئۆگىنىش ھاياتىدا ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، بىر - بىرىنى ئاۋارە قىلمايدىغان ئۆگىنىش تەرتىپى ئورنىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئومۇمەن ھەرقانداق تەدبىر، لايىھە،مۇنازىرىلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى كۆپرەك قاتناشتۇرۇش، نۆۋەتتىكى ئىشلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزلىرىگە باھالاتقۇزۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قايتۇرما ئىنكاسى ۋە ھەيدەكچىلىكى ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىگە نازارەتچىلىك قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوقۇغۇچىلار قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇلارنى دەرھال جازالىماسلىق كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالىسا، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش تەس ئەمەس. يۇقىرىدا دېيىلگەن ھوقۇقلار ئەلۋەتتە مۇتلەق يەكۈن ئەمەس، ئىجرا قىلىش مائارىپ ئىدىيەمىزدە تۈپ بۇرۇلۇش بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. دېموكراتىيە خاراكتېرى

چەكسىز ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە ئۆزگىرىپ كەتسە، قەلب چىرىشكە باشلايدۇ. ھاكىممۇتلەقلىقمۇ كۈچىيىپ كەتسە، قەلبنى بوغىدۇ. بۇ، ئوقۇتقۇچى رولىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ھەممىمىز مۇنداق يەكۈننى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەك: مەكتەپ بالىلار ئۈچۈن مەۋجۇدكى، بالىلار مەكتەپ ئۈچۈن مەۋجۇد ئەمەس. يەنى، ئوقۇتقۇچى بالىلار ئۈچۈن مەۋجۇدكى، بالىلار ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن مەۋجۇد ئەمەس. بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، مائارىپمۇ بىر خىل ئىستېمال ھەرىكىتى، ئوقۇغۇچى ئىستېمالچى بولۇپ، ئۇلارغا ئەمەلدارلىق كىبىرى بىلەن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ساقچىلارنىڭ مەھبۇسلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ئوقۇتقۇچىلارغىچە مەكتەپنى مۇلازىمەت ئورنى دەپ بىلىپ، خىزمەتلەرنى مۇلازىمەتچى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىشلىشى كېرەك. چۈنكى، ھەننا. ئاللۇت ئېيتقاندەك: «ھوقۇق ئەزەلدىن شەخسنىڭ مۈلكى ئەمەس، ئۇ گۇرۇھ(كوللېكتىپ)قا مەنسۇپ. ئۇنى كوللېكتىپ توپلىشىپ قوغدىغاندىلا، ئىزچىل مەۋجۇد بولىدۇ»[51].

## 4

«ئەركىن بولماسلىق ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولۇپ، بالىلار پەقەت ئەركىن بولغاندىلا، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى يۇقىرى ئىمكانىيەتتە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەركىن تەربىيىگە ئېرىشكەن بالا ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە يېڭى ئۈمىد ئەكېلىدۇ»[52].

- ئا. س. نېل (A. S. Neil) (ئەنگلىيە مائارىپشۇناسى)

ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشتا، ئوقۇغۇچىلاردا مۇقىم ئىدىيە، مۇقىم ئادەت بولۇش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل تەلەپ مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆگۈت - نەسىھەتلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ مېڭىسىگە قويۇلىدۇ. قارشى تۇرۇلىدىغان گۇرۇھلار ۋە گۇمان تۇغدۇرىدىغان مەسىلىلەرگە كەلگەندە يەكگىلەكلىك بىلەن سىلاپ - سىپاپ ئۆتكۈزۈۋېتىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەقلى پاسسىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى ھايات قانۇنىيىتىنىڭ ئەكسىچە ئىش.

ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشتا، ئەينى ئەھۋالنى ۋە مۇستەقىل خاراكتېرى بار ئوقۇغۇچىلارنى مەلۇم بىر نىشانلارغا بويسۇندۇرۇشلا قانائەتلەندۈرىدۇ. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈنمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدەك بىلىنىدۇ. بىراق، بۇنداق كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىكى تۈپ سەۋەب، مائارىپنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ۋاستە دەپ قارىماي، ئەكسىچە، ئوقۇغۇچىلار ئېرىشىدىغان ھوقۇقنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلىپ قويغانلىقىدا. ھۆرمەتلەش كۆپەيسە، ئاندىنبىر تۈپ ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇتۇشتا سىنىپ تەرتىپىنى ساقلاش زۆرۈر بولسا، ئۇنداقتا، بويسۇنۇش ۋە ئىنتىزام كەم بولسا بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ، مەلۇم دائىرىدە توغرا ئەركىنلىك ۋە ئىنتىزام - بويسۇنۇش مائارىپتىكى ئىككى مۇھىم ئامىل. بىراق، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشتىكى بويسۇنۇش ۋە ئىنتىزام ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئىلمىي مەنىدىكى زۆرۈرىيىتىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. بويسۇنۇش شەخس ئىرادىسىنىڭ تاشقى قوماندانلىقنى بويلىشى بولۇپ، ئەركىنلىك - ھوقۇق بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى ئۇقۇم ئەمەس. بىر سورۇندا ئىككى ئادەم بولسا، ھەرئىككىسى بىر - بىرىگە بويسۇنۇشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن. ئۇ مۇتلەق مەنىگە ئىگە ئەمەس. تەرسا - كاج بالىلارغا، روھىي كېسەل بىمارلىرىغا، جىنايەتچىلەرگە نىسبەتەن ھوقۇق ئىشلىتىش ياكى بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاش كېرەك. بىراق مائارىپتا مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر بولغاندا نۇقۇل ھالدا ئايرىلىشۋالماي، ھوقۇق ئىشلىتىش، بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاشتىكى مەقسەتنى ئىلمىي تاللاش كېرەك. ئىنتىزام

زىيادە تەكىتلەنسە، تەبىئىيلىككە خىلاپ خەتەرلىك ئىش بولىدۇ. چۈنكى،
بىرى، باللارنىڭ مېڭىسى ھېسسىياتسىز، ناتونۇش چۈشەنچىلەر بىلەن
تولدۇرۇپ قويىدىغان كورۇپكا ئەمەس، ئۆزلۈكسىز يېتىلىۋاتقان جانلىق
جىسىم. ئادەمنىڭ جانلىق تەپەككۇر ئادىتى دەل مۇۋاپىق بولغان ئەركىن
كەيپىيات ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ. ئارتۇقچە ئىنتىزام مېڭىنىڭ ھوشيارلە-
قى ـ سەزگۈرلۈكىنى يوقىتىدۇ. باللارنىڭ ئارزۇسى يېتىلىۋاتقان بول-
غاچقا،باللارنى ئىنتىزامنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىتىپ،بىلىم مەززىسىز شە-
كىللەر بىلەن مەجبۇرىي تېڭىلسا، ئۇلارنى زېرىكىش ھېس قىلدۇرىدۇ.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىق روھى، بىلىم ئىزدەش قىزىقىشى بوغۇل-
دۇ. ئوقۇغۇچىلار يەن تېمىلىرىنىڭ مول مەزمۇنلىرىنى ئىگىلىيەلمەيدۇ.
يەنە بىر تەرەپتىن، تەرتىپلىك شەكىلدە ئېرىشىلگەن بىلىم يېتىلىۋاتقان
مېڭىگە نىسبەتەن «تەبىئىي يېمەكلىك» بولۇپ، ئۇنىتۇلۇش نىسبىتى يۇ-
قىرى بولىدۇ. مېڭىنىڭ يېڭى مۇھىتىكى تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى تەرتىپى
كۆپ ۋە قالايمىقان چۈشەنچە ھەم تەجرىبىلەر ئىچىدىن مەلۇم يەكۈن
چىقىرىش پائالىيىتى. بۇ بىر خىل بايقاش، ئالاھىدە ئويلاشقا ئادەتلىنىش،
مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە جاۋاب ئىزدەش، يېڭىدىن بىلىشنى
لايىھىلەش، نەتىجە ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانى. بۇنداق ئادەتتىكى
جەريان تەبىئىيكى، قىزىقىشلىق بولىدۇ.

ئەگەر سىنىپ ئىنتىزامى ياخشى بولسا، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆلۈك بىلىمـ
لەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈپ بەرگىلى، ئوقۇغۇچىلارنى بىر خىل
ماتېرىيالنى قوللىنىپ ئۆگەنگىلى سالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار
بۇنداق تىنچلىق ئىچىدە گېئومېترىيىدىكى بىرىنچى تېئورېمىنى ئىگە-
لەپ، ئىككىنچى تېئورېمىنى قانداق چۈشىنىشنى بىلىۋالىدۇ. بۇ، مەلۇم
دەرىجىدە ئوڭۇشلۇق ئىش. بىراق، ئىككىنچى تېئورېمىنى چۈشىنىشنى
ئۆگىتىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ بۇ مەسىلىگە قارىتا، بىر خىل ئەنئەنىۋى
جاۋاب بار. يەنى، ئادەمنىڭ مېڭىسى بىر خىل قورال (تىغ). سىز ئاۋۋال
ئۇنى ئىتتىكلەشتۈرۈپ (بىلەپ)، ئاندىن ئۇنى يەنە ئىشلىتىشىڭىز كېرەك.
ئىككىنچى تېئورېمىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش چوڭ مېڭىنى چېنىقتۇرۇش
جەريانى؛ نەچچە ئەۋلاد پېداگوگلار بۇنى مۇشۇنداق چۈشەنگەن. بۇ
مەسىلىگە قانداق نوپۇزلۇق شەخسلەر مەدھىيە ئوقۇسۇن، قانچە ئەسىر
شۇنداق چۈشىنىلىپ كەلسۇن، بۇ يەردە مۇنداق ماھىيەتلىك خاتالىق بار.
ئادەمنىڭ مېڭىسى ئەزەلدىن پاسسىپ ئەمەس. ئادەم تىرىكلا بولىدىكەن،
مېڭە مەڭگۈ ھەرىكەتتە تۇرىدۇ. نازۇك ھەم ئۆتكۈر بولىدۇ. تاشقى غە-
دىقلاشنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىنكاس بىلدۈرىدۇ. بىز ئۇنى قورالغا ئوخ-
شىتىپ، ئاۋۋال بىلەپ، ئاندىن ئىشلىتىپ، چوڭ مېڭىنىڭ ھاياتلىق تە-
رەققىياتىنى كىچىكتۈرەلمەيمىز. ئوقۇتۇشتا، بىلىمنى ئاسان ۋە قىيىنلىق
دەرىجىسى بويىچە رەتكە ئايرىپ، ئاسان بىلىمنى ئۆلۈك ھالدا يەتكۈ-
زۈپ، قىيىن مەسىلىلەرگە كەلگەندە ئوقۇتقۇچىلار يەڭ شىمايلاپ چىقسا،
بىر مۇھىم پۇرسەت ئۆتكەن بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تې-
مىسىغا قانچىلىك قىزىقىشى بولسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قوزغاش كېرەك.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق ئىقتىدارىنى كۆچەيتمەكچى بولىدىكەنمىز، شۇ
ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋى
تۇرمۇشىغا قانداق قىممەت ئۆلچىمىنى كىرگۈزمەكچى بولىدىكەنمىز، شۇ
ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، مائارىپتىكى ئۆزگەر-
مەس ئەقىدە ـ قانۇن. شۇنداقلا رىئايە قىلىش تەس بولغان قانۇنىيەت.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەر نۆۋەتتە بىز چۈ-
شەنگەندەك پەقەت ئوقۇش، يېزىش ۋە ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى كومپ-
يۇتېر ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر ئەمەس، بەلكى مۇرەككەپ مە-
سىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا، قانداق ئۆگىنىشنى
بىلىدىغان، ئۇچۇرلار كۆندە نەچچە رەت ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان جەمئىيەت
ھاياتىغا ماسلىشالايدىغان كىشىلەردۇر. ئامېرىكىلىق مائارىپشۇناس ش.
ف. دىگرېي ئېيتقاندەك: «مەكتەپ مائارىپى...ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي
ئېھتىياجلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئىگىلىتىشى، ئۇلاردىن مۇھىم
مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلى-
شى كېرەك»[53] . «دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم پەن ـ تېخنىكىدىكى
ئىلگىرىلەشلەر مۇنتىزىم بولمىغان تەجرىبىخانىلاردا بارلىققا كەلگەن. بىزمۇ
باللار ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك»[54] . ئۇ-
زاقتىن بۇيان بىز باللارنى مۇستەبىت قۇرۇلمىدىكى مەشقلەنگۈچى دەپ
قارىدۇق. ئەمدى مائارىپ، مۇكەممەل لايىھىلەنگەن مائارىپنىڭ مەقسىتى
ئىنتىزامنى ئەركىن تاللاشتىكى ئىستىخىيىلىك نەتىجىگە ئايلاندۇرۇشى،
ئىنتىزامنى مول پۇرسەتكە ئىگە بولىدىغان ئەركىنلىك بىلەن بىرلەشتۈ-
رۇشى لازىم. باللار تۇرمۇشىدا ئەركىنلىك ۋە ئىنتىزامنى باللارنىڭ خا-
راكتېر تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىشى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ تەڭشىشى
لازىم. ئىنتىزام پاراسەت ـ ئىجادىيەت قابىلىيىتىدىكى بىر خىل تەبىئىي
ئارزۇنى قانائەتلەندۈرۈشى كېرەك. مائارىپ ئىدىيىدىكى باراۋەرلىكنى
ھېسسىياتسىزلىق ـ تۇيغۇسىزلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئامال ئىزدىشى
كېرەك. مائارىپ ھۆرمەتلەش ۋە چۈشىنىش پوزىتسىيىسىگە سەل قاراشتىن،
ئۇنى مۇھىم بىلىشكە ئۆتىشى كېرەك. تەربىيىدىكى نىشان گۇمانلىنىشقا
قوزغىتىش ـ غىدىقلاش، يۇرەكلىك ھالدا ياقتۇرۇشقا بۇراشقا يۈزلىنىشى
كېرەك. نۆۋەتتىكى ساپا مائارىپى، دەرسلىك ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجابىي
مەنىگە باي بولغان مائارىپ ئىسلاھاتىمىز بۇنىڭغا تامامەن يول قويىدۇ.

2006 ـ يىل 22 ـ ئاۋغۇست، پوسكام ـ گۈلباغ

## ستاتا مەنبەلىرى


① ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 107 ـ بەت.

② ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 107 ـ بەت.

③ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 107 ـ بەت.

④ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 107 ـ بەت.

⑤ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 107 ـ بەت.

⑥ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 107 ـ بەت.

⑦ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 109 ـ بەت.

⑧ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 109 ـ بەت.

⑨ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 110 ـ بەت.

⑩ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 109 ـ بەت.

⑪ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 110 ـ بەت.

⑫ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 110 ـ بەت.

⑬ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 111 ـ بەت.
⑭ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 111 ـ بەت.
⑮ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 111 ـ بەت.
⑯ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 111 ـ بەت.
⑰ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 111 ـ بەت.
⑱ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 112 ـ بەت.
⑲ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 113 ـ بەت.
⑳ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 113 ـ بەت.
㉑ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 114 ـ بەت.
㉒ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 114 ـ بەت.
㉓ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 117 ـ بەت.
㉔ شېكسپىر (ئەنگلىيە)، جېففېرسون (ئامېرىكا): «ھاملېت، مۇستەقىللىق خىتابنامىسى، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» (توپلام)، «جىڭخۇا» نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 10 ـ بەت.
㉕ سى نىي: «يەھۇدىيلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى پاراسەتلىرى»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 228 ـ بەت.
㉖ جاۋ دانەن: «تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى قانداق يوقىلىدۇ؟»، «دۇنيا مائارىپ ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004 ـ يىل 9 ـ سان 42 ـ بەت.
㉗ خۇاڭ پىڭ: «ئىزلانما مائارىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەلەمدۇ؟»، «مائارىپ تەرەققىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2005 ـ يىل 1 ـ سان 104 ـ بەت.
㉘ فېڭ جيەنجۇن: «خاسلاشقان مائارىپ ئوقۇمى ھەققىدە»، «مائارىپ ئىلمى»ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004 ـ يىل 2 ـ سان 13 ـ بەت.
㉙ مەمتىمىن ئەلا: «تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى 110 ـ ، 112 ـ بەتلەر.
㉚ ئامىنە ئىسمائىل: «يېڭى دەرس ئىسلاھاتى بويىچە دەرس ئۆتۈشتىكى تۇنجى قەدەم»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 11 ـ سان 34 ـ ، 35 ـ بەتلەر.
㉛ مىرئەزەم تۇزگەن: «مەرىپەت جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 28 ـ بەت.
㉜ مىر ئەزەم تۇزگەن: «مەرىپەت جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 29 ـ بەت.
㉝ مىرئەزەم تۇزگەن: «مەرىپەت جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 29 ـ بەت.
㉞ شۈچاڭ، يۈڭ بياۋ تۇزگەن: «مائارىپ ئىنقىلابى»، جۇڭگو ماددىي ئەشيا نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 240 ـ بەت.
㉟ مىرئەزەم تۇزگەن: «مەرىپەت جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 5 ـ بەت.
㊱ فېڭ جيەنجۇن: «خاسلاشقان مائارىپ ئوقۇمى ھەققىدە»، «مائارىپ ئىلمى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004 ـ يىل 2 ـ سان 13 ـ بەت.
㊲ ياڭ خەنلىن، جۇ سەي: «چەت ئەل باللار تەربىيىسى تارىخى»، گۇاڭشى مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى: 1998 ـ يىل 2 ـ نەشرى 106 ـ بەت.
㊳ جون. دېۋېي (ئامېرىكا): «تاللانغان بالىلارنىڭ تەپەككۇر مەشىقلىرى»، «جىڭخۇا» نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 82 ـ بەت.
㊴ دېڭ جىۋېي: «خاسلاشقان ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 203 ـ بەت.
㊵ دېڭ جىۋېي: «خاسلاشقان ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 279 ـ بەت.
㊶ خۇاڭ چۈەنيۇ: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ ساپا مائارىپى»، گۇاڭدۇڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 113 ـ بەت.
㊷ خۇاڭ چۈەنيۇ: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ ساپا مائارىپى»، گۇاڭدۇڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 113 ـ ، 114 ـ بەتلەر.
㊸ شيۇڭ چۈەنۋۇ: «ئەمەلىيەت پېداگوگىكىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 92 ـ بەت.
㊹ شيۇڭ چۈەنۋۇ: «ئەمەلىيەت پېداگوگىكىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 92 ـ بەت.
㊺ شيۇڭ چۈەنۋۇ: «ئەمەلىيەت پېداگوگىكىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 93 ـ بەت.
㊻ چېن گۈيشېڭ: «‹ئۈچ دەرىجىلىك دەرس› مەسىلىسى ھەققىدە»، جۇڭ چىچۈەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو مائارىپىنى چۈشىنىش» ناملىق توپلام، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 234 ـ بەت.
㊼ جون. دېۋېي (ئامېرىكا): «تاللانغان بالىلارنىڭ تەپەككۇر مەشىقلىرى»، «جىڭخۇا» نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 49 ـ بەت.
㊽ د. س. رېدلېن، ب. ۋالزېر (ئامېرىكا): «دېموكراتىك دەرسخانا»، جۇڭگو يېپىنىڭ سانائەت نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 74 ـ بەت.
㊾ بېرتراند روسېل (ئەنگلىيە): «جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پرىنسىپلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 94 ـ بەت.
㊿ بېرتراند روسېل (ئەنگلىيە): «مائارىپ ۋە گۈزەل تۇرمۇش»، شەرقىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ فاكۇلتېتى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «ھازىرقى زامان غەرب بۇرژۇئازىيە مائارىپ پىكىر ئېقىملىرى ماقالىلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلام، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1980 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 105 ـ بەت.
(51) شيۇڭ چۈەنۋۇ: «ئەمەلىيەت پېداگوگىكىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 93 ـ بەتتىكى نەقىل.
(52) دېڭ جىۋېي: «خاسلاشقان ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 142 ـ بەت.
(53) ش. ف. دىگرېي (ئامېرىكا): «مەكتەپ مائارىپى»، شىنياڭ «لياۋخەي» نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 69 ـ بەت.
(54) ش. ف. دىگرېي (ئامېرىكا): «مەكتەپ مائارىپى»، شىنياڭ «لياۋخەي» نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 69 ـ بەت.

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ( M1 )



# يېگىنچە خەتنە تويى

(ھېكايە)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

1

قۇربان ھېيتنىڭ ئۈنجى كۈنى، شەھەر مەركىزىدىكى بۇ ئۆي قوش ئايەم كەيپىياتىغا چۆمگەندى. بۇ ئۆي ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ مېھمان كېلىپ، مۇنداق بېسىق بولۇپ باقمىغانىدى. دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان چىلان رەڭلىك ئورۇندۇقلاردا سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇشقان ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلارنىڭ چىرايىدىن خۇشامەت كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى ۋە كىرگەن ھەر بىرى كىرىپلا: ـ ھېيتلىرى مۇبارەك بولغاي... ـ دەپ تەزىم قىلىشاتتى. ئۆي ئىگىسمۇ: ـ بىرگە بولسۇن، ـ دەپ جاۋابەن كۈلۈمسىرەيتتى. بۇ، ئۆي ئىگىسىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئۆستۈرۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھېيتلىق پەتىلەش بولۇپ، ھاكىم باشلىق ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى قۇتلۇق ئەرەفات كۈنىنى قىزغىن كۆڭلى بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشىۋاتاتتى. ھەمەيلەننىڭ ئۆڭى جىددىي قىزغىن كۈلكە بىلەن جىلمىياتتى.

ياندىكى ئاشخانا ئۆيدە 14 ياشلاردىكى خىزمەتچى قىزچاق چاي دەملەش، گۆش پىشۇرۇش، قورۇما قورۇش دېگەندەك قۇيرۇقسىز ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىدى. ھېلى ئۇنى ئېلىپ، ھېلى بۇنى قويۇپ يېتىشەلمەيۋاتقان قوللىرى سەھرا قىزلىرىغا خاس چاققانلىق بىلەن تىنىم تاپمايتتى. يۇپيۇملاق ئاناردەك يۈزى مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر تامچىلىرى بىلەن يالتىرايتتى.

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

بىر چاغدا يېڭى باشلىقنىڭ خېنىمىنىڭ ئىسكىرىپكا ئاۋازىدەك نازۇك ئۈنى ئاڭلاندى:

ـ ئاسىمگۈل، چاي ئېچىقىڭ.

قىز بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا چىققاندا، باشتا ئولتۇرغان سېمىز، دىقماق، بىر كۆزى ئەلەسرەك مېھمان قىزغا بىر قاراپ:

ـ ۋۇي، باشلىقىمىزنىڭ چوپچوڭلا قىزى بار ئىكەن ـ ھە؟ ـ دېگىنچە تۆش يانچۇقىنى كوچىلاپ: ـ كېلىڭا، خان، سىزگە ھېيتلىق بېرەي، ـ دېدى خۇشامەتلىك ھىجىيىپ.

ئۇ، شا 1 ـ مۇئاۋىن باشلىقنىڭ:

ـ بۇ... بۇ... ھەي... ـ دېگىنىگە قارىماي باشلامچىلىق بىلەن 100 كويلۇقتىن بىرنى قىزغا زورلاپ تۇتقۇزدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا خۇددى ئېرىقتىن باشتا ئاتلاپ بەرگەن سەركىگە ئەگەشكەن پادىدەك ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسى: ـ كېلىڭا، خان... ـ دېيىشىپ بەس ـ بەس بىلەن تۆش يانچۇقلىرىنى كولىشىپ بىرسى ـ بىرسىدىن قېلىشقۇسى كەلمەي 100 كويلۇقلارنى قىزغا تۇتقۇزۇشقا باشلىدى. تارتىنچاق سەھرا قىزى ياپراقتەك تىترەپ، شالپەردەك قىزىرىپ، بىردە تۇتامغا پاتماي قالغان 100 كويلۇق پۇللارغا، بىردە شا 1 ـ مۇئاۋىن باشلىقنىڭ خېنىمغا، بىردە شا 1 ـ مۇئاۋىن باشلىققا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

خېنىم خېمىردەك لىغىلداپ ئۆرە بولغىنىچە:

ـ ۋىيەي مېھمانلار، بۇنچە قىلىشمىسىلىمۇ بولىتتى، ئادەمنى خىجىل قىلىپ...ھەشقاللا دەڭ، قىزىم. گۆش قانداق بولدى؟ ـ دېدى قىزنى ئالدىرىتىپ.

ـ پىشتى، ـ دېدى قىز بوش ئاۋازدا ئارانلا.

– ئەمسە كىرىپ گۆشنى ئېچىقلىڭ.

قىز ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مېھمانلار خۇددى شەرەپلىك بىر ۋەزىپىنى ئورۇندىۋەتكەندەك غالىبلىق تۇيغۇلىرى بىلەن گىدىيىشىپ ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشۈشتى.

كەچتە مېھمانلار تارقاشقاندىن كېيىن، شا 1 – مۇئاۋىن باشلىق ھارغىن گەۋدىسىنى دىۋانغا تاشلىدى. خېنىم بولسا كۆتىنى دىۋانغا قويار – قويماي ئاشخانا ئۆيگە قاراپ چاقىردى:

– ئاسمىگۈل؟!

خېنىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، بىر تۇتام پۇلنى چاڭگاللىغان قىز ئاۋايلاپ ماڭغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. خېنىم قىزنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويماي، پۇلغا قول ئۇزاتتى.

– كىرىپ ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ.

قىز كىرىپ كەتكەندىن كېيىن خېنىم پۇرلەشكەن پۇللارنى بىر – بىرلەپ رەتلىگىنىچە غۇدۇڭشىدى:

– پۇلنىمۇ رەتلەپ تۇتۇشنى بىلمىگەن، مىس – مىس سەھرالىق!...

– ھەي، ئانداق دېمەڭلا...

خېنىم پۇللارنى رەتلەپ ساناپ، قاشلىرىنى ھىمىرىپ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن پىچىرلاپ بارمىقىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى:

– داشيەنجاڭ، كاجىڭجاڭ...تاشاڭجاڭ...زاجۇجاڭ...قازەنجاڭ...مۆيەنجاڭ...ئۆچاڭجاڭ...داجۇرىن...يەنە...

خېنىم پۇللارنى قاتلاپ ئېرىگە يېقىن سۈرۈلدى:

– 3800 كوي بوپتۇ...

– شۇنداق جىقما؟

– ھەئە، ئاسمىگۈلنى بىزنىڭ قىزىمىز دەپ ئويلاپ قېلىشقان چېغى. خەق ھېيتلىق بېرىۋاتسا نېمىدەپ «بۇ...بۇ...ھەي...ھەي...» لەپ كېتىدىلا؟

– سەت تۇرمامدۇ، ئۇ يە بىزنىڭ قىزىمىز بولمىسا...

– بولمىسا نېمە بوپتۇ؟ خەق ئەتە نوپۇس ئېنىقلاپ كېلەمتى؟ نەچچە يىللاپ خەقنىڭكىگە خوش – خوشلىغان زىيانلىرىمىز مۇشۇنداق تولسا، مەيلى دېسىلە.

– بۇياقتىن باشلىق بولۇپ، ئۇياقتىن نەپسانىيەتچىلىك قىلساق توغرا بولماسمىكى.

– ۋاي قوۋۇرغامەي! بۇ قانداق نەپسانىيەتچىلىك بولغۇدەك؟ سىلى خەقتىن پارا ئالمىدىلا، خەق ئۆزى ھېيتلىق بەردى. چوڭلار كىچىكلەرگە، مېھمانلار ساھىبخانىنىڭ باللىرىغا ھېيتلىق بېرىش دېگەن ئاتام زاماندىن بار ئىش. سىلىمچۇ، خەقنىڭ شۇملىرىغا ئىچلىرى سىيرىلىپ تۇرسىمۇ يوغان – يوغان بەرگەن پۇللىرىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتامىلا ئەمدى. ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن.

شا 1 – مۇئاۋىن باشلىق گەپ تېپىپ بېرەلمىدىمۇ ياكى قايىل بولدىمۇ، جىم بولدى. خېنىم ئاۋازىنى پەسلىتىپ سۆز ئاچتى:

– ھە، قارىسىلا، مەن بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن.

– نېمە ئىش؟

– تونۇرنىڭ قىزىقىدا نان چاپلاپ، بىزمۇ بىر خەتنە توي قىلايلىمىسمىكىن؟

– خەتنە توي!؟ – شا 1 – مۇئاۋىن باشلىق كۆزىنى چەكچەيتىپ كۈلدى، – مېنىڭ خەتنە تويۇمنىما؟

– ئۆتەپ بارسىلا، سەتلىكىنى، ئاۋال ئاڭلىماملا...

– ھە.

– ئاۋۇ سەھرادىكى تۇغقانلارنىڭ بىرەرسىنىڭ خەتنە يېشىدىكى ئوغلىدىن بىرنى بېقىۋالىمىز.

– قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ؟ – شا 1 – مۇئاۋىن باشلىق ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، – خەق نېمە دەيدۇ بىزنى، تۇغماس خوتۇن بالا بېقىۋېلىپ خەتنە توي قىپتۇ، دەپ! ئۆزۈڭلا تۇغقان بولساڭلا كاشكى...

– ۋىيەي، بالا بېقىۋېلىش جاھاندا يوق ئىشمىكەن. خەقلەرچۇ، تەيپىنەمنىڭ ۋاقتىدا بىر زاغرىنى تەڭ يەپ قالغان بىرسى باشلىق بوپقالسا، يەتمىش پۈشتىنىڭ ئۆيىدە مۈشۈك ئاسلانلىسىمۇ ھېلىقى باشلىق «بىر نېمىسى»نىڭ ئېتىنى باغاقا يېزىپ، بىر ئىش قىلدىغان بوپكەتتى. خوتۇنى تۇغماس باشلىق بالا بېقىۋېلىپ خەتنە توي قىلسا بولۇۋېرىدۇ. ئاڭلاپ قويسىلا، بۇنداق پۇرسەت يەنە كەلمەيدۇ! مەن زادى شۇنداق قىلماي قويمايمەن!...

## 2

ھەممە يەرنى ۋال – ۋۇل قىلىپ چاقنىغان ئالىيېشىل چىراغلار يورۇتۇپ تۇرغان ھەشەمەتلىك رېستوران ئىشىكىدىن كىرىپ – چىقىۋاتقان يوغان – سېمىز كادىرلارغا، ھە دېسىلا يېنىغا كېلىۋېلىپ سۈرەتكە تارتىۋاتقان سىنئالغۇچىغا، مىڭ ياڭزا ناز – كەرەشمە بىلەن مېھمان كۈتۈۋاتقان ماۋۇ يېڭى «خانئاپىسى»غا يېتىرقاش، قورقۇش، ھەيرانلىق ئارىلاشقان كۆزلىرى بىلەن قارىغىنىچە بويۇن قىسىپ تۇرغان سەھرالىق ئوغۇل ئۇچىسىغا كىيگەن كىيىملىرىگە تازا كۆنەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. نەپەس ئالغىلى قويماي ئىچىنى سىقىپ تۇرغان گالستۇكىدىن خويمۇ بىزار بولغانىدى. بوشىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم قولىنى ئاپىرىۋېدى، «خانئاپىسى» سىلكىشلەپ تۇتقۇزمىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ، قۇملۇقتا ئۆزى سۆرەپ ئوينىغان قوزىسىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىختىيارسىز قوزىسىغا ئىچى ئاغرىپ يىغلاپ تاشلىدى:

– سېنى سۆرىمىسەم بوپتىكەن، قوزام!...

«خانئاپىسى» كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ سورىدى:

– نېمە بولدۇڭ؟

ئوغۇل ئاچچىقى يامان «خانئاپىسى»نى كۆرۈپ جىم بوپقالدى. خېنىم ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئىشىك تۈۋىگە ئەكېلىپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن:

– يەنە دېسەم قۇلىقىڭدا تۇرماپتۇ. سەن مۇشۇ يەردە ماۋۇ ئاكاش بىلەن بىللە تۇرسەن، ماۋۇ ئويۇنچۇقلارنى ئوينايسەن. ماۋۇ ئاكاش سېنى جىق سۈرەتكە تارتىپ قويىدۇ، ئۇقتۇڭما؟

خېنىم ئوغۇلغا كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ ھومىيىپ قاراپ، ئىچىدە: «سەھرالىق، ئىش بىلمەيدىغان...» دېگىنىچە كىرىپ كەتتى. ئوغۇلنى غېرىبلىق باستى. ئۇنىڭ يانچۇقلىرى زورلاپ تىقىلغان پۇللارغا تولۇپ كەتتى. ئۇ قىزىقىپ پۇللارغا قارايتتى. يېپيېڭى پۇللاردىن كۈچلۈك قەغەز پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ يېزىدىكى چاغدا بۇنداق قىپقىزىل، يوغان پۇللارنى ئانچە كۆرەلمەيتتى. بەزىدە بېلىكىدە سومكا ئاسقان مەھەللىدىكى كادىر ئادەملەر كەلگەندە، ئاشۇلارنىڭ سومكىسىدا كۆرەتتى. لېكىن دادىسى ئۇنىڭغا تېخى بۇنداق چىرايلىق پۇل بېرىپ باقمىغانىدى. پەقەت ھېيت – ئايەم بولغان چاغدىلا، يۈك بېسىلغان ماشىنىنىڭ رەسمى

بار موچەنلىك پۇلدىن بىر قانچىنى تۇتقۇزۇپ قويسا، خۇش بوپكېتەتتى.

ئوغۇل ھەيران ـ ھەس ئىدى. شەھەرلىك ئادەملەر نېمانچە باي ۋە ئەخمەق؟ تونۇمىسىمۇ يوغان ـ يوغان پۇللارنى زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويۇۋاتقىنىنى...ئوغۇل تۇرۇپلا قارىماتاق، يىرىك قىزىل ساقاللىق دادىسىدىن ئاغرىنىشقا باشلىدى. يېزىدا ئانىسى بىر قېتىم دادىسىغا:

ـ ئوغلىمىزنىڭ خەتنە تويىنى قىلالىغان بولساق...ھەي ي ... ـ دەپ ئۇھسىنغاندا، دادىسى ئاچچىقلاپ:

ـ ئېشەك ئۆلىۋاتسا، قوڭى سەتە چالغاندەك، خەقلەر چىقىم دەستىدىن ماڭقىسىنى تارتالمايۋاتسا، نېمە خەتنە توي؟!... ـ دېگەنىدى. ئەسلىي خەتنە تويى بولسا ياخشى ئىكەن، يانچۇق پۇلغا تولىدىغان ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ؟!...

بىراق، ئوغۇلنىڭ خۇشلۇقى ئۇزاققا بارمىدى. كەچتە ئۆيگە كەلگەندە «خانئاپىسى» يانچۇقلارنى ئاقتۇرۇپ تەتۈر ئۆرۈۋەتتى. ئاندىن قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ قاراپ:

ـ يەنە بارمۇ؟ پۇلنىمۇ مۇشۇنداق سالامدۇ، سەھ... ـ دەپ گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋېتىپ، پۇرلەشكەن پۇللارنى بىر ـ بىردىن رەتلەپ، ئاندىن ئايالچە كىچىك سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى شىرتتىدە ئاچتى ـ دە، لىق تولغان كونۋېرت ـ لىپاپلارنى شىرەگە تۆكۈپ، ئىچىدىن تۇتام ـ تۇتام يوغان پۇللارنى ئېلىپ ساناشقا باشلىدى. بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ تېخىچە ئالدىدا بۇتتەك قاراپ تۇرغان ئوغۇلنى كۆرۈپ ھومايدى:

ـ نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ كىرىپ ئۇخلا!

ئوغۇل ئاستا بۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. خېنىم شىركەيىپ ئولتۇرغان شا 1 ـ مۇئاۋىن باشلىققا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى:

ـ قارىسىلا.

ـ ھە؟

ـ ھەممىسى 50 مىڭ يۈەن بوپتۇ.

ـ شۇنداقمۇ؟

ـ ئەمدىغۇ سۆزۈمنىڭ قەدرىگە يەتكەنلا، ھەرئىش قىلماسلىقتىن قالدۇ، جۇما.

3

ئەپسۇس، ئوغۇلنىڭ خۇشھال كۈنلىرى قىسقا بوپقالدى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەي «خانئاپىسى» نىڭ ساقلىقى يوق بوپقالدى. خىزمەتچى قىز خېنىمنىڭ نازۇك، يۇمران ۋە سۇزۇك پۇت ـ پاچاقلىرىنى توختىماي تۇتاتتى، قىزغۇچ قارا چاچلىرىنى تاراپ ئەتىر چاچاتتى. خېنىم بولسا يۇمشاق پەر ياستۇققا قولتۇقىنى يۆلەپ ئەسنەپ ياتاتتى. بۈگۈن خېنىم بىر بۇلۇڭدا ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغان ئوغۇلنى يېنىغا چاقىردى:

ـ مېنىڭ، ـ دېدى ئۇ تازا بىر كېرىلگەندىن كېيىن، ـ مىجەزىم يوق تۇرىدۇ. باشلىق داداڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە بارىمىز. ئۇ يىراق جاي. بىز بېرىپ ـ كەلگىچە سەن يېزىدىكى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇر. كېيىن ۋاقىت چىققاندا ئەكېلىۋالىمىز، ماقۇلما؟

ئوغۇلنىڭ بۇ ئۆيدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان بوپقالغانىدى. يېزىدا يەپ باقمىغان ئاجايىپ ئېسىل تاماق، كۆرۈپ باقمىغان يوغان رەڭلىك تېلېۋىزور، پات ـ پات كېلىپ ـ كېتىدىغان مەرد كادىر ئادەملەر، بىردەملىك بولسىمۇ كۆرۈپ ـ سىلاپ ئويناۋالىدىغان قىپقىزىل يوغان پالازدەك قەغەز پۇللار...غا ئوغۇل خېلى ئەرمەك بوپقالغانىدى.

بىراق تەرى سوغۇق «خانئاپىسى» نىڭ سۆزىنى يىرالمايتتى. شۇڭا ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.

بىر قانچە كۈنلۈك ئالدىراش يىغىندىن قولى بوشاپ قايتىپ كەلگەن شا 1 ـ مۇئاۋىن باشلىق چاپانلىرىنى سېلىپ ئاسقۇچقا ئېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئەينەك شىرە ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۆي ئىچىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ـ ئوغلىمىز قېنى، ـ دەپ سورىدى.

ـ كەتتى.

ـ كەتتى؟ نەگە؟!

ـ سەھراغا.

ـ نېمدەپ؟

خېنىم بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ قارس چىقارغاچ دىمىقىدا سۆزلىدى:

ـ ۋايجان، يامان غەلۋىسى تولا بالىكەن ئۇ. دادامنى كۆرۈمەن، ئانامنى سېغىندىم، دەپ يىغلاپ ئېسىۋەتتى.

ـ خېلى ئوبدان كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتىغۇ؟

ـ نەدىكىنى، سىلى يوقتا كۆرمىگەننى كۆرسەتتى.

ـ ھە بوپتۇ، بىرەر كۈن تۇرۇۋالسا ئەچىقۋالارمىز.

ـ بولدىلا، ئېچىقمايمىز ئۇ بالىنى.

ـ نېمىشقا؟

ـ بۇ بالىغا كۆنەلمىدىم.

ـ بالا باقمامسىلە؟

ـ باقىمەن، بىراق بۆلەك بالا باقىمەن.

ـ قىزما؟

ـ يا...ق، قىز ئەمەس، ئوغۇل باقىمەن.

ـ ئۇنداقتا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

ـ ئوخشاش ئەمەس. يېقىنراق شىرەم تۇغقانلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرىنى ئۇقۇشۇپ قويدۇم.

ـ كىمدىن؟

ـ تاشاڭجاڭ ماڭا تاپشۇرسىلا، دېدى.

ـ قانداق ئەپلەشمىگەن ئىش بۇ! بۇ بالا خېلى كۆنۈپ قالغانىغۇ دەيمەن...

ـ ۋاي نەدىكىنى، يامان غەلۋىسى تولا شۇمكەن!

خىزمەتچى قىزنىڭ پەتنۇستا تائام تىزىپ كىرىشى بىلەن پاراڭ ۋە دەتالاش ئۈزۈلۈپ قالدى.

4

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن تېلېۋىزورغا تىكىلگەن خۇنۇك كۆزلەر ئىشىك تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى. خېنىم يېنىدا ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويۇۋاتقان قىزنى بۇيرۇغانچە ئۆرە بولدى.

ـ ئىشىكنى ئېچىڭ.

قىز يېنىك ئىرغىپ تۇرغانچە ئىشىككە يۈگۈردى. بىر ئازدىن كېيىن ئىشىكتىن ياش بىر شوپۇر بەش ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. خېنىم ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

ـ ۋاي ـ ۋۇي، كېلىڭ، كېلىڭ.

ـ ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ خېنىم، شا باشلىق تىنچلىقتۇ؟

ـ خۇداغا شۈكرى، تاشاڭجاڭ ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ؟

ـ ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر قايسىلىرىغا سالام ئېيتتى.

ئۇلار ئولتۇرۇشتى. قىسقىلا پاتىھەدىن كېيىن شوپۇر يېنىدىكى

بالىنى كۆرسەتتى:

— ھەر قايسىلىرى تاشاڭجاڭغا دېگەن بالا مۇشۇ.

— شۇنداقما، كېلىڭا ئوغال، خانئاپا دەڭا...

ئوغۇل تارتىنىپ لەۋلىرىنى ئۇمچەيتكىنىچە يىغلاشقا تەييار تۇرىدىغان ئوماق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئارقىسىغا داجىدى. شوپۇر بالىنىڭ بېشىدىن سىلاپ تۇرۇپ:

— تارتىنىۋاتىدۇ. بۇ سىلىنىڭ بوۋىلىرى بىلەن نەۋرە كېلىدىغان كىشىنىڭ چەۋرىسى. ئانىسى مۇشۇ بالىنى تۇغقان تۇغۇتتىدا ئۆلۈپ كەتكەن. دادىسى بۇلتۇر يەر تەۋرىگەندە تام ئاستىدا قېلىپ، ئىككى پۇتى مېيىپ بوپقالغان. ھەر قايسىلىرى تولىمۇ ساۋابلىق ئىشنى قىلىشىپلا، خېنىم، — دېدى.

خېنىم بالىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى:

— كېلىڭە قوزام، سىزنى ئۆزۈم باقىمەن — ھە...

شوپۇر ئورنىدىن تۇردى، خېنىم ئىسكىرىپكا ئاۋازىدەك زىڭىلداق ئاۋازدا تەكەللۇپ قىلدى:

— ۋاي نېمىگە ئالدىرايسىز؟ تاماق قىلىلى.

— رەھمەت، تاشاڭجاڭ بىر يەرگە بارىدىكەن. ماشىنىنى ئاپارمىسام بولمايتتى.

— سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويۇپتۇق — ھە؟

— ياق، بۇ دېگەن ساۋابلىق ئىش تۇرسا، خېنىم...

خېنىم شوپۇرنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ كىرگەندىن كېيىن، ھاڭۋېقىپ تۇرغان بالىغا قاراپ قاپىقىنى تۈردى:

— گىلەمگە كەش بىلەن چىقتىڭما؟ ئا بۇلۇڭغا بېرىپ كەشىڭنى سالە!

قورقىنىدىن لەۋلىرى ئۇمچىيىپ تىترەپ كەتكەن بالا ياش لىغىرلاپ قالغان كۆزلىرىنى «خانئاپىسى» دىن بۆلەك ھېچ ياققا يۆتكىمەي ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. قىز كېلىپ ئوغۇلنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى.

— ئاسمىگۈل، بالىغا ياخشى ئۆگىتىڭ، كەش بىلەن گىلەمگە دەسسىمىسۇن. تازىلىق ئۆيىگە قالايمىقان تەرەت قىلمىسۇن. ھازىرلا ئۇستىۋاشلىرىنى يۇيۇپ قويۇڭ، نېمە ئۇ، خېمىر تۇرۇچتەك پۇراپ...

قىز بېشىنى لىڭشىتتى. خېنىم ھۇجرا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

قىز، بالىنى يېتىلەپ تازىلىق ئۆيىگە كىردى. ئاندىن يېشىندۈرۈپ ئۇستىۋاشلىرىنى يۇيغاچ ئوغۇلدىن گەپ سوراشقا باشلىدى:

— ئۇكام، ئېتىڭ نېمە؟

بايىقى قورقۇنچ تارقالمىغانمۇ، بالا تېخىچە يېتىرقاش ۋە ياتسىراش ئىچىدە ئۇمچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئىچى سىيرىلغان قىز ئوغۇلنىڭ ياش لىغىرلاپ قالغان كۆزىنى ئالقانلىرى بىلەن بېسىپ سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— قولاق سېلىپ ئاڭلا، ئۇكام. تەرەت قىلغىنىڭ كەلسە ئېيتۇ كامارغا ئولتار. قالايمىقان ئولتارساڭ بولمايدۇ. قەغەزنى ئاۋۇ سېۋەتكە سالسەن. بايامقى خانئاپام بولىدۇ. سەنمۇ خانئاپا، دەيسەن. يەنە باشلىق دادىمىز بار، ئۇ ئەتە كېلىدۇ. گىلەمگە كەش بىلەن دەسسىمە، چىلڭ ئاۋازدا گەپ قىلما. بولمىسا خانئاپامنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ، چۈشەندىڭما؟

ئوغۇل ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى.

— ئۆگىنىپ كېتىسەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز ئا ئۆيدە ياتىمىز، — دېدى قىز بوش ئاۋازدا.

5

ئاچچىقىدىن گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققۇدەك چىڭقىلىپ سۆزلەۋاتقان شا 1 — مۇئاۋىن باشلىق قولىدىكى تاماكىسىنى كۈچ بىلەن شورىدى.

— ئادەمگە يۈز كېرەك ئەمەسما، ھە؟ تېخى ئۆتكەندە بىر بالىنى بېقىۋېلىپ خەتنە توي ئۆتكۈزسەك، غەلۋە قىلدى، كۆنەلمىدى دەپ ئاتا — ئانىسىغا ئەۋەتىۋەتتىڭلا. مانا ئەمدى يەنە بىرنى بېقىۋالدىم، دەپ ئارقىدىنلا خەتنە توي قىلىمەن دېسەڭلا سەت ئەمەسمۇ، ما شەھەردە!

قولىنى بېلىگە تايىنىۋالغان خېنىم ھەدەپ زاكونلىشىۋاتاتتى:

— بۇ شەھەردە بۇنداق ئىشلار ئازمىدى؟ ئۆلۈك قويۇپ كۈلگۈدەك غەلىتە ئىشلار كۆپ شەھەردە خەق قىلغاننى بىز قىلساق نېمىشقا بولمايدىكەن.

— ھەي، ئۆزەڭلا تۇغماي، ھەپتىدە بىردىن بالا بېقىپ خەتنە توي قىلغىلى تۇرساڭلا، خەقلەر قوڭى بىلەن كۈلمەمدا؟

— نەرىدە كۈلسە نېمە كارىمىز؟ ئاۋۇ يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇپ، پىلانلىق تۇغۇتتا مۇكاپات ئالغان پالانچى باشلىقنىڭ ئۆيىدە ئۇدا ئۈچ قېتىم خەتنە توي بولغاندىمۇ ماۋۇ ئاغزىمىز بىلەن كۈلۈپ چىداپ بارغان. ئەمدى پەيت كەلگەندە بىز شۈك ياتساق، خەق بىزنى ئاياپ قويمىغان. ئەمدى بىزمۇ ئايىمايمىز. ھوقۇق سىلىدە دائىم تۇرمايدۇ! شۇڭا يولى كەلگەندە قىلىۋالغانلىرى قالىدۇ. شۇڭا سۆزۈمگە كىرسىلە...

— ئاپلا جۇما! ھەي، مەن ھوقۇقنى سىلە ئۈچۈن تۇتامدىمەن ياكى...

— ئەمىسە كىم ئۈچۈن تۇتاتتىلە؟ گېپىنى ما ئەدەمنىڭ. ئۆز ۋاقتىدا سىلى ئۈچۈن غا مۆھتەرەم باشلىققا قىلمىغىنىم قالماي، يەنە تېخى ئىككىمىز شۇ سەۋەبلىك ئۆينى بۇزۇشقا ئاز قېلىپ، ئەستە كەلگەن ھوقۇقنى ئەمدى مەن ئۈچۈن تۇتماي يەنە باشقا تۇتىدىغان بىركىم بارمىتى يا؟!

— نېمە دەيدۇ، ما خوتۇن!

— مېنى ئايىغى قۇرغاق، تۇغماس خوتۇن دەپ ھېجايغانلارغا خانئاچىسىنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرسەتمىسەم ھېساب ئەمەس! قېنى، بۇ ھوقۇقنى كىم ئۈچۈن تۇتالىكىن، بىر كۆرەي!...

شا 1 — مۇئاۋىن باشلىق بېشىنى چايقىدى. كونىلار ئېيتقان: «مەنسەپدار خوتۇنىدىن قورقىدۇ» دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك. تالادا سۈر — ھەيۋىسى بىلەن ھەر — ھەر بادالڭ قورساق سالاپەتلىك تەڭتۇشلىرىنىمۇ 3 — سىنىپ بالىسىدەك تىك تۇرغۇزۇپ، ھودۇقتۇرالايدىغان شا 1 — مۇئاۋىن باشلىق ئۆيىدىكى ماۋۇ كېلىشكەن، زىلۋا «مېكىجىن»نىڭ ئالدىدا تىلى قىسىق بوپقېلىۋاتقانلىقىدىن جىلە بولۇپ، تاماكىدىن يەنە بىرنى ئېلىپ چېشلىدى.

دېگەندەك، شا 1 — مۇئاۋىن باشلىق بىلەن خېنىمنىڭ مۇبارەك نامى پۈتۈلگەن قاتلىما باغاقلار شەھەر مەركىزىدىكى ھەشەمەتلىك چوڭ رېستوراننى يەنە بىر قېتىم ئالدىراش قىلىۋەتتى. خېنىم جوزىلارنى ئارىلاپ — ئارىلاپ تەڭتۇش جۇۋان — چوكانلارغا تەبەسسۇم قىلىپ:

— قارىساق، يېتىم قالغان بالىكەن، بېشىنى سىلاپ ئەكېلىۋالغانىدۇق. دىلى سۇنۇق چوڭ بوپقاپتۇ. ئىچىمىز سىيرىلىپ يېتىملىكىنى چاندۇرمايلى، كۆڭلى ئۆسۈپ قالار دەپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىمىز... —

دېيىشلىرىگە جاۋابەن، ئايال مېھمانلارمۇ خۇشامەت ۋە تەكەللۇپ بەلەن:

ـ تولا ئوبدان، ساۋابلىق ئىش قىلىشىپلا... ـ دەپ كۆچۈكلىنەشەتتى. ئىشىك يېنىدىكى مەخسۇس ئورۇندا بىر دۆۋە ئويۇنچۇقنىڭ ئارىسىدا نېمە ئىش بولغىنىنى ھېس قىلالمىغان سەبىي ئوغۇل كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھەممە ئادەمگە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ ئولتۇراتتى. يانچۇقلىرى پۇرلەپ تىقىلغان پۇللارغا تولۇپ كەتكەنىدى. سىنىئالغۇچى يىگىت بالىنىڭ ئالدىدا دولىسىدىكى ئاپپاراتنى توغرىلاپ، ئۇستا مەرگەن كەبى سول كۆزىنى قىسىپ مومىدەك تىك تۇراتتى.

مېھمانلار تارقاپ، ھاردۇق يېتىپ سۆلى قالمىغان ساھىبخانلار ھۇجرىسىغا كىرىپلا ئۆزلىرىنى يۇمشاق مامۇق كارىۋاتقا تاشلاشتى. خېنىم شىركەيىپ ياتقان شا 1 ـ مۇئاۋىن باشلىققا قاراپ نازلىق ئۈنچىقتى:

ـ ھېرىپ كەتتىلىمۇ؟

ـ ھارغان بىلەن...شاشىمىز!ھى...ھى...ھى...ئۆزۈڭلىچۇ؟

ـ مەن بەك ھېرىپ كەتتىم.

ـ ھاردۇقۇڭلىنى چىقىرىپ قويايمۇ؟

ـ ئۆتەپ باسلا، مېنىڭ ھاردۇقىمنى مۇشۇ چىقىرىدۇ!

خېنىم بېغىررەڭ ئايالچە سومكىسىنى شىرتتىدە ئېچىپ، ئىچىدىكى توقماق ـ توقماق رەتلەپ باغلانغان قىزىل ـ كۆكۈش پۇللارنى ئېلىپ ئېرىگە كۆرسەتتى.

ـ قانداق، يەنە ئاچچىقلاملا؟

ـ قانچە بوپتۇ؟

ـ 60 مىڭ!

ـ ۋاھ!...

ـ قانداق، ئۆتكەندە بەك ئاچچىقلاپ قان بېسىملىرى ئۆرلەپ كېتىۋىدى. قەنتنى مۇشۇنداق چاقمىساق، ھوقۇق سىلىدىن قالغان كۈنى خەق ئۆلۈممىزگىمۇ كەلمەيدۇ!

ـ خوتۇن، بۈگۈن غا مۆھتەرەم باشلىققا بەكرەك يېقىنچىلىق قىپقالدىڭلىمۇ قانداق؟

خېنىم بىر ئەندىكىپ قايتا تەبەسسۇم قىلدى.

ـ ۋىيەي ما ئەدەمنى، كېسەللىرى تۇتتۇۋاتامدا؟

ـ ياق، ئەمدى...

ـ سىلىچۇ، ما كۆزلىرى ئىتتىك بولغان بىلەن ئى قۇلاقلىرى گاس.

خېنىم ئاۋازىنى پەسلەتتى:

ـ ئاڭلىدىلىما؟ غا مۆھتەرەم باشلىق يېقىندا پېنسىيىگە چىققۇدەك.

ـ راستىما؟ ـ شا 1 ـ مۇئاۋىن باشلىقنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ كەتتى. خېنىم باش لىڭشىتتى.

ـ ھەئە، ھوشيار تۇرسىلا ئەمدى، بۈگۈن ماڭا دەپبەردى.

ـ چاتاق يوق، خوتۇن...

ـ ۋىيەي ما ئەدەمنى!...

كالدەك يوغان تىنغانچە ئېسىلغان ئېرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، خېنىم چىراغنىڭ يىپىنى تارتتى.

6

يۈكۈنۈۋېلىپ پول سۈرتۈۋاتقان قىز ئۇزۇلدۇرمەي جىرىڭلاۋاتقان تېلېفون ئاۋازىنى ئاڭلىماي ھۇجرىسىدا گىرىم قىلىۋاتقان خېنىمنى چاقىردى:

ـ خانئاپا، تېلېفون كەلدى.

قىزغۇچ قارا چاچلار دولقۇنلىنىپ يەلكىسىگە يېيىلغان خېنىم بىر قولى بىلەن چاچلىرىنى يىغىشتۇرغىنىچە چىقىپ كەلدى. بوش قولى بىلەن تروپكىنى تۇتۇپ قۇلىقىغا ئېپكەلدى:

ـ ۋەي؟...ھە...قۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىمۇ؟ ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟...ۋاي بەلەن!...ئالىيەچۇ؟ ئۇ ئادىشىمنى بور توزانلىرىدىن قاچانمۇ ئازاد قىلالا؟ نېمە؟....قويسۇنچۇ ئەمدى، ئەخمەق بولماي سىلىنىڭ بارلىرىدا غېيىپدە جان ئارام تاپىدىغان يەرگە چىقىۋالغىنى ياخشىتى...ھەئە، مەن ئىزدىگەن سىلىنى، قۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى. ئۆزلىرىگە بىر ھاجىتىم چۈشۈپ شۇ...ۋاي رەھمەت! سەھرادىن بىر تۇغقىنىمىزدىن يېتىم قالغان بالىنى ئەكەلگەنىدۇق...ھەئە، شۇ ئۆزلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەرمىكىن دەپ. سەھرادىكى تۇغقانلار ئۈچۈن يول مېڭىپ قويىلى دېگەن. بىزنىڭ ئەدەم تارتىنىپ قالدى. بىز خوتۇن خەقلەر قېلىنراق كېلىدىكەنمىز، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ... ۋىيەي! قۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، سىلىنىڭ مۇشۇنداق دېھقان باللىرىنىڭ مەسىلىسىنى كۆرگەندە چىداپ تۇرالمايدىغانلىقلىرىنى بىزنىڭ ئەدەممۇ تەرىپلەپ بەرگەنىدى. رەھمەت ئۆزلىرىگە!...ئا ئەدەم تۆۋەنگە كەتكەن. شوپۇردىن سىلى دېگەن پاراۋانلىق مەكتىپىگە ئەۋەتەي...ماقۇل ئەمسە...

خېنىم تېلېفوننى قويۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قىزغا تاپىلاشقا باشلىدى:

ـ ئاسمىگۈل، ئۇكىڭىزنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىپ بىر سومكىغا قاچىلاپ تەييار قىلىپ قويۇڭ، باشلىق دادىڭىز كەلگىچە، ئۇكىڭىزنى شەھەر چېتىدىكى پاراۋانلىق مەكتەپكە ئاپىرىۋېتىمىز، ئاندىن سىزنىڭمۇ يۈكىڭىز يېنىكلەيدۇ.

خېنىمنىڭ ئارقىسىدىكى تېلېفون يەنە جىرىڭشىدى. خېنىم تېلېفوننى ئېلىپ:

ـ ۋەي، ياخشىمۇسىز؟ ـ ئاسمىگۈل، كىرىپ ھۇجرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭا... ـ خېنىم قىزنى ئىشقا بۇيرۇۋەتكەندىن كېيىن نازاكەتلىك ئاۋازدا ئەھۋاللىشىپ كەتتى، ـ ۋەي، غا مۆھتەرەم باشلىق، قانداق ئەھۋاللىرى؟ ۋاي بەلەن... شۇنداق بولا...ۋىيەي سىلىنى!... ماقۇل...ياق، ماشىنا ئەۋەتمىسىلە، ئۆزۈم باراي... ماقۇل، خوش...

خېنىم تېلېفوننى قويۇپ يەنە ئۆرۈلگىنىچە چاقىردى:

ـ ئاسمىگۈل!

ـ ھە، مانا.

قىز يۈگۈرۈپ چىقتى.

خېنىم چاچلىرىنى ئۇڭشىغاچ يەنە تاپىلاشقا باشلىدى:

ـ ئاۋۋال ئەترىنى ئېچىقىپ بېرىڭ...ھە، قۇلاق سېلىڭ، مەن ھازىر بىر يەرگە بارىمەن، كەچرەك كېپقالىمەن. ئېغىر ئۇخلاپ قالماڭ. ئەگەر كەچتە باشلىق دادىڭىز تېلېفون قىپقالسا، مېنى دوستلىرىنىڭكىگە چايغا كەتتى، دەپ قويۇڭ. ئۇكىڭىزنىڭ مەن دېگەن نەرسىلىرىنى يىغىپ قاچىلاپ قويۇڭ. دېگەنلىرىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ ـ ھە!


2006 ـ يىل ئۆكتەبىر

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى (M1)

# پادىشاھنىڭ ئىت گۆشى ۋە پاختەك پاجىگەسى



ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر

تاقىر تاغلارغا ياندىش، بوز توپىلىرى ئۇچۇپ تۇرىدىغان قارا سەھرادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىمدىنمۇ قانداق، ئانا تەبىئەتنىڭ بالىلىق قەلبىمگە پۈتكەن ئەستىلىكلىرى ھېلىھەم مېنى ئۆز پايانىغا چىللاپ تۇرىدۇ. ئاشۇ يىللاردا يېزىمىزمۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر يېزىلىرىدەك ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىغا قارىماي بالىلىق قەلبىمنى ھاياجانغا سالغان بىر مۇنچە كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىمىزمۇ بولغانىدى. مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن گاھ تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ، گاھ ساي بويىدىكى ئۆستەڭ قىرلىرىدا چۇرقىرىشىپ «مۆكمۆكلەڭ»، «ھەربىي - دۈشمەن» ئويۇنى ئوينايتتۇق. گاھ ئىتلىرىمىزنى ئەگەشتۈرۈپ قارلىق داللاردا توشقان قوغلىساق، گاھ يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇرغان ئايدىڭ ئاخشاملاردا گۈلخان ئەتراپىدا قاتار ئولتۇرۇشۇپ خامان بېقىۋاتقان بوۋايلاردىن قىسسە ئاڭلايتتۇق.

ئەلۋەتتە، بەزى ئويۇنلىرىمىز تەبىئىي رەۋىشتە چوڭلارنىڭ تەقىپ قىلىشىغا ئۇچرىغاننى ئاز دەپ، ئېغىر تەنبىھ ئاڭلايدىغان چاغلىرىمىزمۇ بولاتتى.

چوڭلار، بىرىمىزنىڭ دۈمبىمىزگە بىرىمىز دەپسەپ، زومچەك - زومچەك كېسەك تاملارنىڭ كامىرىدىن ئەمدىلا قىزىل قۇرت بولغان قۇشقاچ بالىلىرىنى ئېلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسە شۇ ھامان ئاچچىقلاپ: «قۇشقاچ بالىلىرىنى تۇتماڭلار! قولۇڭلار تىترەيدىغان بوپقالىدۇ»، «چوڭ بولغاندا قىساسىنى تارتىپ قالىسىلەر»، دەپ قىزىل قۇرت ھالەتتىكى قۇشقاچ بالىلىرىنى يەنە پەم بىلەن ئۆز ئۇۋىسىغا قويغۇزۇپ قوياتتى.

ئات قىلىپ مىنىش ئۈچۈن تال چىۋىقلارنى سۇندۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسە تېخىمۇ كايىپ: «يامان بولدۇ، بۇمۇ سىلەردەك جان. سىلەرنىڭ پۇت - قولۇڭلارنى سۇندۇرۇۋەتسە ئاغرىيدىغاندۇ ھەقاچان»، دەپ بىر ھازا كايىپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە تېخى بىزنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ خېلى بىر يەرلەرگىچە سۈر - توقاي قىلاتتى.

شۇ زامانلاردا نە قورسىقى تويغۇدەك ئاش - نان، نە ئۇچىسى ئىللىغىدەك كىيىم - كېچەك، نە پۇت - قولنى سۇنۇپ بىرەر - يېرىم دەم ئارام ئېلىۋېلىش نېسىپ بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە «زومگەرنىڭ پۇشتى» دەپ تۈگمەس سىنىپىي كۈرەشنىڭ بېسىمىنىڭ دەستىدىن كۈنسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان ئائىلىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان دادامنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ چوڭقۇر ئۇھسىنىش ئىچىدە:

- ئوغلۇم، ئائىلىمىزنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقىنى ساڭا بەشقولدەك ئايان، پەقەت سەنلا ئائىلىمىزنىڭ ئۈمىدى بوپقالىدىغاندەك تۇرىسەن. قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر تىرىشىپ ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، بۇ سەھرايى قىيامەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكىن. بۇ كۈنلەر بىز بىلەنلا كەتسۇن. كەلگۈسىدە پىكاپتا ئولتۇرىدىغان بىرەر چوڭ باشلىق بوپقالساڭ ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللىرىڭنى ھىمايىڭگە ئالارسەن. شۇنداق قىلساڭ، بىز سەندىن ئىككىلا ئالەمدە تەڭ رازى بولاتتۇق، - دېگەن سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ قانداق، كەنت بويىچە سىنىپىمىزغا يىغىلغان 40 نەچچە بالىدىن ئاندا تاسقىلىپ، مۇندا تاسقىلىپ ئاخىر مەن يالغۇزلا قالدىم.

دەسلەپ يېزا مەركىزىدىكى ياتاقلىق مەكتەپتە، ئاندىن قاتناش ئىنتايىن قۇلايسىز بولغان ئەھۋالدا دەم ئېلىش ۋە تەتىللەردە ئۆيگە بېرىپ - كېلىشتە گاھ كۆمۈر توشۇيدىغان تراكتورلارنىڭ كوزۇپىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، سوغۇقتىن دىر - دىر تىترەپ، گاھ تومۇز ئىسسىقتا ۋېلسىپىت بىلەن تەرلەپ - پىشىپ دېگەندەك ئۆيىمىزدىن 60 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيە مەركىزىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ ئاخىر ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۈم.

## ئېغىر تىنىقلار

گەرچە دادام دېگەندەك پىكاپتا ئولتۇرىدىغان چوڭ باشلىق بولۇش نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ ئەمما نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، ۋىجدان ـ غۇرۇرۇم بىلەن ياشاپ، ئۆز نېنىمنى ھالاللاپ تېپىپ يەيدىغان زىيالىي بوپقالدىم. 22 يىللىق شەھەر ھاياتىم سەھرادا ئۆتكەن قىسقىغىنە باللىق دەۋرىمدىن كۆپ ئارتۇق بولسىمۇ يۇرتۇمدىكى ساپ تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۆسۈملۈك، جان ـ جانىۋارلارنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، تەبىئەت بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ياشايدىغان ئاق كۆڭۈل، سەممىي، مەرد، ئۈمىدۋار خاراكتېرى ھېلىھەم قەلب دۇنيارىمدىن ئۆچۈپ كەتكىنى يوق.

بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىۋاتقان، ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىمىز، قىممەت قارىشىمىز، تەبىئەت قارىشىمىز جىددىي خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان؛ ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەر بويى بەرپا قىلغان چەكلىك بوستانلىقلىرىمىز بىلەن پايانسىز دەشت ـ چۆللىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇۋازىنەت خۇددى يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى تارىم يولۋىسى» ناملىق ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگىنىدەك ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ، ئادەم سىياقىدىن چىققان نەپسانىيەتچى ـ ئاچ كۆزلەرنىڭ دەل ـ دەرەخلەرنى خالىغانچە كېسىشى، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشى، جان ـ جانىۋارلارنى قالايمىقان قىرغىن قىلىپ، ئوۋلاپ تۈگۈتۈپ يەپ، تەرتىپسىز ـ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كۆپلەپ بوز يەر ئېچىشى بەدىلىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، ئەلمىساقتىن تارتىپ بىز بىلەن ھەمنەپەس بوپكېلىۋاتقان جان ـ جانىۋارلار، ئۆسۈملۈكلەرلا ئەمەس ئۆزىمىزمۇ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى ئالدىدا پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، تەبىئەتنىڭ ئۆچكەيلىشىگە ئۇچراۋاتقىنىمىزدا سەھرادىكى ئۇزايىدىن توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ بالىلارغا: «جان ـ جانىۋارلارغا چېقىلماڭلار، قولۇڭلار تىترەيدىغان بوپقالىدۇ»، «دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرمۇ سىلەرگە ئوخشاش جان»، «قىساسنى تارتىپ قالىسىلەر» دېگەندەك جانلىق تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە سۆزلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىگە كىچىكىدىن باشلاپلا تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئۇنى ئاسراشنى سىڭدۈرۈۋېتىشكە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ قالىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە ئاجايىپ ئۆلمەس ئىبرەتلىك ھېكمەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولىمەن.

شۇنداق چاغلاردا كۆز ئالدىمدا بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ ئەمما ھازىرغىچە ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن، ھەر قېتىم ئېسىمگە كەلگىنىدە يۈرىكىم ئارامسىزلىنىپ، چېكە تومۇرلۇرۇم چىڭقىلىپ كېتىدىغان، ئەمما تالاي كىشى ئۈچۈن ئادەتتىكىدەك بىلىنىدىغان ئاشۇ ئىشلار مېنى ھېلىھەم تەگسىز ئويلارغا غەرق قىلىدۇ.

1994 ـ يىلى باش ئەتىيازدا ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەركىبىدە سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسىنىڭ يەر يۈزى قوبۇللاش ئەسلىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ قالدىم. ئۇزاق يىل شەھەردىلا ئولتۇرۇپ، شەھەردىلا خىزمەت قىلىپ، ئۆزۈم تەلپۈنىدىغان يېزا ـ قىشلاق، قىر ـ دالىلار بىلەن كەڭ ـ كۇشادە ئۇچرىشىش پۇرسىتى نېسىپ بولماي كەلگەچكە، بۇ قېتىمقى سەپەر ماڭا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىلىندى. يېزا ـ سەھرانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ پۈرۈشتۈرۈپ، سەھرالىقلارنى كۆرسە ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇتۇۋالىدىغانلارنىڭ ئورنىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزۈمنى تىزىملاتقىنىممۇ شۇ ئىدى.

ئىككى ئايغا سوزۇلغان، 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى باسقان بۇ سەپەر ئۆز نۆۋىتىدە ماڭا نۇرغۇن ئەمەلىي تەسىرات ئاتا قىلغانىدى. مەن مىنبۇسنىڭ دېرىزە تەرىپىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، بىراۋلارنىڭ قايسى باشلىقنى نەگە يۆتكىگەنلىكى، قايسى باشلىقنىڭ ئورنىغا كىملەرنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەم ئايغى چىقماس قورۇما ـ تاماقلار ھەققىدىكى پاراڭلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا پايانسىز چۆل ـ ئېدىرلار، بەردەم توغراقلار، سۆگۈتكە پاتقان تاغلار، بۈككىدە باغ ـ ئورمانلار ئىچىدىكى زومچەك ـ زومچەك توپا تاملار، ئۈستەڭ قىرلىرىدا قىيغىتىپ يۈرگەن قوزىچاقلار، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلار، ئۇزايىدىن نامراتلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ ئەمما سەممىيلىكى، مەردلىكى، سېخىيلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان دېھقانلارغا تويماي قارايتتىم ھەم يۇرتىمىزنىڭ جەننەت كەبى مەمۇرچىلىقلىرى ھەققىدە پەقەت ئۆزۈمگىلا مەلۇم بولغان گۈزەل خىياللارنى سۈرەتتىم.

شۇ تەرزدە نەچچە ھەپتىدىن كېيىن تەكشۈرۈش نىشانىمىزنىڭ بىرى بولغان باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆي ـ تاشكېمىرلىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مىللىتىمىزنىڭ بىباھا سەنئەت خەزىنىسى بولغان بۇ مۇقەددەس مىڭئۆي ـ تاشكېمىرلەرنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ چاغلاردا مىڭئۆي ـ تاشكېمىرلەر ھازىرقىدەك قاتتىق باشقۇرۇلمايدىغان بولغاچقا بەزى نۇقتىلىق دەپ قارالغان تاشكېمىرلەرگىمۇ بىمالال كىرىپ خاتىرە قالدۇردۇم.

بۇلاردىن 114 ـ نومۇرلۇق تاشكېمىرگە سىزىلغان (يەنى 17 ـ ۋە 38 ـ نومۇرلۇق تاشكېمىرلەرگىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبلاردا سىزىلغان) تام رەسىمى مەندە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ھاياجان ئىچىدە رەڭلىك بوياقلار بىلەن نەپىس قىلىپ سىزىلغان تام رەسىمگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تويماي قاراپ كەتتىم.

رەسىمدە بىر كەپتەرنىڭ بېشىغا تاج تاقاپ ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقانلىقى؛ ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قولىنى سوزغىنىچە كەپتەرگە پاناھ بولۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقى؛ تاج تاقىغان كىشىنىڭ سول تەرىپىدە بىر كىشىنىڭ تارازا كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى؛ قارا بوياقلار بىلەن سىزىلغان يەنە بىر كىشىنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تاج تاقىغان كىشىنىڭ يوتىسىدىن گۆش كېسىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى.

شۇ چاغدا مەن بىلەن بىللە كەلگەن بىر توپ ساياھەتچىگە يول باشلاۋاتقان خەنزۇ يىگىت بۇ رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلارنى مۇنداق چۈشەندۈرگەنىدى:

بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ پادىشاھنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ پاناھلىق تىلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا بىر لاچىن قوغلاپ كەلدى ۋە پادىشاھقا مۇنداق دەپ تەلەپ قويدى:

ـ ھېلى كەلگەن كەپتەر مېنىڭ ئوزۇقۇم ئىدى، ئۇنى ھازىرلا يېمىسەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمەن، شۇڭا دەرھال كەپتەرنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەيلا.

ـ بارلىق جانلىقنى ئازاپ دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇش مېنىڭ تۈپ مەقسىتىم، ـ دېدى پادىشاھ، ـ كەپتەر مېنىڭدىن پاناھلىق تىلىدى. مەن ئۇنى قوغداپ قالمىسام توغرا قىلمىغان بولىمەن.

ـ كەپتەرنى يېمىسەم ھازىرلا ئاچلىقتىن ئۆلىمەن، ـ دېدى لاچىن، ـ ئەجەبا، بىز لاچىنلار سىلى قۇتقۇزماقچى بولغان جانلىقلار ئىچىدە يوقمىزمىدۇ؟

— ساڭا باشقا گۆش بەرسەم بولامدۇ؟ — دېدى پادىشاھ.

— بولىدۇ، ئەمما قېنى ئېقىپ تۇرغان يېڭى گۆش بولۇشى كېرەك.

«بىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەنە بىرىنى قۇتقۇزۇشمۇ دۇرۇس ئەمەس» دەپ ئويلىغان پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە تەڭپۇڭ تارازا ئەكەلدۈرۈپ، تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە كەپتەرنى سېلىپ، يەنە بىر تەرىپىگە بەدىنىدىكى گۆشلەرنى شىلىپ ئالدۇرۇپ، تارازا تەڭپۇڭ ھالەتكە يەتكەندە لاچىننىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ئۇنىڭغا قانلىرى ئېقىپ تۇرغان يېڭى گۆشنى بەردى...

مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئاددىي ئەمما چوڭقۇر مەنالىق ھېكايە ۋەقەلىكىدىن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىمگە لىغىرلاپ ياش كەلدى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ نەپىس تام سۈرەتلىرىنى ئەجدادلىرىمىز 1800 يىللار ئىلگىرى ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئاجايىپ تىرەن پەلسەپىۋى مەزمۇنغا تويۇندۇرۇپ، ئۇنى بۇددا يارالمىش قىسسىلىرى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ سىزىپ چىققان بولۇپ، «ئەجدادلىرىمىز ئادەم بىلەن تەبىئەتتىكى باشقا مەۋجۇداتلارنىڭ بىر تەن — بىر جان ئىكەنلىكىنى، ھەر بىر جانلىقنى قوغداشتا يۇقىرىسى خان — پادىشاھلاردىن تارتىپ، تۆۋىنى ئاۋام — پۇقرالارغىچە ئورتاق مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋېتىپتىكەندە» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئىچىمدە.

مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئىنسانلارنىڭ ھايۋاناتلارغىلا ئەمەس بەلكى ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغىمۇ ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىقىدەك ئالىيجاناب مەرد — مەردانە خىسلىتى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرمۇ خېلى نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇپ، كىشى قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇراتتى.

قىزىل مىڭئۆي — تاشكېمىرلىرىدىكى 14 — كېمىرنىڭ سول تەرىپىدىكى تېمىغا سىزىلغان (بۇ خىل تېمىدىكى رەسىم يەنە 8 — كېمىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تېمىدىمۇ ئۇچرايدۇ) تام رەسىمدە توشقاننىڭ ئورمانلىقتىكى ئاچلىقتىن ئۆلۈش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر بوۋاينى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ كاۋاپ قىلغانلىقىغا دائىر ۋەقەلىك تولىمۇ تەسىرلىك قىلىپ سىزىلغانىدى.

قىزىل مىڭئۆي — تاشكېمىرلىرى تام رەسىملىرىدىكى مەيلى «پادىشاھنىڭ كەپتەرنى قۇتقۇزۇپ لاچىنغا ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ بېرىشى» تېما قىلىنغان يارالمىش قىسسىسى بولسۇن، مەيلى «توشقاننىڭ ئۆزىنى كاۋاپ قىلىشى» تېمىسىدىكى قىسسە بولسۇن مەنىۋىيىتىمگە شۇنداق قاتتىق تەسىر قىلغانىدىكى، خۇددى روھىمنى ئۆزۈم بىلەن خوشلىشىپ، قىزىل مىڭئۆي — تاشكېمىرلىرى تام رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگىنىدەك زۇمرەتتەك سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان گۈزەل ۋادىلاردا ھايۋانات بىلەن ئىناق — ئىجىل ئۆتىدىغان جەننەت كەبى ماكانغا ئۇچۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالغانىدىم.

تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىز ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەندە ئۆمىكىمىزدىكى نۇرغۇن كىشى بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن ئۈزلۈكسىز ئادەم ئالمىشىش بولۇپ تۇردى. شۇ تەرىقىدە يەنە مەلۇم ناھىيىدىكى باشلىقلاردىن بىرسى بىزگە باش بولىدىغان بولدى. باشلىق قولىدا سومكا كۆتۈرگەن، مۈرىسىگە مىلتىق ئاسقان ھالدا خۇددى ئۇرۇشقا ماڭىدىغاندەك ھالەتتە ئۆيىدىن چىقىپ كەلگەندە تولىمۇ ھەيران قالغانىدىم. كېيىن بىلسەم بۇ باشلىق ئوۋخۇمارىكەن.

بىر كۈنلۈك تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ قايتىشىمىزدا باشلىق ماشىنىنى يولنىڭ بويىدىلا توختاتقۇزۇپ مەخسۇس ئوۋ ئوۋلاشقا تۇتۇندى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يول بويىدىكى دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان بىر نەچچە پاختەكنى ئېتىپ چۈشۈردى.

— بۇ يەردىكى پاختەكلەر بەك ياۋاشكەن، — ھېلىقى باشلىق شۇنداق دېگىنىچە نىمجان بولۇپ قالغان پاختەكلەرنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېتىپ سومكىسىغا سېلىپ ماشىنىغا جايلاشتۇردى. ئۇ يەنە ئاتماقچى بولۇۋېدى، ئۇنىڭغىچە قالغان پاختەكلەر تۇيۇپ قېلىپ خۇددى مەن ئارزۇ قىلغاندەك «پۇررىدە» ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

— پاختەكمۇ يامان — ياۋاش دەپ ئايرىلامدۇ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى شوپۇر كېتىۋېتىپ.

— ۋۇي، نېمە دەيدىغانسەن. شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىدىكى پاختەكلەر بەك ھوشيار كېلىدۇ. بىز مىلتىق كۆتۈرۈۋالغانلارنى يىراقتىن كۆرە — كۆرمەيلا ئۇچۇپ كېتىشىدۇ، — باشلىق شۇنداق دېدى — دە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى:

باشلىقنىڭ پاختەك گۆشىگە ئالاھىدە ئىشتىھاسى بولغاچقا ھە دېگەندىلا ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىنى قوغلاپ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا پاختەك ئاتقىلى چىقىدىكەن. ئۇ، يەرلىك دېھقانلارنىڭ شۇنچە قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇق سانىلىدىغان پاختەكلەرنى تۇتۇپ يېمەكتە يوق، ئاللىقانداق رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئەپسانىلەر بىلەن باغلانغان بۇ جانىۋارغا قىلچە تەگمەيدىغانلىقى ھەتتا ئۇلارغا ئاتايىن ئۇۋا ياساپ بېرىدىغانلىقىدىن ھەيران قاپتۇ ۋە شۇندىلا بۇ يەردە پاختەكلەرنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپتۇ. شۇڭا، ئۇ ھە دېگەندىلا تالاي پاختەكنى ئېتىۋاپتۇ.

كېيىنچە نېمىشقىدۇر پاختەكلەر ھېلىقى باشلىقتەك ئادەملەرنى كۆرسە ئۇچۇپ كېتىدىغان بوپقاپتۇ. ئۇ باشلىق ئۈركۈگەن پاختەكلەرنىڭ باشقا ياقلارغا ئۇچۇپ كەتمەستىن ئېتىزلىقلاردا ئەمگەك قىلىۋاتقان ياكى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بېرىۋالغانلىقىغا قاراپ ھەيرانۇ — ھەس قاپتۇ. «ئەجەبا، باشلىقمۇ ئادەم تۇرسا، بىزدىن ئۈركۈگەن پاختەكلەر نېمىدەپ دېھقانلاردىن ئۈركۈمەيدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ پاختەكلەرگە قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ.

باشلىق ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ بىر دېھقاندىن كونا كۆرەك تۇماق ۋە مازلىرى چۇۋۇلۇپ تۇرىدىغان كونا يەكتەكنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇنى كىيىپ دېھقان سىياقىغا كىرىۋېلىپ شۇ يوسۇندا يەنە تالاي پاختەكنى ئېتىۋاپتۇ...

باشلىقنىڭ سۆزى ئاخىرلىششى بىلەن تەڭلا ماشىنىنىڭ ئىچىنى كۈلكە سادالىرى بىر ئالدى. بوغۇزۇمغا قاتتىق بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ چېكە تومۇرلىرىم لوققۇلداپ كەتتى. شۇئان كۆز ئالدىمدا قىزىل مىڭئۆي — تاشكېمىرلىرى تام رەسىملىرىدىكى ئۆز بەدىنىدىن قان تەپچىپ تۇرغان گۆشنى كېسىۋېلىپ كەپتەر ۋە لاچىننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ساخاۋەتلىك پادىشاھ بىلەن دېھقان سىياقىغا كىرىۋېلىپ پاختەك ئوۋلاپ يۈرىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك ھېلىقى مەنسەپدارنىڭ سىيماسى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلماقتا ئىدى.

ئەنە، بىرسىنىڭ بەدىنىدىن قىپقىزىل ساپ قېنى، بىرسىنىڭ يەپ تويماس ئاغزىدىن ئىشتەي شۆلگىيى ئاقماقتا.

1994 — يىل كۈزدە قەلەمگە ئېلىندى

2003 — يىل ئاپرېلدا قايتا يېزىلدى

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايىتى كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ خادىمى (M1)

# ھايۋاناتلارنىڭ خەلقئارا قىزىق ئوقۇتقۇسى

روزىجان ئابلىز ئىللىق



بۇ يىل يازدا ئامېرىكا نىگاگارا ئورمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى بىر تۆپىلىكتە ھايۋاناتلار خەلقئارا جەمئىيىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ كۈچلۈك تەلپىي، ئىنكاسىنى كۆزدە تۇتۇپ، جىددىي يىغىن چاقىردى. يىغىنغا دۇنيادىكى ھەرقايسى ھايۋانلارنىڭ رەئىسى ياكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى، ھايۋاناتلار خەلقئارا جەمئىيىتىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك باش كاتىپى يولۋاس ئەپەندى قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئەسلىدە بۇ يىغىن پۈتكۈل دۇنيادىكى ھايۋاناتلارنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىغا قارىتا ئېچىلغان «پىكىردە بىرلىككە كېلىش» خاراكتېرىدىكى يىغىن بولۇپ، يىغىندا ئاساسلىقى ئادەملەر بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ھايۋاناتلارنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى، تېررىتورىيە مەسىلىسى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسى، دۇنيا سىياسىي ھاۋاسى... قاتارلىق جانىجان مەنپەئەتكە چېتىشلىق چوڭ مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىناتتى. ئەمما يىغىن باشلىنىشى بىلەنلا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ھايۋانلار ھەر خىل شوئار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ نامايىش قىلىشتى.

– تىنچ، تىنچ، – دېدى رەئىس سەھنىسىنىڭ ئوڭ چېتىدە ئولتۇرغان نىگاگارا ئورمانلىقىدىكى ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى، ھايۋاناتلار خەلقئارا جەمئىيىتىنىڭ يىغىن كۆزەتكۈچىسى، بۇ قېتىملىق يىغىن رىياسەتچىسى قېرى شىر بار ئاۋازى بىلەن جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتىپ.

– كۆپچىلىك، بۈگۈن ھەممىمىز بۇ يەرگە يىغىلىپ تولىمۇ خەيرلىك ئىش بولدى. قانداقلىكى ئىش بولسا يىغىندا مۇزاكىرە قىلىپ تىنچ، ئىناق – ئىتتىپاقلىق بىلەن ھەل قىلايلى. قېنى ئەمسە ھايۋاناتلار خەلقئارا جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى يولۋاس ئەپەندىنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

– ھىم، – دەپ كارنىيىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى يولۋاس، – دۇنيانىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇۋاتىدۇ. بىز ھايۋاناتلارنىڭ ياشاش مۇھىتى كۈندىن – كۈنگە ناچارلىشىۋاتىدۇ. تەبىئىي ئاپەت، ئۇرۇش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بەزى قېرىنداشلىرىمىزنى ئاچ – يالىڭاچلىقتا قويۇپ، ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى، بەزەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. پېقىر دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ، يەنىلا ئادەملەر تەرىپىدىن چەكلىنىپ قېلىۋاتىمەن. مەن يەنە بۇنىڭدىن كېيىن ب د ت نىڭ باش كاتىپى كوففي ئاننان ئەپەندى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ھايۋاناتلارنىڭ ياشاش مۇھىتى توغرىسىدا چوقۇم ياخشى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەۋلادلارغا ياخشى ياشاش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

يولۋاس شۇنداق دېدىدە، ئالدىدىكى قەھۋەدىن بىر نەچچە يۇتۇم ئوتلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

– بىزنىڭ بۇ قېتىمقىدەك ئۇچراشمىقىمىز ئاسان ئەمەس، شۇڭا تەكلىپ، پىكىر ئەكەلگەن ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى رەتلەپ، قارار ماقۇللاپ چىقىشىمىز لازىم. ئادەملەر بىلەن بولغان مەسىلە ئەڭ نازۇك مەسىلە. مېنىڭ تەكلىپىم، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلايلى، شۇڭا، كۆپچىلىكنىڭ بۇ ھەقتە كۆپرەك توختىلىشىنى سورايمەن. كۆپچىلىككە رەھمەت.

ئالقىش سادالىرىدىن كېيىن يىغىن رىياسەتچىسى شىر ئەپەندى ۋەكىللەرنى پىكىر – تەكلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

## تىلسىزلار نېمە دەيدۇ

ئالدى بىلەن ئافرىقىدىن كەلگەن گەۋدىلىك پىل ئەپەندى سۆز باشلىدى:

– كۆپچىلىك، بىز ھازىر ھەممىمىز كرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز، بۇ كرىزىس بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىزنى تۈگەشتۈرۈۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، ئادەملەر ئورمان بويلىرىغا «ھايۋاناتلار ئادەملەرنىڭ يېقىن دوستى» دەپ يېزىپ قويۇپتۇدەك. بەزى ساددا قېرىنداشلىرىمىز بۇ يالغان گەپكە ئىشىنىپ ئادەملەرگە يولۇققاندا ئېھتىيات قىلماي ئاخىر ئۇلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەملەر ئورمانلارنى كېسىپ، بىزنى ئوۋلاپ چىشلىرىمىزنى ساتماقتا. ئادەملەر ۋەھشىيلىكتە پاددىشاھىمىز شىردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بىز شۇنى تەخىرسىز تونۇشىمىز لازىمكى، ئادەملەر بىز ھايۋاناتلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. بىز ھەممىمىز بىر نىيەتتە ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇشىمىز ۋە تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. مەن كۆپچىلىكنىڭ بۇ تەكلىپىمنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىنى سورايمەن، – دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى پىل.

– مەن پىل ئاكامنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن! – دەپ سۆز باشلىدى ئېغىر – بېسىق سۆزلەيدىغان، پۇشۇلداپ تۇرىدىغان كالا، – پىل ئاكام بەك ئاشۇرۇۋەتتى. ئادەملەر ئۇنداق قەبىھ ئەمەس، ئادەملەر بارا – بارا ھايۋاناتلارنى ئۆزىنىڭ دوستىدەك ئاسرىماقتا، ھەر خىل قانۇن – سىياسەت تۈزۈپ بارلىق ھايۋاناتنى نۇقتىلىق قوغدىماقتا. بۇ بىر كۆز يۇمغۇسىز پاكىت. ئەمدى قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەنگە كەلسەك، بۇ ئاز ساندىكى شەخسىيەتچى كىشىلەرنىڭلا ئىشى. دەرھەقىقەت، ھەممىمىز ئۆلۈمىز. ئادەملەر مېنىڭمۇ قېرىنداشلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىمىزنى ئىستېمال قىلىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ياشاش شارائىتىمىزنى ئادەملەر ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ پىلانلىق تۈردە كۆپەيتمەكتە. مەلۇم دەرىجىدە ئەركىنلىكىمىزمۇ بار تېخى. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ھىندىستان كوچىلىرىدا بىمالال يۈرەلەيمەن. ئىسپانىيىنىڭ بۇقا سوقۇشتۇرۇش مەيدانلىرىدا كارامىتىمنى كۆرسەتسەم، ئارگېنتىنانىڭ ھاۋالىق ئوتلاقلىرىدا ئوتلىيالايمەن. شۇڭا مەن كۆپچىلىكنىڭ ئادەملەرگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىماسلىققا، ئۇلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرماقچى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن مۇشۇكئېيىق، قوي، پىلە قۇرتى،ئات، كەپتەر، توخۇلار بەس – بەستە ئادەملەرنى ئاقلىدى. ئادەملەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىشنى، ئادەملەرنىڭ چىشىغا تەگمەسلىكنى، ئادەملەرگە بويسۇنۇپ ياشاشنى، ئادەملەر بىلەن دۈشمەنلىشىشنىڭ ھايۋاناتلارغا كەلتۈرىدىغان بالايىئاپەتلىرىنى سۆزلىدى.

يىغىن ئەھۋالىنى تەپسىلىي خاتىرىلەۋاتقان مۇخبىر قىزچاق سېغىزخان خېنىم بىلەن تېلېكامېرا كۆتۈرۈپ يىغىننى سۈرەتكە ئېلىۋاتقان ئېشەكجانمۇ ئالدىراش ئىدى.

نۆۋەت ئوتتۇرا شەرق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەئىسى تۆگىگە كەلگەندە، ئۇ پۇشۇلداپ تۇرۇپ ھەسرەت بىلەن سۆزلىدى:

– مەن ۋە قېرىنداشلىرىم ھەممىڭلاردىن بەختسىزلەر. ئەسلىدە بىزمۇ بۈك – باراقسان، ياپيېشىل ئوتلاقلاردا ياشىساق بولاتتى، بىراق ئادەملەر بىزنى دەشتۇ – چۆللەرگە سۈرگۈن قىلدى. ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقنىڭ دەردىنى ھېچكىم بىزچىلىك تارتماس. ھەممىڭلارغا مەلۇم، 2003 – يىلى ئامېرىكا ئىراققا ئۇرۇش قوزغىغاندىن بۇيان مەزھەبلەر ئۆزئارا سوقۇشۇپ يۇرتۇم ئىراق ئۇرۇش ئوتىدا قالدى. گەرچە بۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى – جېدەل، ئۇرۇش بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ قۇملۇقتىكى ماڭا ئوخشاش تالاي ھايۋان ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، نۇرغۇنلىرى قىرىلىپ كەتتى.

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يوغان، ئەمما غەمكىن كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش سىرغىپ چىقتى.

رەھمەتلىك ئاتام ۋە ئىككى ئوغلۇم ئامېرىكىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەر»ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ قۇربانى بوپكەتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئامېرىكا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۇرتى بولغان ئىرانغا ئۇرۇش قوزغاش مەقسىتىدە بولۇۋاتىدۇ. يەنە ھېلىقى ئىسرائىلىيە دېگەن دۆلەت ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدەك غوجىئاكىلىرىنىڭ ياردىمىدە پەلەستىننى بوزەك قىلىپ، بۇ رايوندا ئايىغى چىقماس «مارافون»چە ئۇرۇشنى باشلاپ، بىزنىڭ بۇ يەرلەردە تۇرۇشىمىزغا ئىمكان بەرمىدى. دۇنيادا ئەگەر ئۇرۇش تۈگىمىسە، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىدىگىمۇ، ئاددىيسى، بىز ھايۋاناتلارغا تېخىمۇ كۈن يوق. مەن ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ بىزنى قوغداش ئۈچۈن مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ، ئىجرا قىلغانلىقىغا كۆز يۇممىسامىمۇ، بۇ قانۇننى ئادەملەر تۈزگەنىكەن، يەنە ئۇنى ئادەملەر دەپسەندە قىلىۋېرىدۇ. مېنىڭ تەكلىپىم، ئۆزىمىز بىر قانۇن لايىھىسى تۈزۈپ ب د ت غا يوللايلى.

تۆگىنىڭ ئارقىسىدىن ئىت قاۋاپ مىكروفوننىڭ ئالدىغا كەلدى:

– كۆپچىلىك، ئادەملەرنى ئۇنداق بەك سەتلەپ كەتمەيلى. ئادەملەرنى بەك ئەسكى دېسەك بىر تەرەپلىمىلىك بوپقالار. ئاددىيسى، ئادەملەر مەندىن ئايرىلالمايدۇ، مەن ئۇلارغا ۋاپادارلىق كۆرسەتكەن. باشقا يەرنى قويۇپ تۇرۇپ ئامېرىكا خەلقىنى ئېلىپ ئېيتساق، مەن ئۇلار بىلەن بىر ئائىلىدە بىللە ياشايمەن.

– ئاغزىڭنى يۇم، سەن دېگەن ئادەملەرنىڭ يالاقچىسى. ئادەملەرنى كۆرسەڭ قۇيرۇقىڭنى شىپاڭشىتىپ كېتىسەن، سېنى كىم بىلمەيدۇ؟ – دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى قاپلان.

– توغرا، ئادەملەر بەكلا قەبىھلىشىپ كەتتى. زامان تەرەققىي قىلغانسېرى ئادەملەردە مېھىر – مۇھەببەت، ھېسداشلىق، شۈكۈر – قانائەت قالمىغىلى تۇردى. ئۇلار مېنىڭ مۈڭگۈزۈمنى دەپلا مېنى مىلتىق بىلەن ئاتىدۇ، – دەپ شىكايەت قىلدى پەستە ئولتۇرغان بۆكەن.

– يېقىندا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرسام ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىسىملىك بىر قىزىقچى شەيتاننىڭ رولىنى ئېلىپ ئىتوت ئويناپ چىقىپتۇ. ئىتوتتا ئادەملەر ھىيلە – مىكىر، ساختىپەزلىكتە تەرەققىي قىلىپ شەيتاندىنمۇ ئېشىپ چۈشكەنلىكى تۈپەيلى شەيتانمۇ خىزمەتسىز قاپتۇدەك. شۇ سەۋەب شەيتانمۇ ھەسرەتتىمىش. ئەمدى ئادەملەرنى ئازدۇرۇشتا ئىمكان قالمىغانلىقىنى بىلگەن شەيتان پات يېقىندا بىز ھايۋاناتلارنى ئېزىقتۇرۇپ كۆڭلىنى ئاچارمىش. قارىماسلەر، ئادەملەر تۈپەيلى بىزگە كۆز قىرىنى سالمايدىغان شەيتان ئەمدى بىزگە بالا بولىدىغان بولدى، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ – دەپ ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى كىيىك.

– كۆپچىلىك، مەن قۇشلارغا ۋاكالىتەن ئىككى ئېغىز سۆزلەي، – دەپ سۆز باشلىدى قىزىل ئىبىس خانىم دەرەخ شېخىغا قونۇپ تۇرۇپ، – ماڭا قاراڭلار، گۈزەللىكىم سەۋەبىدىن ئادەملەر مېنى بوش قويۇۋەتمىدى. مەن ھازىر دۇنيادىكى نەسلى قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان، سانى 100 گىمۇ يەتمەيدىغان قۇش. مېنىڭ بۇ كۈنگە قېلىشىمغا

ئادەملەر سەۋەبچى.

دېڭىز ـ ئوكيان ۋەكىللىرىدىن ئاق پالاقلىق دېلفىن ئەلەم بىلەن سۆزلىدى:

ـ دېڭىزدا مەندەك بىچارە يوقتۇ، دەيمەن. مەن ئادەملەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمىگەنغۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن...؟! ـ ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

ـ پېقىر ئۆزۈم كىچىك بولغىنىم بىلەن، ـ دەپ سۆزگە ئارىلاشتى كۇمۇتا غىڭشىپ، ـ ئادەملەر سىلەرنى ھەقىقەتەن بوزەك قىلغان بولسا، ئەنتىڭلارنى ئېلىشقا قۇربىتىم يېتىدۇ، ئادەملەر ئەسلىدىمۇ مېنىڭ ئوزۇقلۇق مەنبەيىم. قېنىمۇ تاتلىق. مەن پاشا ئاكام بىلەن بىرلىشىپ كۆپچىلىكنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىمەن. يىغىنغا قاتناشمىغان بولسام، دۈشمىنىمنى بىلمەي يۈرەركەنمەن؛ ئەمدى ئات، كالا، قوي ئاكىلىرىمنى چاقماي ئادەملەرنى نىشان قىلىمەن.

قاق ـ قاق قىلىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ سۆزلىدى قاغا:

ـ مەن ئادەملەر ئۈچۈن پايدىلىق، نېمە ئۈچۈندۇر ئادەملەر مېنى «يامانلىقنىڭ بېشارىتى»دەپ يامان كۆرىدۇ.

ـ ھوي ـ ھوي، نېمە ھەممىڭلار چەت ئەلنىڭ رادىئوسى ئاڭلاشقاندەك گېپىمنىڭ بېلىگە تېپىپ، تاشقان چۆگۈندەك قايناپ كەتتىڭلارغۇ، ـ دەپ يەنە قاۋاپ سۆز باشلىدى ئىت.

ـ توغرا، مەن ئادەملەرنىڭ نېنىنى يەۋاتىمەن، شۇڭا ئادەملەر ئۈچۈن ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلمىسام بولماس. ئىسكىلاردا بولسۇن، كەم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. يولۋاس، شىر ئاكىلىرىم ئادەملەرگە خىرىس قىلمىغان بولسا، دۈشمىنىم بۆرە ئادەملەرنىڭ قويىنى يەۋالمىغان بولسا، تىمساھ تاغام ئادەملەرنى چىشلىمىگەن، يىلانمۇ ئادەملەرنى چاقمىغان بولسا، چاشقانمۇ ئادەملەرنىڭ نېسىۋىسىگە چاقچاق قىلمىغان بولسا، بۇ كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتى. «چاشقاننىڭ قىساسى مۈشۈكتە قالمايدىغان جاھان بۇ». بۇنى پېشانەڭلەردىن كۆرۈڭلار. ئادەملەرنى ئەسكى دېسەڭلەر، پېقىر بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن.

ـ ئىتنىڭ سۆزلىرى دەر ھەقىقەت، ـ دەپ شەيتانلىق قىلدى مايمۇن.

ـ ئادەملەرنىڭ ئەقلى بىزدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن كەتتى، ـ دەپ قويرۇقىنى شىپاڭشىتىپ سۆز باشلىدى تۈلكە، ـ ئەمدى ئادەملەرگە چاقچاق قىلمايلى. ئاددىيسى مەن ھىيلىلىرىمنى ئىشلىتىپ ئادەملەرنى ئالداپ بولالماي، ئاخىر تۇمشۇقۇمدىن ئىلىنىدىغان ئوخشايمەن.

ـ كۆپچىلىك، مەن بىر ياخشى تەكلىپ بېرەي ـ دەپ سۆز باشلىدى ئۇزۇن بويۇن زىراپە، ـ بۇ ئىشنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلايلى.

ـ توغرا، زىراپە بويىغا لايىق تەكلىپ بەردى، ـ دەپ زىراپىنى ماختىدى ھايۋاناتلار خەلقئارا جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى يولۋاس ئەپەندى، ـ ھەر ۋەكىلگە بىر ئاۋاز. ئاۋازغا قويۇپ، ئادەملەر بىلەن تىنچلىقتا بىرگە تۇرۇپ ئادەملەرگە بويسۇنامدۇق ياكى ئادەملەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىمتىيازىنى، ئەركىنلىكىمىزنى، ھۆرمىتىمىزنى تىكلەمدۇق؟ بىلەتنى چۈشتىن كېيىن تارقىتىپ، قارارنى ئاۋازغا قارىتا ماقۇللايمىز، كۆپچىلىك، بۇنىڭغا قوشۇلامسىلەر؟

ـ قوشۇلىمىز. ـ شۇنداق قىلىپ بارلىق ھايۋاناتنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ مېھمانخانىسىغا قايتىشتى.

---

ئاپتور 18 ياش، خوشۇت ناھىيە بازىرىدا، دېھقان ئىشلەمچى. بۇ يازما ئاپتورنىڭ تۇنجى ئەسرى (M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسمى ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يىراق ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئۈچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تاپچۇق كۈلكىلەر

## مەركىزىي شەھەردىكى يېڭى گەپلەر

1

21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگودا كەسىپ قانۇنىيىتى مۇنداق: ساۋاتسىز ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر خوجايىن بولۇۋاتىدۇ.

تولۇقسىز مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر بالا ئىشچى بولۇۋاتىدۇ.

ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر ھەر تەرەپكە قاتراپ «خىزمەت تەلەپ قىلىش جەدۋىلى»نى تولدۇرۇۋاتىدۇ.

دوكتورلۇق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار چەت ئەللەردە تەخسە يۇيۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ!

2

ئالىي مەكتەپتە ئىمتىھان ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن:

بىرىنچى خىلدىكىلەر: كۆز بويامچىلار.

ئىككىنچى خىلدىكىلەر: ھەر قانداق ئوقۇتقۇچى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلار.

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر: ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىغانلار.

ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن بىرىنچى تۈردىكىلەر قابىل سودىگەر، ئىككىنچى تۈردىكىلەر سىياسىي ئەرباب، ئۈچىنچى تۈردىكىلەر ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

ـ ۋېي جيەنمېي

## كارامەت ۋاستىلەر

ئاغرىپ قېلىپ ساقىيىشقا كۆزىڭىز يەتمىسە، دوختۇرنى ئەمەس، مۇخبىرنى ئىزدەڭ.

ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىڭىز، يېقىن دوستىڭىزنى ئەمەس، گېزىتخانىنى ئىزدەڭ.

يولدا بۇلاڭچىغا ئۇچرىسىڭىز، ساقچىنى ئەمەس، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى ئىزدەڭ.

لايىق ئىزدەپ سۆيگۈ ئىزھار قىلىشقا ھاجىتىڭىز چۈشسە، لايىق تونۇشتۇرغۇچىلارنى ئەمەس، قىسقا ئۇچۇر يوللاڭ.

يۈرەك پارىڭىز ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، داۋراڭ سېلىپ يۈرمەي، ئېلانغا تايىنىڭ.

ـ ۋاڭ جىچىن

## يېزىقسىز ئويۇن

بۇ قىسقا فېليەتوندىكى گەپلەر گەرچە قىسمەنلىك بولسىمۇ، ئىجتىمائىي مۇھىت بۇزۇلغان، چىرىكلىك، كۆز بويامچىلىق، شەكىلۋازلىق باش كۆتۈرگەن بەزى ساھەلەردىكى ساختىپەزلىكلەرنىڭ بىر تەرىپى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قاتتىق چەكلەپ تەدبىر قوللىنىۋاتقان، قانۇن ۋە سىياسەت، «سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»غا خىلاپ سەلبىي قىلمىشلار ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي نەزەر بىلەن قارايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ـ ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىردىن تەقرىز

**يېغىن ئارقىلىق يىغىننى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز؛ ھۆججەت ئارقىلىق ھۆججەتنى ئىجرا قىلىمىز؛ شوئار ئارقىلىق شوئارغا ئاۋاز قوشۇمىز؛ ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزىمىز؛ بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئارقىلىق بۇيرۇققا بويسۇنىمىز؛ قۇرۇق گەپ بىلەن قۇرۇق گەپكە ماسلىشىمىز؛ مەسلىسى بار كادىرلار مەسلىسى بار رەھبەرلەرنىڭ رايىغا باقىمىز، مەسلىسى بار رەھبەرلەر مەسلىسى بار كادىرلارنى ئۆستۈرىمىز.**

**ـ تاڭ فېڭبەي**

---

«فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 4 ـ سانىدىن.

**زۆھرەگۈل ئەخەت** تەرجىمىسى. تەرجىمان: يېڭىسار ناھىيە سېتىلە يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

# قىرتاق پاراڭلار

## جۇڭگو ۋە غەربنىڭ مائارىپى

### ئائىلە باشلىقى قىسمى

1. يولدا يىقىلىپ چۈشكەن بالىغا قارىتا

جۇڭگودا: كەل ئاپئاق قوزام، ئاناڭ (داداڭ) سېنى يۆلەپ قويىدۇ.

غەربتە: بالام، جىگەرلىكرەك بول، ئۆزۈڭ ئورنىڭدىن تۇرغىن.

2. بالىنىڭ قىزىقىشىغا قارىتا

جۇڭگودا: بالام، مەن سېنى پىئانىنو، گۈزەل سەنئەت، يېزىقچىلىق كۇرسىغا تىزىملىتىپ قويدۇم...ياخشىراق ئوقۇغىن.

غەربتە: ئۆزۈڭ ئىشلىمەكچى بولغان ئىشنى تىرىشىپ ئىشلىگىن، پەقەت سەن ئەھمىيەتلىك دەپ قارىساڭلا، داداڭ بىلەن ئاناڭ سېنى مەڭگۈ قوللايدۇ.

3. بالىنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا

جۇڭگودا: سەن چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈپ، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، كەلگۈسىدە ياخشىراق خىزمەت تېپىشىڭ لازىم.

غەربتە: بالام، رەت ـ رەت يوللار رىمغا تۇتاشقىنىغا ئوخشاش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپ.

4. ئىمتىھان ئالدىدىكى بالىغا قارىتا

جۇڭگودا: مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئىمتىھاننى ياخشى بەر. ئىمتىھاندىن يەنە ئۆتەلمىسەڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!

غەربتە: بالام، ئىمتىھاننى خالىنىڭچە بەر، پەقەت سەن تىرىشساڭلا، نەتىجىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

### ئوقۇتقۇچىلار قىسمى

1. خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچىغا قارىتا

جۇڭگودا: سېنىڭ بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ؟ ئەتە ئاتا ـ ئاناڭنى باشلاپ كەل، ئاڭلىدىڭمۇ!

غەربتە: بالام، مۇئەللىم بىلەن زاكونلاشساڭ قانداق بولىدۇ... بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلغىن.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى باشقىچە پىكرىگە قارىتا

جۇڭگودا: تىنچ ئولتۇرۇپ ھەممىڭلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلار!

غەربتە: ساۋاقداشلار، ئوخشىمايدىغان پىكىر بارمۇ؟ سىز ئېيتىپ بېقىڭ.

3. ئىمتىھاندا لاياقەتسىز بوپقالغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا

جۇڭگودا: سەنلەر بىر قانچىڭ نېمشقا ئىمتىھاندىن يەنە ئۆتۈشەلمىدىڭ؟ بۇ بىر قانچىڭ پۈتكۈل سىنىپنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر يەتكۈزۈشتىڭ، بىلىشتىڭمۇ؟ كېلەر قېتىم مۇبادا ئىمتىھاندىن يەنە ئۆتۈشەلمىسەڭ، مەكتەپكە كېلىشكۈچى بولۇشما!

غەربتە: ئوقۇتقۇچىڭلارغا دەڭلار، نېمە بولدى؟ مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى سىلەر چۈشىنەلمىدىڭلارمۇ ياكى ئىمتىھان سوئالى بەك قىيىن چىقىپ كېتىپتىمۇ؟

---

يەن شياۋشۇ قەلىمىدىكى بۇ سېلىشتۇرما «ھازىرقى زامان ئاياللار گېزىتى. جەمئىيەت» گېزىتىنىڭ 2006 ـ يىل 28 ـ مارت سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 6 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

## چوڭ بولغاندىن كېيىن...

بىر قانچە كىچىك بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

بازار باشلىقىنىڭ بالىسى:

ـ مەن ھاكىم بولىمەن. گەرچە دادامنىڭ پۇلى، ھوقۇقى بولسىمۇ، بىراق دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ھاكىم بىلەن سېلىشتۇرغاندا دادامنىڭ پۇلى بىلەن ھوقۇقى ھېچ گەپ ئەمەسكەن، ـ دەپتۇ.

رېستوران خوجايىنىنىڭ بالىسى:

ـ مەن ساقچى بولىمەن! يېزا باشلىقى ھەمىشە بىزنىڭ رېستورانىمىزغا ئادەم باشلاپ كېلىپ تاماق يەپ، نۇرغۇن پۇلنى نېسى قىلىۋەتتى. مەن ساقچى بولۇپ ئۇلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولايمەن، ـ دەپتۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ بالىسى:

ـ مەن خوجايىن بولۇپ، كۆپ پۇل تاپىمەن. يېزىدىن دادامنىڭ مائاشىنى بەرمىگىلى بەش يىل بولدى. يۇقىرىغا مەلۇم قىلسا، ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. مەن خوجايىن بولسام، دادامنىڭ مائاشىنى تولۇقلاپ بېرەلەيمەن، ـ دەپتۇ.

ـ گوجىنچۈەن

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 11 ـ سانىدىن.

**ئەسقەر ئەھمىدى** تەرجىمىسى. تەرجىمان قەشقەر شەھەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## قىرىق ئەرگە تەگسىمۇ قىز پېتى تۇرىدىغان پەرىزات

(فېلىيەتون)

مەمتىمىن ئابلىز

مۇشۇ زامان، مۇشۇ جاھاندا جەمەتى زېمىننى قاپلىغان، شەيتاندىن تەلىم ئېلىپ ئادىمزاتنى ئۆزىگە ئەرمەك قىلىپ ئوينايدىغان، ئادەم ئۇنىڭغا تويمايدىغان بىر پەرىزات بار ئىكەن. ئۇ، مېھرىنىڭ ئىسسىقلىقى، چېھرىنىڭ ئىللىقلىقى، ئىشقىنىڭ يالقۇنلۇقلىقى ۋە كۆپكە قادىر قۇدرىتىنىڭ ھىمايىسىدە ماددىي دۇنيادىن روھىي دۇنياغا نازغىپ كىرىپتۇ.

ئۇ پەرىزات كۆيىمەي كۆيدۈرۈپ، سۆيىمەي سۆيدۈرۈپ، كۈندە قىرىق ئەرگە تېگىپ قىرىقتىن تۇغۇپ، نەچچە قىرىق ئەرنى قەبرىسىگە ئۆزىتىپ قويۇپ، يەنە لېۋەن قىز پېتى ئالدىدىكىلەرنى ئارماندا، كەيىندىكىلەرنى ھىجراندا ئۆرتەپ، ئالقانىڭ ئۈستىدە ئويناپ، يۈرەكنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ خىرامان كۈلۈپتۇ. تىجارەتنى بويلاپ، بازارلاردا تويلاپ، كەمبەغەلنى ئاز ـ تولا يوقلاپ، باينىڭ ئۆيىدە قونۇپتۇ. ئەقىللىقنى قوللاپ، ھاماقەتنى گوللاپ، سودىگەرنى ئۇخلاتماي، تەييارتاپنى ئويغاتماي، يوقسۇللارنى تەلمۈرۈتۈپ، بانكىلارنى سەمرىتىپ، ھۇرۇنلاردىن تېنىپتۇ. سەھرالارغا كۆپ بارماي، بارسا ئۇزاق تۇرالماي، قول ئۇچىنى دېھقانغا يازدا، كۈزدە سۆيدۈرۈپ، قالغان چاغدا ئوتىدا كاۋاپ قىلىپ كۆيدۈرۈپ، تۇتۇق بەرمەي بېلىقتەك دېڭىز تامان ئۈزۈپتۇ. ئايلىقچىغا ئايدا بىر ۋىسالىنى جام قىلىپ، ئاي توشقۇچە جام قۇرۇپ تاقىتىنى شام قىلىپ، ئۇزاق تۇرماي يانچۇقتا، رېستورانغا قېچىپتۇ. ھۆددىگەرگە مەيدىسىنى، ھۆپىگەرگە دۈمبىسىنى، دىرېكتورغا بېلىنى، پارىخورغا لېۋىنى، تەمەخورغا قېشىنى، پايلاقچىغا چېچىنى، تىلەمچىگە پېشىنى... تالاشتۇرۇپ، ئولاشتۇرۇپ مېڭىپتۇ. بەزىلەرنى تۈرمىدە، بەزىلەرنى گۆرىدە، بەزىلەرنى كېسەلخانىدا... ياتقۇزۇپ، بەزىلەرنى قۇتقۇزۇپ، بەزىلەرنى قۇسقۇزۇپ، بەزى جايدا پاخالدەك، بەزى جايدا ساقالدەك كۆرۈنۈپ قويۇپ، ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولماي مەردانە ھالدا يېگانە ھەم شاھانە دەۋران سۈرۈپتۇ.

ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ پەرىزات نەرسىمۇ ياكى ئىنسانمۇ؟ سىز ئۇنىڭغا قۇلمۇ ياكى سۇلتانمۇ؟ پەزىلەت ئۈچۈن پەرىزاتتىن كېچەلەمسىز ياكى پەرىزات ئۈچۈن پەزىلەتتىن كەچتىڭىزمۇ؟!

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا خادىمى (MI)

# مەن كۆرگەن ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىلىقلار



ھەجەر. ئا. سابىت

مەن 2001 ـ يىلى سېنتەبىردىن 2002 ـ يىلى سېنتەبىرگىچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پايتەختى ۋاشىڭتوندا چوڭ قىزىم گۈلھايانىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدىم. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندەك، مەن بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە تالاي تەسىرلىك ئىشقا يولۇقۇپ، ئۇنتۇلماس تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم.

## ۋاشىڭتون ھەققىدە

ۋاشىڭتون ئىنتايىن گۈزەل شەھەر بولۇپ، بۇلغاش خاراكتېرلىك ئېغىر سانائەت بولمىغاچقا، شەھەر مۇھىتى تولىمۇ پاكىز، ھاۋاسى ساپ، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى بەكمۇ مول، سۈپەتلىك، ئىشەنچلىك، خىللىرى تولۇق، ھەممە كىشىگە باب كېلىدىكەن.

فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگىنى ـ رەئىس جۇمھۇر مەھكىمىسى (ئاقساراي)، دۆلەت مەجلىسى بىناسى (دۆلەت مەجلىسى تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، گوۋۇيۇەن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى (بەشبۇرجەكلىك بىنا) ۋە دۆلەتنىڭ باشقا مۇھىم ئاپپاراتلىرى ۋاشىڭتونغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بۇ شەھەرنى ئامېرىكىنىڭ يۈرىكى، دېيىشىدۇ. ئامېرىكا جۇغراپىيىسىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇمكى، ۋاشىڭتوننىڭ تولۇق ئاتىلىشى ۋاشىڭتون كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونىدۇر. بۇ شەھەرگە ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق ئۇرۇشى» نى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ، تۇنجى قېتىم رەئىس جۇمھۇرلۇق تەختىگە ئولتۇرغان گېنېرال جورجىي ۋاشىڭتون (1799 ـ 1732) بىلەن 1492 ـ يىلى ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى بايقىغان ئىتالىيىلىك دېڭىزچى كولومبونى خاتىرىلەش ئۈچۈن شۇنداق نام قويۇلغان. ئۇنىڭ پايتەخت قىلىپ تاللىنىشىدا كۆپ تەرەپلىك سەۋەب بولسىمۇ، مۇھىمى بۇ جاينىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە 13 شتاتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى، يىغىلىپ مەجلىس ئېچىشقا ئەپلىك بولغانلىقى، ئاتلانتىك ئوكيانىدىكى كېمىلەرنىڭ پوتوماك دەرياسى ئارقىلىق پايتەختكە بىمالال كېلەلەيدىغانلىقى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەب، ۋاشىڭتون ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى چىساپىك قولتۇقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ شەھەرنى كېسىپ ئۆتكەن پوتوماك دەرياسى ئۇنى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. 178 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ۋاشىڭتون رايونىنىڭ كۆپ قىسمى ئورمانلىق بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. سۇ، ئورمان بايلىقىنىڭ موللىقى، قۇرۇلۇش قىلىشقا ئەپلىكلىكى ھەم رەئىس جۇمھۇر ۋاشىڭتوننىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىن بولغانلىقى ئۇنىڭ پايتەخت قىلىپ تاللىنىشىدىكى ئىككىنچى ئاساسلىق سەۋەبتۇر.

ۋاشىڭتوندا كىشىنى جەلپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايلار كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاقساراي پېنسىلۋانىيە كوچىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 73 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئاقساراي قۇرۇلۇشىغا رەئىس جۇمھۇر ۋاشىڭتون ئۇل سالغان. قۇرۇلۇش 1800 ـ يىلى پۈتكەن. ئامېرىكىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك رەئىس جۇمھۇرى جون ئادامس

## ئائىلىرىمىز ئەزەرىدىكى چاپات ئال

(1826 ـ 1735) ئاقسارايدا ئولتۇرغان رەئىس جۇمھۇردۇر.

1814 ـ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئاقسارايىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. 1817 ـ يىلى قايتا ياسالغان. 1952 ـ يىلى ئىچى ئۆزگەرتىلىپ، ئەسلىدىكى 62 ئېغىز ئۆي 132 ئېغىزغا كۆپەيتىلگەن. ئاقسارايىنىڭ ئىچىگە تارىختا ۋەزىپە ئۆتىگەن رەئىس جۇمھۇرلارنىڭ رەسىم ۋە سۈرەتلىرى ئېسىلغان. ئۇلار ئىشلەتكەن قاچا ـ قۇچىلار ۋە باشقا نەرسىلەر رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، ھەر يىلى بۇ جايىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغانلار 21 مىليون ئادەم (قېتىم) دىن ئاشىدۇ.

يېشىللىققا پۈركەنگەن دۆلەت مەجلىسى تېغىدا ۋاشىڭتون شەھىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ياسالغان يۇمىلاق شەكىللىك يەنە بىر بىنا دۆلەت مەجلىسى بىناسى بولۇپ، بۇ بىنانىڭ گۈمبەز شەكىللىك تورۇسىغا «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات» لاردىن نۇرغۇن ئايەت پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا گېنېرال ۋاشىڭتوننىڭ ھەيۋەتلىك رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە ئەركىنلىك ئايال ئىلاھلار توپى بىلەن غالىبىيەت ئايال ئىلاھلار توپى ۋە بىر تۈركۈم ھۆر ـ پەرىنىڭ رومانتىك پورترېتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىگە تولىمۇ سۈرلۈك ۋە سىرلىق تۇس بېرىدۇ.

ۋاشىڭتون شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يەنى ئاقساراي بىلەن «مۇستەقىللىق خاتىرە مۇنارى» ئارىلىقىدا كەڭ كەتكەن يېشىل چىملىق باغچا بولۇپ، بۇ يەردە غايەت زور ھەيكەللەر توپى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ «ئويغىنىش» ناملىق ھەيكەللەرنىڭ بەدىنى يەرگە كۆمۈلگەن، بېشى ۋە قولى جەسۇرانە قىياپەتتە بولۇپ، جاھالەتتە قالغان ۋە غەپلەت ئۇيقۇسى ئىچىدە ئۇخلاۋاتقانلارغا: «ئەمدى ئويغىنىڭلار!» دەپ دالالەت قىلىۋاتقاندەك؛ يەنە بىر قاراشتا مەسۇم كۆزلەرگە قاراپ ھۆرلۈككە ئېرىشىشكە ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

شەھەر مەركىزىدىكى «مۇستەقىللىق» كوچىسى بىلەن «ئاساسىي قانۇن» كوچىسى ئارىلىقىدىكى كەڭ كەتكەن يېشىل كارىدور دۆلەت مەجلىسى بىناسى ئارقىلىق ۋاشىڭتون خاتىرە مۇنارى ۋە لىنكولن خاتىرە سارىيىدىن ئۆتۈپ، قويۇق دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان 3200 مېتىرلىق تەسكەي چىمەنزارلىق يولغا تۇتىشىدۇ. يېشىل كارىدوردا ۋاشىڭتون خاتىرە مۇنارى بولۇپ، «مۇستەقىللىق خاتىرە مۇنارى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇنار 1888 ـ يىلى پۈتكەن بولۇپ ئېگىزلىكى 170 مېتىر، ئېغىرلىقى 81 مىڭ 120 توننا كېلىدۇ. ئىچىگە لىفىت ئورنىتىلغان، 898 ۋاخىنلىق پولات شوتىسىمۇ بار. ئۇ، ئاق مەرمەر تاشتىن سىپتا ياسالغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ھەيۋەتلىك، ئەڭ كۆركەم خاتىرە مۇناردۇر. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە لىفىت ئارقىلىق چىقىپ، ۋاشىڭتون شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلالايدۇ. يەنە ئاشۇ يېشىل كارىدوردا ئامېرىكىنىڭ قارا تەنلىك قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىپ داڭق چىقارغان 16 ـ نۆۋەتلىك رەئىس جۇمھۇرى ئابراھام لىنكولن (1865 ـ 1809) نىڭ مەرمەردىن ياسالغان ئالتە مېتىرلىق ھەيكىلى ئورنىتىلغان خاتىرە سارىيى بار.

ۋاشىڭتوندا 700 مىڭدىن كۆپ ئاھالە بولۇپ، ئۇنىڭ 57% نى قارا تەنلىكلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئامېرىكا چەت ئەللەر كۆچمەنلىرىدىن تەركىب تاپقان دۆلەت بولۇپ، ئامېرىكىدىكى گېرمانىيە كۆچمەنلىرى 57 مىليون 900 مىڭ، ئىرېلاندىيىلىكلەر 38 مىليون 700 مىڭ، ئەنگلىيىلىكلەر 32 مىليون 700 مىڭ، ئافرىقىلىقلار پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار 23 مىليون 800 مىڭ، ئىتالىيىلىكلەر 14 مىليون 700 مىڭ، ساپ ئامېرىكىلىقلار ئاران 12 مىليون 400 مىڭ بولۇپ، نوپۇس سانى جەھەتتە ساپ ئامېرىكىلىقلار 6 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. نوپۇس سانى جەھەتتە 7 ـ ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا بىر مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىن 27 سى بار. تارىختا ئامېرىكىدا مۇھاجىر بوپقالغان بىر قىسىم كۆچمەنلەر ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قويۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن شەھەر ـ بازارلار، كوچىلارنى بەس ـ بەستە قۇرۇپ، ئامېرىكا چېگرىسى ئىچىدىكى چەت ئەللەر شەھەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

مىسالەن: نيۇ ـ يوركتا جۇڭگو شەھىرى ۋە جۇڭگولۇقلار كوچىسى بار. نيۇ ـ يورك شەھىرى بروكلىن رايونى بولايتون ساھىلىنىڭ ھەممىلا يېرىدە رۇسچە گەپ ـ سۆزلەر ئاڭلىنىپ، رۇسچە سۈرلەنگەن بېلىقنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. شۇ يەرلىكلەر بولايتون ساھىلىنى «كىچىك ئودېسسا» (ئودېسسا ـ روسىيىنىڭ بىر شەھىرى) دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىكى يول ناملىرىمۇ رۇس يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ھەممىلا يەردە رۇس خەلق ناخشىلىرى ياڭراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋېيتنام شەھىرى، جەنۇبىي كورىيە شەھىرى، كىچىك توكيو قاتارلىقلارمۇ بار.

نيۇ ـ يوركتا ئۆيلەرمۇ زىچ ئېگىز بىنالار بولماستىن، بەلكى بىر قەۋەتلىك ياكى ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك بىنالار بولۇپ، كىشىلەر مانا شۇ كەڭتاشا ـ ئازادە، يورۇق ئۆيلەردە خاتىرجەم، ئارامخۇدا ياشايدىكەن.

ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ھاۋا، سۇ، يېمەك ـ ئىچمەك ھەممىسى ساپ بولغاچقا، بارغان كۈنۈملا پۇت ـ قوللىرىم يېنىكلەپ، يېشىم ئاتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، تېتىكلىشىپ، ياشلىقىمغا قايتقاندەكلا بوپقالدىم. بىر يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ ئاغرىپ باقمىدىم. بۇ يەرنىڭ شەرت ـ شارائىتى ھەر جەھەتتىن ياخشى، خەلقى مەدەنىيەتلىك بولغاچقا، ھەتتا 80 ياشتىن ئاشقان موماي لارمۇ كۈنىگە ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا بېرىپ پەرداز قىلدۇرۇپ، چاچلىرىنىمۇ بۇدۇر قىلىپ، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىكەن. ھەتتا كۇرسلارغا بېرىپ ئۆز ھەۋەسلىرى بويىچە ئوقۇيدىكەن تېخى. قارىماققا ئۇلار ھەرگىزمۇ 80 ياشقا كىرگەن مومايدەك كۆرۈنمەيدىكەن.

## ئولتۇراق ئۆيلەر

ۋاشىڭتوندىكى ئولتۇراق ئۆيلەر ئۈچ خىلغا ئايرىلىدىكەن.

1. Apart . mant ـئاپارتمەن. بۇ خىلدىكى ئۆيلەر بىزدىكى بىنا ئۆيلەرگە ئوخشاشلا بولۇپ، بىر يۈرۈش ئىككى ئېغىزلىق ۋە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيلەر ئىكەن.

2. Tang . hause ـتاڭ خاۋۇس. بۇ خىلدىكى ئۆيلەر بىنا ئۆيلەرنىڭ بىر ئىشىكىدىكى ئاستىنقى قەۋەتتىن ئۈستۈنكى قەۋەتكىچە بولغان بىر يۈرۈش ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەر بىرلا ئائىلە ئولتۇرۇشقا لايىقلاشتۇرۇپ لايىھەلەنگەنىكەن. بۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرسا ئاستىنقى قەۋەتتىكى كىشىلەر ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى كىشىلەرنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرىدىن خالىي بولۇپ، ئۆز ئالدىغا تىنچ بولىدىكەن. پەستە بولسا ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىككى ـ ئۈچ مېتىرغىچە كىچىك ھويلىچاقلىرى بولۇپ، بۇ خىل ھويلىچاقلارغا ھەركىم ئۆز ھەۋەسى بويىچە گۈل ياكى كۆكتاتلارنى تېرىپ قويىدىكەن.

3. Single . hause ـسىنگېل خاۋۇس. بۇ خىل ئۆيلەر ئەڭ ئالىي ئۆيلەر بولۇپ، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئولتۇرىدىغان داچا

شەكىللىك ئۈچ قەۋەتلىك، ئالدى ـ كەينى ۋە يانلىرىدا باغلىرى، چۆ-
مۈلدىغان چىرايلىق زامانىۋى كۆللىرى ۋە باغلىرىنىڭ بىر قىسمىدا
باللار ئۈچۈن خۇددى بىزنىڭ يەسلىلەردىكىدەك چېنىقىدىغان تەنھە-
رىكەت ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغان بولىدىكەن. قوشنا ئۆيلەرنىڭ ئارى-
لىقىمۇ يىراق ـ يىراق بولىدىكەن. ھەر كىم ئۆز ھالىغا قاراپ تاللاپ
سېتىۋېلىپ ئولتۇرىدىكەن. بۇ ئۆيلەر مېيلى ئاپارتـمـېن يـاكى تـاڭ
خاۋۇس بولسۇن ئۆيلىرى ئىنتايىن چوڭ، تۇرمۇشقا قۇلايلىق قىلىپ
لايىھىلەنگەنىكەن. ئاشخانىغا لازىمەتلىك زامانىۋى ئېلېكتر سايمانلى-
رى، مىسالەن: توڭلاتقۇ، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، قاچا يـۇغـۇچ
قاتارلىقلار تولۇق سەپلەنگەن بولىدىكەن.

قىزىم گۈلھايات ۋاشىڭتوننىڭ ۋىرگىنىيە شتاتىدا سىنگېل خاۋۇس
تۇرالغۇدا ئولتۇرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆيلەر يۇتۇنلەي ئايرىم رايونغا
سېلىنغان بولۇپ، بىنا ئۆيلەر باشقا رايونلاردا بولىدىكەن. شۇڭا مۇن-
داق مەھەللىنى بايلار مەھەللىسى، دەپمۇ قويىدىكەن. مۇنداق مەھەل-
لىلەر ئىنتايىن جىم، تىنچ، ئىشىكلەر بىر كۈن ئوچۇق قالسىمۇ، بەزىدە
مۇھىم نەرسىلەر تالادا قالسىمۇ ھېچنېمە يوقالمايدىغان، ئىشەنچلىك،
خاتىرجەم مەھەللە ئىكەن.

بۇ داچا ئۆيلەر رايونىدىكى ئۆيلەر رەت ـ رەت باغ ـ ئورمانلىق
مەھەللىلەرنى ھاسىل قىلغان. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى داچا شەكلىدە ئۈچ
قەۋەتلىك بولۇپ كۆركەملىكى، ھويلىلار ئالدى ـ ئارقىسىدىكى گۈل-
لۈكلەر، مېۋىلەر ۋە چۆمۈلىدىغان كۆللىرىنىڭ چىرايلىقلىقى كىشىنى
ھەيران قىلىدۇ. ھەممىلا ھويلىنىڭ ئەتراپى گۈل ـ چېچەكلەر، ئور-
مانلار بىلەن ئورالغان. بۇ باغلاردا قۇشلار سايراپ، ياۋا توشقانلار
ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈشۈپ، تىيىنلار قارىغايلارغا يامىشىپ، بىر ـ
بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ يۈرىدىكەن. ھېچكىممۇ ئۇلارنى تۇتۇپ
يەۋالاي دېمەيدىكەن، بەلكى ئاسراپ يېمەكلىكلەرنى بېرىپ تۇرىدى-
كەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ تۆتاش ئىككى ماشىنا قويغىدەك، ئاپتوماتىك ئې-
چىلىپ ـ يېپىلىدىغان گاراژلىرى بولىدىكەن. بۇ مەھەللىلەر ئۆزىنىڭ
ئازادىلىكى، جىمجىتلىقى، مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكى، ھاۋاسىنىڭ ساپلىقى،
ئەتراپىنىڭ يۇتۇنلەي يېشىللىققا پۈركەنگەنلىكى بىلەن كـىـشـىـنـىـڭ
زوقىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ يەرنىڭ سۇلىرى مول، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى
پاكىز ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئىستېمال قىلىشـقـا
مۇۋاپىق كېلىدىكەن. تۇرالغۇ ئۆيلەر ئەتراپىدا سودا بازارلىرى بولمى-
غاچقا، لازىمەتلىكلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ماشىنا بىلەن يېرىم سـائـەت
مېڭىپ ماگىزىنلاردىن ئەكېلىدىكەن. دېمەك، بۇ ئۆيلەر شاۋقۇنسىز
بولۇپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي تىنچ ئارامگاھى ئىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ
تۇغۇلغان ئانا يۇرتۇم غۇلجا شەھىرى ئېسىمگە كېلىۋالدى. شۇنداق،
1950 ـ 1960، ـ يىللاردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئەندىزىسى
بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئىدىغۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى ئېسىل دې-
يىشىم، ئۇ چاغلاردىكى ھەممە نېمە تەبىئىي ـ ساپ ئىدى. مىسالەن:
ئامېرىكىدا ئۆيدە، ماشىنىدا، ئىشخانىلاردا قىش ـ ياز ھاۋا تەڭشىگۈچ
بىلەن جان ساقلايدىكەن. بىزدە ياز ھەر قانچە ئىسسىق دېگەندىمۇ
كېچىدە سالقىن بولغاچقا، يوتقان يېپىنىپ ياتىمىز. ھاۋا تەبىئىيلا سالقىن
بولغاچقا، ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ ھاجىتى يوق. ئانا تۇپرىقىمىز تەبىئىي
مۇنبەت ـ باي تۇپراق بولۇپ، ئامېرىكىدەك دېڭىزلارنى تىندۇرۇپ
بەرپا قىلغان تۇپراق ئەمەس. سۈيىمىزمۇ تاغدىكى بۇلاقلاردىن ئېقىپ
كەلگەن سۈزۈك ـ ھەقىقىي بۇلاق سۇلىرى ئىدى. غۇلجا «ئۈچدەر-
ۋازا» ۋە «نوۋېگورد»لاردىكى رەت ـ رەت كوچىلارنىڭ ئىككى تە-
رىپىدىكى ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك سۇ-
لارنى ھەممە خەلق ئاڭلىق ھالدا ئۆزلىكىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىغان
سۈيى، دەپ ئۇلۇغ بىلىپ بەك پاكىز ساقلايتتى. شۇڭا ئېرىقتا چىنە ـ
قاچىلارنى چايقايتتۇق. ئېرىقلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز ئۆس-
كەن رەت ـ رەت زىچ تېرەكلەر كوچىلارغا سايە تاشلاپ تـۇراتـتى.
كوچىلارنىڭ تاملىرىمۇ ھاكقا ھاۋارەڭ سېنكا سېلىپ، ھاۋارەڭ قىلىپ
ئاقارتىلاتتى. چۈنكى، سېنكا سالمىسا تاملار كونىرىغانسېرى سارغىيىپ
قالاتتى. بۇ رەڭ كىشىگە سالقىنلىق، پاكىزلىق ھەم ھاۋارەڭ ئاسمان
بىلەن ماسلىشىپ كىشىگە چەكسىزلىك، ئازادىلىك بېغىشلايتتى. كوچى-
لاردا كېتىۋېتىپ دەرۋازىلاردىن ھويلىلارغا قارىسىڭىز، ھويلىلارنىڭ
ئىچىمۇ بۈككىدە گۈلزارلىق، تال باراڭلار ئاستىدا ئايئاق داستى-
خانلار سېلىقلىق، شىرەلەر قويۇقلۇق. تاڭ سەھەر كۈن چىقماي
تۇرۇپلا غۇلجىنىڭ ئىشچان، بەرنا قىزلىرى سۇ چېچىپ كوچا ـ
ھويلىلارنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ بولاتتى. ھەر كۈنى سەھەردە
بۇلبۇللارنىڭ گۈلزارلىقتا سايراشلىرىدىن سۆيۈنۈپ ئويغىنىپ كې-
تەتتۇق. بۇ مەھەللىلەر ئەتراپىدىمۇ ھېچقانداق شاۋقۇن ـ سۈرەن
ئاۋاز چىقىرىپ ياكى قارا ئىسلارنى چىقىرىپ بۇلغىما قويۇپ بېرى-
دىغان زاۋۇت ۋە سودا بازارلىرى يوق ئىدى. تۇرمۇش لازىمەت-
لىكلىرىنى ئالىدىغان دۇكان ـ ماگىزىنلار ئاھالىلەر تۇرالغۇسـىـدىن
يىراق چوڭ كوچىلارغا جايلاشقانىدى. مەھەللىلەردىكى ئۆيلەرنىڭ
دەرۋازىلىرى ئاساسەن قۇلۇپلانمايتتى. كۈن بويى ئوچۇق قالسىمۇ،
ھېچنېمە يوقالمايتتى. كوچا بويلاپ قاتارلىشىپ رەتلىك سېلىنغان
ئۆيلەر ھەممىسلا بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، ھويلىلىرىمۇ كەڭ
ھەم ئايرىم باغچىلىرى بار بولاتتى. ھەممە ھويلىنىڭ بىر چېتىدە
چىرايلىق سېلىنغان يازلىق چايخانىلار بولۇپ، ياز كۈنلىرى پۈتۈن
كۈن ئۈچ ۋاق تاماقىمىز يازلىق چايخانىدا بولاتتى. شۇڭا يازنىڭ
ئىللىق ئاپتاپلىق ھاۋاسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولاتتۇق. قولۇم ـ
قوشنىلار بىلەنمۇ ئىجىل ـ ئىناق ئىدۇق... ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال-
لىرىمىزنى بىلىپ، ئاش ـ تاماق سۇنۇشۇپ تۇراتـتـۇق. مـۇنـداق
ئۆزئارا ياردەم، ئېلىم ـ بېرىم قىلىپ ئىناق ئۆتكىلى بىر قەۋەتلىك
ئۆيلەر ئەجەب قۇلايلىق ئىدى، دەپ سېغىنىدۇ كىشى.

## مۇھىتى گۈزەل، خەلقى پەزىلەتلىك شەھەر

ئامېرىكىدىكى خەلقلەر ساپالىق بولغاچقا، مۇھىتقا، پاكىزلىققا بۆ-
لەكچىلا ئەھمىيەت بېرىدىكەن. مۇھىتى پاكىز بولغاچقا، ياغقان يامغۇر-
لىرىمۇ پاكىز ـ سۈزۈك بولىدىكەن. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئۆيلەرنىڭ
دېرىزە ئەينەكلىرىمۇ خۇددى سۈزۈك سۇ بىلەن يۇيۇلغاندەك پاكىز تۇ-
رىدىكەن. قار ياغسىمۇ ئېرىپ تۆگەپ كەتكىچە ئاپئاق ـ بۇرۇنقىدەكلا
تۇرىدىكەن. ئۇچار قۇشلار ۋە ئۆردەك ـ غازلارنىڭ ئاپئاق پەيلىرىمۇ
كىرلەشمەي ئەسلىدىكىدەك ئاپئاق پېتىچە تۇرىۋېرىدىكەن.

ۋاشىڭتون شەھىرىنىڭ مۇھىتى گۈزەل، پاكىز بولۇپلا قالماستىن، ئا-
دەملىرىمۇ ئەدەب ـ ئەخلاقلىق ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك ئىكەن. ئۇلار كى-
شىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان ئىنسانىي پەزىلەتكە باي ئىكەن.
ھەتتا بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇنلارمۇ بىر ـ بىرىنى ئىسمىنى ئاتاپ
چاقىرسا قوپاللىق، ھۆرمەتسىزلىك بوپقالىدۇ، دەپ قاراپ بىر ـ بە-
رىنى «ھەسەلىم» (Honey) دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇلاردىكى بىر ـ
بىرىگە بولغان ئۆزئارا ھۆرمەت، سىلىق مۇئامىلە كىشىنى ئىنـتـايـىن

تەسىرلەندۈردى. مەن بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن بىر نەچچە مىسالنى كەلتۈرۈپ ئۆتەي:

1. بىزنى ۋاشىڭتونغا قاراپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان ئاخىرقى بېكەت دېترويت (Detroit) دېگەن شەھەرگە چۈشتى. بىز بۇ يەردە ئايروپىلان ئالماشتۇق. ئەمدى ئالدىمىزدا يەنە ئىككى يېرىم سائەتلىك يول بار ئىدى. مەنمۇ ۋاشىڭتونغا بارىدىغانلار قاتارىدا ئاخىرقى ئايروپىلانغا چىقىپ قارىسام، بىر ئايالنىڭ يېنىدا بوش ئورۇن بار ئىكەن. بۇ ئورۇنغا شۇنداق قارىشىم بىلەنلا ئۇ ئايالمۇ ماڭا سالام بېرىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، دەپ ئىما قىلدى. مەن دەرھال سالام قايتۇردۇم ـ دە، ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم ھەم ئۆزئارا تونۇشۇشقا باشلىدۇق. ئالدى بىلەن ئۇ ئايال: «سىز نەدىن كېلىۋاتىسىز؟» دەپ سورىدى. مەن: «جۇڭگودىن» (From china) دەپ جاۋاب بېرىشىم بىلەنلا ئۇ ئايال: «ۋاي شۇنداقمۇ؟ مەن بۈگۈن شۇنچە يىراق قەدىمىي ئەلدىن كېلىۋاتقان ئەزىز مېھمان بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە ئولتۇرغىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇ سەپىرىم ئوڭۇشلۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ سۆزلەپلا كەتتى. ئارقىدىنلا: «ئوھوي، جۇڭگولۇقلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنگلىزچە سۆزلەيدىكەن ـ دە؟!» دېۋىدى، مەن: «ياق، دۆلەت تىلىمىز خەنزۇ تىلى. مەن بۇ ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلىكىمدىن ئۆگەنگەن» دېسەم، ئۇ تېخىمۇ ھەيران قالدى ۋە مېنى ماختاپ كەتتى. ئۇ يانفوننى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ بارىدىغان ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ بولۇپ، ماڭا سۇندى ـ دە: «سىزمۇ تېلېفون بېرىۋالامسىز؟» دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭ يانفوننى سوراشتىن خىجىل بولۇپ ئارانلا تۇراتتىم. چۈنكى مەن بېيجىڭدىن ئايروپىلانغا چىقىشتىن بۇرۇن بۇ ئايروپىلان ئامېرىكىدىكى قايسى ئايروپورتقا قاراپ ئۇچىدىغانلىقىنى قىزىمغا ئېنىق دېيەلمىگەنىدىم ۋە ئامېرىكىدا ئايروپورت دېگەن جىق تۇرسا، قىزىم مېنى تاپالارمۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇراتتىم. مەن ئۇنىڭ يانفوننى تەكەللۇپ قىلمايلا ئېلىپ قىزىمغا: «بىز ھازىر دېترويتتىن دالاس ئايروپورتىغا قاراپ ئۇچتۇق» دېسەم، قىزىم: «بىزمۇ سىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قايسى ئايروپورتقا بارارمىز دەپ كومپيۇتېردىن ئىزدەۋاتاتتۇق، بىلدۇق، ئەمدى ياخشى بولدى» دېدى. مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ ئايروپىلاندىن چۈشىدىغان چاغدا يەنە ھېلىقى ئامېرىكىلىق سەپەرداشىم ماڭا: «خەير ـ خوش، ئامان بولۇڭ، بۈگۈن سىزدەك يىراقتىن كەلگەن بىر دوست بىلەن تونۇشۇپ، جۇڭگوغا بارغاندەكلا بوپقالدىم. ئاھ، پەرۋەردىگارىم، مەن نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!؟ سىزگە ئامەت تىلەيمەن، سەپىرىڭىز كۆڭۈللۈك بولسۇن» دەپ مەن بىلەن قىزغىن خوشلاشتى. مەنمۇ دەرھاللا ئۇلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان، ئەڭ خۇشاللىق بىلەن ئاڭلاشنى خالايدىغان سۆز: «پەرۋەردىگارىم سىزگە ھىدايەت قىلسۇن» (God bless you)، «سىزگە رەھمەت» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدىم. چۈنكى ئۇلار ھەر بىر سۆزىدە پەرۋەردىگارنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. بىز شۇنداق چىرايلىق خوشلاشتۇق. مەندەك بىر يولۇچى ناتونۇش شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، بۇ ئايالنىڭ مەندەك بىر تونۇمىغان ئايالغا شۇنچە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ، تولىمۇ سىلىق ـ سىپايە سۆزلەرنى قىلغانلىقى مېنى تۇنجى قېتىم «ئامېرىكىلىقلار كىشىلەرگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىكەن» دېگەن تەسىراتقا ئىگە قىلدى ۋە ئۇ ئايالنىڭ سۆزلىرى ماڭا بىر خىل كۆتۈرەڭگۈ روھ بېغىشلىدى. كونىلار: «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» دېگەندەك دىلىم سۇ ئىچىپ، بۇ دۆۋ-

لەتنىڭ شۇ قەدەر ئىللىقلىقنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭچە، بىر شەخسنىڭ سۆزلەش سەنئىتى شۇ كىشىنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەخلاق ئەسلىدە بىزدىمۇ ئوخشاشلا بار. چۈنكى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ قەدىمدىن تارتىپ بىزگە سىلىق ـ سىپايە بولۇش، مېغىزلىق ـ يېقىملىق سۆزلەش ھەققىدە ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەر قىلىپ، چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مەسىلەن: «چىرايلىق سۆز ياۋايىلارنىمۇ دوستلۇققا باشلايدۇ»، «ياخشى سۆز تاشنى يارىدۇ، يامان سۆز باشنى»، «سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل»، «خاپىغان باشتا ئەقىل تۇرمايدۇ»، «كىشىنىڭ پەزىلىتى سۆزىدىن بىلىنىدۇ»، «سۆز ئەقىلنىڭ تارازىسى»، «سۆز ئىنسان مەنىۋىيىتىنى ئۆلچەيدىغان تارازا»، «ئادەم ياخشى سۆز، ياخشى ھەرىكەت بىلەن ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ» دېگەندەك نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك ھېكمەتلىك سۆز دۇردانىسى شۇ جۈملىدىندۇر. بۇ ھېكمەتلەر مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى، تۇرمۇش ـ كەچۈرمىشلىرىنى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى، تۇرمۇش قاراشلىرىنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى مىراسلاردۇر. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ:

كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتسا يۈز پايدا ئالۇر.

دەپ بۇ مىراس سۆزلەرنى ئۆگىنىپ قالماي تىل ئارقىلىق باشقىلارغا مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان.

2. ئامېرىكىلىقلار تالا ـ تۈزدە بىرەر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىلا مەيلى ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا دەرھال خاي (hay) سالام دەپ سالام بېرىدىكەن. بىزدەك سىرتتىن كېلىپ، يات يەرلەردە يېتىرقاپ ئاران يۈرگەن مۇساپىر كىشىلەرگىمۇ ئۇلار شۇنداق سالام بەرگەندە، بىز كۆڭلىمىزدە ئىللىقلىق ھېس قىلىپ خۇشال بوپقالىدىكەنمىز.

ئويلىسام، بۇ جەھەتتىن بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزمۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاپ كېتىدىكەن. مەسىلەن: بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ سالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

بىلۇرسەن سالام پەزلى بەك چوڭدۇر ئۇل،
كىم ئاۋۋال سالام بەرسە ئاچتى ئۇ يول.
5052 ـ بېيىت

سالامدۇر كىشىگە ئېسەنلىك يولى،
سالامله قويۇلۇر ئېسەنلىك ئۇلى.
5055 ـ بېيىت

سالام ساقلار يامان كىشى شەررىدىن،
سالامەتلىك ئالدى جاۋاب قىلغۇچى.
5059 ـ بېيىت

... ۋە باشقىلار.

سالاملىشىش ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمىتى، ئىززىتى ۋە ئادىمىگەرچىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ياخشى ئادەت، دوستلۇق ـ ئىناقلىق يولىنى كېڭەيتىپ، ھاكاۋۇرلۇقنى يوقىتىدىغان ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت.

يۇقىرىقىلاردا ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ، يولۇققان كىشىلەرگە قىزغىن سالام بېرىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ـ بىرىنى

ھۆرمەت قىلىپ، سالام بېرىش ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان-
لىقىنى ۋە بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى دا-
ۋاملاشتۇرغانلىقى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەتلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ
قالمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يەنە بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە كىچىكلەر چوڭلارغا، ئاتلىقلار پىيادىلەر-
گە، پىيادە ئادەم ئولتۇرغۇچىغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام بېرىشى،
باشقىلاردىن سالام كۈتۈپ تۇرماسلىقى لازىم، دېيىلىدۇ. بۇ ئادىتىمىزمۇ
ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئوپئوخشاشكەن. مەسىلەن: ئامېرىكىدا ياش
ئەر ـ خوتۇنلار ۋە بالىلىرى ئوقۇش ۋە ئىشلەش ئۈچۈن كۈندۈزى
ئۆيدە تۇرمايدۇ، چۈشلۈك دەم ئېلىشتىمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا دى-
يارىمىزدىن بالىلىرىنى يوقلاپ بارغان ئاتا ـ ئانىلار كۈندۈزلىرى ئۆيدە
كۈنبويى يالغۇز قالىدۇ. پەقەت بالىلىرى شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى دەم
ئالغاندىلا ئۇلارنى ئېلىپ سىرتقا خالىغان يەرلىرىگە ئاپىرىپ كۆرستە-
لەيدۇ. شۇنىڭدىلا بالىلىرى بىلەن بىللەبولالايدۇ.

مەن ئامېرىكىغا بارغان ۋاقتىمدا ئاتۇشتىن بىر بوۋاي بىلەن موماي
قىزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بالىلىرى ئىشقا ماڭغاندا بوۋاينىڭ تېنى ئاجىز
بولغاچقا، چاقلىق هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ پېشايۋانغا ئاچىقىپ، تالادىكى
ساپ هاۋادا گۈزەل مەنزىرە ۋە ئۈچار ـ قاناتلارنى كۆرۈپ ئولتۇر-
غىن، دەپ خىزمەتلىرىگە كېتىپ قالىدىكەن. موماي بولسا بىردەم چە-
قىپ بوۋايغا چاي قۇيۇپ بېرىپ، كۆپ ۋاقتى ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەند
بولىدىكەن. كەچتە بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى قايتىپ كېلىپ: «دادا، ئانا
قانداق؟ زېرىكمەي ئولتۇردىڭلىما؟!» دەپ سورىسا، بوۋاي: «بۈ-
گۈن كەچكىچە ساناپ تۇردۇم. ئىشىك ئالدىمىزدىن ئون پىكاپ ئۆتتى.
بۇنىڭ ئىچىدە سەككىزىلا ماڭا قاراپ قولىنى پولاڭلىتىپ خاي ( hay)
دېيەلىدى، ئىككىسى دېيەلمەي ئۆتۈپ كەتتى، دەيدىكەن. چۈنكى پە-
كاپ سۈرئىتى تېز بولغاچقا، سالام بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي كېتىپ قالى-
دىكەن. بۇ ئولتۇراق رايونلارنىڭ كوچىلىرى كەڭ، ئازادە، ئادەم يوق
دېيەرلىك، جىمجىت بولغاچقا، ئامېرىكىلىقلار پىكاپلىرىنى يۇقىرى
سۈرئەتكە قويۇپ بېرىپ شۇنچە تېز كېتىۋاتسىمۇ، ئولتۇرغان بوۋاينى
كۆرۈپ كابىنكىدىن قولىنى چىقىرىپ: (hay) دەپ سالام بېرىپ ئۆت-
كەن. بۇ ئەنئەنىلىرىمىزمۇ نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە!

ئامېرىكىلىقلارنىڭ شۇ سالام ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئىنسانىي
خىسلىتى بوۋاينى شۇنچە سۆيۈندۈرگەن ھەم تەسىرلەندۈرگەن. بۇ
«سالام» لاردىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن بوۋاي پۈتۈن بىر كۈننى زې-
رىكمەي خۇشھال ئۆتكۈزگەن. مانا بۇ سالام بىزدىكى ئاتلىقلار، پىيا-
دىلەر ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىپ ئۆتۈشى كېرەك، دېگەن ئەنئەنى-
مىزگە نەقەدەر ئوخشاش ـ ھە.

3. ئامېرىكىلىقلار باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا خەقنىڭ سالام بې-
رىشىنى كۈتۈپ تۇرماي تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاۋۋال ئۆزى سالام
بېرىشنى قولدىن بەرمەيدىكەن ۋە سالام ئارقىلىق باشقىلارغا بولغان
ھۆرمىتى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدىكەن.
ئامېرىكىلىقلار بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ، ۋاقتىنى بەكمۇ چىڭ تۇتۇپ
ئىشلەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئالدى بىلەن باشقىلارغا سالام بىلەن
ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ۋە بىر ـ بىرىگە يېقىندىن ياردەم بېرىشكە
بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ھەتتا ئۇلار بىزدەك سىرتتىن بارغان سا-
ياھەتچىلەرگىمۇ سالام بېرىشكە دىققەت قىلىدىكەن ۋە دائىم دېگۈدەك
ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەن. مەسىلەن: قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى مەن

كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەكتەپنىڭ ئاپتوبۇسى كېلىدىغان بېكەتكە
نەۋرەمنى ئاپىرىپ قوياي، دەپ يېتىلەپ ئەمدىلا ئۆيدىن چىققان چې-
غىمدا قارشى تەرەپتە بىر كىچىككىنە بالا ئويناۋاتقانىكەن. ئۇ بالا
بىزنى كۆرۈپلا: (hay) دەپ سالام بەردى ۋە: «بۈگۈن قار ياغقاچقا
مەكتەپتە دەرس ئۆتۈلمەيدىكەن» دەپ بىزنى ئارتۇقچە يول مېڭىش-
تىن توستى. مەن بۇ كىچىك بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ پەزىلى-
تىدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم.

4. يەنە بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋېتىپ مەن «ئەپچۈش» دەپ
چۈشكۈرۈپ، بىر قولۇمدا بۇرنۇمنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولۇمنى قەغەز
ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقۇمغا ئۇزىتىۋاتسام، يېنىمدا كېتىۋاتقان ئامېرى-
كىلىق ياش بىر ئايال مەن يانچۇقۇمدىن قەغەز ئېلىشتىن بۇرۇن ئاپ-
ئاق قەغەزنى قولۇمغا دەرھال تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن بۇ ئايالنىڭ
پەزىلىتىگە قاراپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى. گەرچە بۇ كە-
چىككىنەبىر ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلىش روھى
مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

5. بىر كۈنى قىزىم ھەم ئىككى نەۋرەم بىلەن خېلى يىراق بىر
رايونغا مېھماندارچىلىققا باردۇق. چۈشتىن كېيىن ئۆيگە قايتقاندا، قى-
زىم پىكاپىنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. مەن كىچىك نەۋرەم بىلەن ئارقىدا
ئولتۇراتتىم. پىكاپنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پىكاپتىكىلەر ماڭا
قاراپ، بىزنىڭ پىكاپنىڭ ئارقىسىنى شەرەتلەپ جىددىي ھالدا ئىما
قىلىشىپ كەتتى. قىزىم گۈلھاياتنىڭ كۆزى ئۇدۇلدىكى يولدا بولغاچقا
بۇلارنى بايقىمىدى. مەن: «گۈلھايات! پىكاپىمىزنى يانداپ ئۆتۈۋاتقان
كىشىلەر بىزنىڭ پىكاپنىڭ ئارقىسىنى كۆرسىتىپ بەكلا ئىما قىلىپ كې-
تىۋاتىدۇ، پىكاپنى توختىتىڭ، چۈشۈپ قاراپ باقايلى» دېسەم، «ئاپا
بولمايدۇ، ئالدى ـ ئارقامدا ماشىنىلار كېلىۋاتىدۇ، پىكاپنى توختاتسا
بولمايدۇ» دېدى ۋە قىزىل چىراغقا كەلگەندىلا ئاندىن توختىدى. بىز
پىكاپتىن چۈشكىچە ئامېرىكىنىڭ قوغدىغۇچى، قۇتقۇزغۇچى خادىملى-
رى بىزنىڭ پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن چىقىۋاتقان ئىسنى كۆرۈپ، خېلىدىن
بېرى بىزنى بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ قالمىسۇن، دەپ كەينىمىزدىن
ئەگىشىپ كېلىۋاتقانىكەن. بىز ئۇنى سەزمەي مېڭىۋېرىپتىمىز. ئۇلار
پىكاپىمىز توختىشى بىلەنلا دەرھال كېلىپ يېنىمىزدا توختىدى. مەن:
«نېمە بولدى، قىزىم» دېسەم، ئۇ :«قارىماسەن، پىكاپنىڭ ئارقى-
سىدىن ئىس توختىماي چىقىۋېرىپتۇ، بۇلارمۇ يول بويى بىزنى قوغداپ
ئەگىشىپ كەپتۇ» دېدى. قارىسام، بەكمۇ پاكىز كىيىنگەن كېلىشكەن ـ
چىرايلىق يىگىتلەر قوللىرىغا قول چىراغلىرى ۋە زاپچاسلىرىنى ئېلىپ،
ئاپئاق كۆڭلەكلىرى بىلەنلا پىكاپ ئاستىغا ئۆملەپ كىرىپ، يەردىلا
ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ پىكاپنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ
چىقتى ۋە «چوڭ مەسىلە يوقكەن، پىكاپ يېڭى بولغاچقا شۇنداق
بولىدۇ، مېڭىۋېرىڭلار» دېدى. لېكىن مەن: «يول خېلى يىراق تۇرسا،
مەن بالا بىلەن يەنە بۇ پىكاپقا چىقىپ ئولتۇرۇشتىن قورقۇۋاتىمەن»
دېسەم، ئۇلار: «ئۇنداقتا، سىلەرنىڭ پىكاپىڭلارنى بىز ھەيدەيلى،
سىلەر بىزنىڭ پىكاپىمىزدا ئولتۇرۇپ مېڭىڭلار، بىز سىلەرنى ئۆيىڭ-
لەرگە يەتكۈزۈپ قويايلى» دەپ بىزنى ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا
ئامان ـ ئېسەن ئەكېلىپ قويدى. ئۆيىمىزگە كىرىپ بىرەر چىنە ئۇس-
سۇزلۇق چاي ئىچىشكىمۇ ئۇنىمىدى، بەلكى بىزگە ئىسىم كارتوچكىلى-
رىنى بېرىپ: «بىز بولساق كىشىلەر ئامانلىقىنى خالىسانە قوغدىغۇچى-
لارمىز. ھەر قانداق چاغدا ئىشىڭلار بولسا چاقىرساڭلار، بىز دەرھاللا

يارده‌مگه كېلىمىز» دېگه‌ن سۆزله‌رنى قىلدى ـ ده، كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار بىر مه‌سچىت ته‌شكىللىگه‌ن خالىس قوغدىغۇچىلار ئىكه‌ن. بۇلارنىڭ مۇنداق ئالىيجاناب مۇئامىلىسى هه‌ر قانداق كىشىنىڭ زوقىنى كه‌لتۈرىدۇ. مه‌ن ئۇلارنىڭ ئىنسانىي مېهىر ـ مۇهه‌ببىتى ۋه خالىسانه ياردىمىدىن به‌كمۇ خۇش بولغانلىقىمدىن ئىختىيارسىز هالدا كۆزلىرىمگه ياش كه‌لدى ۋه ئۆز كۆڭلۈمده: «ئىنسانىي مېهىر ـ مۇهه‌ببه‌ت ۋه خالىسانه يارده‌م هه‌ر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان، هه‌ر خىل مه‌ده‌نىيه‌تكه ئىگه بولغان كىشىله‌رنىڭمۇ كۆڭۈل رىشتىسىنى بىر ـ بىرىگه چىڭ تۇتاشتۇرىدىكه‌ن، هه‌قىقىي مېهىر ـ مۇهه‌ببه‌تنىڭ دۆله‌ت چېگرىسى يوق ئىكه‌ن. دۇنيادا مېهىر ـ مۇهه‌ببه‌تكه يېتىدىغان سېهىرلىك كۈچ يوقكه‌ن» دېگه‌ن پىكىرگه كه‌لدىم.

دېمه‌ك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، مه‌ن ئامېرىكىدا ئۆز كۆزۈم بىله‌ن كۆرگه‌ن ۋه يولۇققان ئىشلار ئامېرىكا خه‌لقىنىڭ په‌زىله‌تلىك خه‌لق ئىكه‌نلىكىنى ۋه ئۇلارنىڭ مه‌نىۋى دۇنياسىنىڭ گۈزه‌للىكىنى يارقىن ئىپادىله‌پ بېرىدىغان بىر نه‌چچه مىسالدىن ئىباره‌ت، خالاس.

دۇنيادا كۆپ خىل دىن بار. گه‌رچه خه‌لقله‌رنىڭ چوقۇنىدىغان ياكى ئىشىنىدىغان خۇدالىرى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بارلىق دىندا بىر ئورتاقلىق بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۆز ئىخلاسمه‌نلىرىنى ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپره‌ك قىلىپ، كىشىله‌رگه ياخشىلىق يه‌تكۈزۈشكه چاقىرىش. دېمه‌ك، ئېتىقادنىڭ كۈچى چه‌كسىز، ئۇ بۈيۈك ئىلاهىي كۈچ. ئامېرىكىلىقلار: «باشقىلارغا خالىسانه يارده‌م بېرىدىغان كىشىله‌ر ئه‌ڭ په‌زىله‌تلىك ۋه دۆله‌تمه‌ن كىشىله‌ردۇر» ده‌پ قارايدىكه‌ن. بۇ خىل ئاده‌ت ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ، ته‌بىئىي جه‌مئىيه‌ت ئه‌خلاقىغا ئايلانغانىكه‌ن.

مه‌ن ئۇچراتقان ئامېرىكىلىقلار ماڭا به‌كمۇ ئىززه‌ت ـ هۆرمه‌ت بىله‌ن مۇئامىله قىلدى. ئه‌جدادلىرىمىزنىڭ: «دۇنيادا يوقالمايدىغان نه‌رسه يوق، لېكىن ئۇنتۇلمايدىغان نه‌رسه بار» دېگىنىده‌ك، مه‌ن ئامېرىكىلىق دوستلارنىڭ بىلدۈرگه‌ن چوڭقۇر هۆرمىتى ۋه خالىسانه يارده‌ملىرىنى مه‌ڭگۈ ئۇنتۇمايمه‌ن.

ئامېرىكا خه‌لقى ئۆزلىرىنى مول ئىلىم ـ بىلىم بىله‌ن قورallandurغان— 

## بايرام ۋه خاتىره كۈنله‌ر

1. 25 ـ دېكابىر خرىستىئانلارنىڭ ئېيسا په‌يغه‌مبه‌رنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىله‌يدىغان دىنىي بايرىمى. (Christmas day) بۇ، په‌رۋه‌ردىگار ته‌ره‌پتىن مىلاد بوۋاي ئارقىلىق بالىلارغا سوۋغات ته‌قدىم قىلىدىغان كۈن. بۇ كۈنى بالىلار ئۇخلاۋاتقاندا «مىلاد بوۋاي» تۈرخۇندىن چۈشۈپ ئه‌كه‌لگه‌ن سوۋغاتلىرىنى بالىلارنىڭ پايپاقلىرىنىڭ ئىچىگه سېلىپ قويىدىكه‌ن ياكى تام مه‌شىنىڭ ئه‌تراپلىرىغا، مىلاد قارىغايلىرىنىڭ ئاستىلىرىغا قويۇپ قويىدىكه‌ن. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئۇخلاڭلار! ئۇخلاپ قوپقىنىڭلاردا هه‌ممىڭلارنىڭ ئىسمىلىرى يېزىقلىق سوۋغاتلارنى ئالالايسىله‌ر، ده‌يدىكه‌ن.

بۇ بايرامدا بىر هه‌پته ده‌م ئېلىش بولىدىكه‌ن. هارپا كۈنى (EVe) ئائىلىدىكى يىراقتا كه‌تكه‌نله‌ر چوقۇم قايتىپ كېلىپ، ئائىلىنىڭ بارلىق ئه‌زالىرى تولۇق جه‌م بولۇپ تاماق يه‌يدىكه‌ن. مه‌هه‌لله‌رده بۇ بايرام تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىكه‌ن. مىلاد بوۋاي ئۈستى ئوچۇق ماشىنىدا مه‌هه‌لله‌رنى ئارىلاپ، كىشىله‌رنى يوقلاپ هه‌ر خىل سوۋغات ئېلىپ كېلىدىكه‌ن. بۇنداق چاغدا بالىلار ئۆي ـ ئۆيدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ئېيتقۇسىز شادلىققا تولغان هالدا ئۇنى قارشى ئالىدىكه‌ن. بۇ كۈنله‌رده هه‌ر كىمنىڭ ئىشىك ئالدى ئاجايىپ چىرايلىق بېزىلىپ، چىراغلار تاڭ ئاتقىچه ئۆچمه‌يدىكه‌ن.

2. نويابىرنىڭ ئاخىرقى په‌يشه‌نبه كۈنى «مىننه‌تدارلىق بايرىمى» (Thanks. giving day) ـ بولۇپ، بۇ، يه‌رلىك ئىندىئانلارنىڭ ياۋروپالىقلارنى قارشى ئېلىپ، ئۇلار قىلغان ياخشىلىقلارغا مىننه‌تدارلىق بىلدۈرۈش كۈنىكه‌ن. بۇ بايرامدىمۇ بىر ئائىله ئه‌زالىرى چوقۇم جه‌م بولۇپ بىلله تاماق يه‌يدىكه‌ن هه‌م كىچىك بالىلار ئۆيمۇئۆي كىرىپ كه‌مپۈت يىغىدىكه‌ن. ئه‌مدىلا ئايىغى چىقىپ ماڭغان بالىلارنى ئاتا ـ ئانىلىرى يېتىله‌پ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگه كىرسه، ئۇلار ته‌ييارلاپ قويغان كه‌مپۈتلىرىنى بالىلارغا بېرىدىكه‌ن. بۇنىڭدا بالىلار غه‌يرىي كىيىمله‌رنى كىيىپ، هه‌ر خىل شه‌كىلگه كىرىۋالىدىكه‌ن. بۇ خۇددى مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ رامىزان ئېيىدا ئۆيمۇئۆي كىرىپ رامىزان ئېيتىپ رامىزانلىق ئالغانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدىكه‌ن. بۇ بايرامدا بىر كۈن ده‌م ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىكه‌ن.

3. 1 ـ سېنته‌بىر «ئه‌مگه‌كچىله‌ر بايرىمى» بولۇپ، بىر كۈن ده‌م ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىكه‌ن.

4. 4 ـ ئىيۇل ئامېرىكىنىڭ مۇسته‌قىللىق ئېلان قىلغان كۈنى بولۇپ، بىر كۈن ده‌م ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىكه‌ن.

5. ماينىڭ ئاخىرقى دۈشه‌نبه كۈنى ئۇرۇشتا قازا قىلغانلارنى ئه‌سله‌ش كۈنى ئىكه‌ن. بۇ كۈنى هه‌ممه خه‌لق هه‌تتا رەئىس جۇمهۇرمۇ تۇپراق بېشىغا بارىدىكه‌ن. بۇ كۈنىمۇ بىر كۈن ده‌م ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىكه‌ن.

6. 17 ـ مارت باهار كه‌لگه‌نلىكىنى ته‌بىرىكله‌ش بايرىمى (پاسخا بايرىمى) يه‌نى ئېستېر (Easter day) بايرىمى ئىكه‌ن. بايرامدا ره‌ڭلىك تۇخۇملارنى پىشۇرۇپ، بالىلارغا ته‌قدىم قىلىدىكه‌ن.

7. 3 ـ يانۋار ئامېرىكا قارا ته‌نلىكله‌ر هوقۇقى هه‌رىكىتىنىڭ داهىيسى مارتىن ليۇتېركىڭ (1968 ـ 1929) نى خاتىرىله‌ش كۈنىكه‌ن.

ئامېرىكىلىقلاردا يېقىن دوستلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا سوۋغات ته‌قدىم قىلىشىش ناهايىتى ياخشى ئاده‌تكه ئايلانغان. ئه‌مما ئۇلارنىڭ سوۋغات ته‌قدىم قىلىش ۋه قوبۇل قىلىش ئۇسۇللىرى بىزنىڭكىگه ئوخشىمايدىكه‌ن. ئۇلار كۆپچىلىك بار سورۇنلاردا بېرىلگه‌ن سوۋغاتنى شۇ جايدا ئاچماي، ئۆيىگه قايتقاندا ئېچىپ سوۋغات به‌رگۈچىگه تېلېفون ئارقىلىق ره‌همىتىنى بىلدۈرىدىكه‌ن. ئۇلار سوۋغاتنىڭ ئه‌مه‌لىي ئىشلىتىلىشچانلىقىغا به‌كلا دىققه‌ت قىلىدىكه‌ن. شۇڭا ئۇلار سوۋغات بېرىشتىن بۇرۇن قارشى ته‌ره‌پتىن نېمىگه ئېهتىياجلىق ئىكه‌نلىكىنى سوراپ بىلىۋالىدىكه‌ن. ئاندىن سوۋغات قوبۇل قىلغۇچىمۇ ئۇنىڭ قانچه پۇل خه‌جلىمه‌كچى بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۆزىگه ئېهتىياجلىق نه‌رسىسىنى ئېيتىپ بېرىدىكه‌ن. بۇ خىل سه‌مىمىيلىك ۋه ئوچۇق ـ ئاشكارىلىق ئۇلارنىڭ هه‌قىقىي دوستلۇقىنى تېخىمۇ چىڭىتىدىكه‌ن. شۇڭا ئۇلاردا بىر ـ بىرىنى كه‌مسىتىش، بىر ـ بىرىدىن خىجىل بولۇش مه‌ۋجۇت بولمايدىكه‌ن. يه‌نه ياشانغانلار ئۆلۈپ كه‌تسه، ئۇنىڭ ئائىله تاۋابىئاتلىرى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگه ۋارىسلىق قىلسا بولىدۇ، ئه‌مما ئۆلۈم ئىشلىرى سه‌ۋه‌بىدىن كه‌لگه‌ن سوۋغاتلارنى قه‌تئىي قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، ده‌پ قارايدىكه‌ن.

## قۇشلارنى ئاسراش

ئامېرىكىلىقلار قۇشلارنى ئىنسانلارنىڭ يېقىن دوستى دەپ قاراپ، ئۇلارنى بەكمۇ ئاسرايدىكەن. باغ ـ ئورمانلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇچار قاناتلارنى ۋە يۈگۈرۈپ يۈرگەن جانلىقلارنى بۆلەكچىلا ئەتىۋارلايدىكەن. شۇڭا ھەركىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدى ـ كەينىدە ۋە ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى باغلاردىمۇ قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئالايىتەن قۇشلارغا ئاتاپ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىردەك كېلىدىغان دىڭگەك ئورنىتىپ، ئۇنىڭ قول يەتكۈدەك يېرىگە قۇشلار ئۈچۈن ياغاچتىن چىرايلىق ئۇۋا ياساپ، ئۇۋا ئالدىغا داندان ئورنىتىپ قويىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا دائىم دان سېلىپ، ئۈزۈلدۈرمەي تولۇقلاپ تۇرىدىكەن. بىر قاچىغا سۇنىمۇ قۇيۇپ قويىدىكەن ۋە ئۇ قۇشلار ئۈچۈن ھەر كىم بازاردىن مەخسۇس قۇشلار يەيدىغان يېمەكلەرنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ئۆيىدە زاپاس ساقلايدىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئادەتلىرى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قۇشلارنى ئاسراپ بېقىشلىرىغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن، دېگەن ئويغا كەلدىم.

ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ قۇشلارنى ئەتىۋارلاپ ئاسرايدىغان ئېسىل ئادەت بار. قارىغۇجا، كاككۇك، بۇلبۇل، قارلىغاچ، كەپتەر...قاتارلىق قۇشلارنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايمىز، يېقىملىق سايراشلىرىدىن ھۇزۇر ئالىمىز، ھەتتا بەزىلىرىگە ئۆز قورۇيىمىزدا مەخسۇس ئۇۋا ياساپ بېرىمىز. چۈنكى كونىلار: قارلىغاچ ئۇۋىلىغان ئۆيدە بالا ـ قازا بولمايدۇ، قارلىغاچ بەخت ۋە ئامەتنىڭ ئەلچىسى، دەپ قارايدۇ.

## باغ ـ ئورمانلىق شەھەر

ۋاشىنگتون باغ ـ ئورمان بىلەن قاپلانغان يايلاقتەك گۈزەل شەھەر ئىكەن. لېكىن بۇ شەھەرنىڭ مۇشۇنداق يېشىللىققا پۈركىنىشى ئاسانغا چۈشمەپتۇ. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندەك، كىشى ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ ئىشلەپ كۆرگەندىلا ئاندىن تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدىكەن. ۋاشىنگتونغا شامالدەك كېلىپ، قۇيۇندەك قايتىپ كېتىدىغان ساياھەتچىلەر بۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ ئۇ يەرنىڭ تۆت پەسلىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆككەن كىشىلا بۇ گۈزەل باغ ـ ئورمانلىق شەھەرنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىۋالالايدىكەن.

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قىزىم مەندىن: «ئاپا، ۋاشىنگتونغا كەلگەنلىكىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بېغىمىزغا بىرەر تۈپ كۆچەت تىكىپ قويايلىمىكىن، دەپ ئويلايمەن، سىزنىڭچە قانداق كۆچەت تىكسەك بولار؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن قىزىمغا: «بۇنى ياخشى ئويلاپسىز. غۇلجا شەھەر ئۈچەدەرۋاز مەھەللىسىدىكى مومىڭىزنىڭ ھويلىسىدا ئېگىز ھەم كۆركەم ئۆسكەن سىرىنگۈللەر ھەر يىلى 5 ـ ئايدا ئېچىلىپ، ھويلىمىزنى سىرىنگۈل ھىدى بىلەن تولدۇراتتى. مېنىڭچە، ئانا تۇپرىقىمىز ۋە ئەجدادلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن گۈلخانىلاردىن ئىككى تۈپ سىرىنگۈل كۆچىتى ئەكېلىپ، ھويلىڭىزغا تىكىپ ئۆستۈرۈڭ. ئۇ سىرىنگۈللەر ئانا تۇپراقنى ۋە ئەجدادلىرىڭىزنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان سىمۋول خاراكتېرلىك خاتىرە بوپقالسۇن» دېدىم. قىزىم بۇ گېپىمگە تولىمۇ خۇشال بوپكەتتى ـ دە، بازاردىن دەرھال سىرىنگۈل كۆچىتى ئەكەلدى. ھەممە كۆچەت تىكىدىغان يەرنى 50 ـ 60 سانتىمېتىردەك كولاپ، ئاندىن كۆچەت تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك توپىنى ئورەك ئىچىگە توشقىچە قۇيدۇق. ئىككى تۈپ سىرىنگۈل كۆچىتىنى ئورەككە تۆكۈلگەن يېڭى توپىغا سانجىپ تىكتۇق، ئاندىن يەنە ئىككى خالتا توپىنى كۆچەتنىڭ ئەتراپىغا كۆچەت تۈۋىدىن 50 ـ 60 سانتىمېتىردەك ئاشۇرۇپ تۆكۈپ دۆڭ قىلىپ كۆچەت غولىنى توپا بىلەن ئوراپ قويدۇق ۋە تورۇبا سۈيى بىلەن سۇغۇردۇق.

ئامېرىكىلىقلار ھەر ئەتىيازدا كۆچەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى كونا توپىلارنى يېڭى توپىغا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. بەزىلەر يەنە مەخسۇس تىكىلگەن سېرىملىك قېلىن سۇلياۋ خالتىلارنى كۆچەتلەرنىڭ غولىغا كىيگۈزۈپ قويىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، توپىلارغا ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇتلار نورمال تەڭشەلسىلا ئېچىلغان گۈل ـ گىياھلار، ئارچىلار بىر خىل ئاجايىپ خۇش پۇراق چېچىپ كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىكەن.

ۋاشىنگتوندىكى ھەر قانداق دەل ـ دەرەخكە دىققەت قىلىپ قارىسا، دەرەخنىڭ تۈۋىدىن غولىغىچە ئېگىز دۆڭ چىقىرىپ ياساپ، توپىنى دۆۋىلەپ قويغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەرلەردە يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى بەكلا تىنجىق ئىسسىق بوپكېتىدىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى، ئىشخانىلىرى ۋە ماشىنىلىرىغا ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلىدىكەن. لېكىن تالادىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارغا ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، داۋاملىق دورا چېچىپ سۇ بىلەن يۇيۇپ تۇرمىسا، قاتتىق ئىسسىقتىن قۇرتلاپ كېتىدىكەن. بۇ يەردە دەل ـ دەرەخلەرنى تىكىپ ئۆتكۈزماق تەس ئىكەن، كۆكلەتمەك تېخىمۇ تەس ئىكەن، دېسەم ئۇنى پەرۋىش قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ تەسكەن. چۈنكى مەن 60 ياشتىن ئاشقان مۇشۇ ئۆمرۈمدە قارىغاينىڭ قۇرتلاپ كەتكىنىنى كۆرمىگەنىكەنمەن. بىر كۈنى قارىسام، ئامېرىكىلىق قوشنام ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قارىغاينىڭ يېنىدا قولىغا قاچا ۋە قىسقۇچ ئېلىپ، قارىغايدىن بىر نەرسىلەرنى تېرىپ ئېلىۋاتىدۇ. يېنىغا بېرىپ: نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىسام:ـ قارىغايلىرىمىز قۇرتلاپ كېتىپتۇ، قاراڭ، ماۋۇ قۇرتنى، ـدەپ قىسقۇچ بىلەن بىر قۇرتنى يۇلۇپ ئېلىپ قاچىغا سېلىپ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ قويدى ۋە، ـ سىلەرنىڭ قارىغايدىمۇ بەلكى قۇرت باردۇ؟ قاراپ بېقىڭلار، ئەگەر قۇرت بولسا تېرىۋېتىپ، پاكىز يۇيۇۋېتىڭلار، ئاندىن دورا چېچىڭلار، ـ دېدى. شۇڭا مەنمۇ بىزنىڭ باغدىكى قارىغايغا قاراپ باقسام، راستلا قۇرتلاپ كېتىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم. بۇ قۇرتلار خۇددى ياڭاقتەك چوڭلۇقتا، ياپېشىل قاپ ئىچىدە بولىدىكەن. يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قۇرت دەسسىلىپ كەتسە، مىچچىدە بولۇپ، قان چىقىپ كېتىدىكەن. دىققەت قىلمىسا پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن. شۇڭا مەنمۇ دەرھال ھەممە قۇرتقا دىققەت بىلەن قاراپ تېرىۋالدىم ـ دە دەرھال ئەخلەت چېلەكىگە تاشلاپ، قارىغاينى تازىلاپ قويدۇم. دېمەك، بىر دەرەخنىڭ كۆكلەپ سايە بېرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن توپا، ئىقتىساد، زور ئەمگەك ۋە ۋاقىت كېتىدىكەن.


مەن مانا بۇ گۈزەل باغ ـ ئورمانلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەمگەك ئەجرى بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ نەقەدەر ئەمگەك سۆيەر، تىرىشچان خەلق ئىكەنلىكىنى، ھەر كۈنى خىزمەتلىرىدىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەنلىرىگە قارىماي باغلىرىدا تىنماي، ئېرىنمەي ئىزچىل ئەمگەك قىلىپ، ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى چۈشىنىپ ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم ھەم چىن دىلىمدىن قايىل بولۇپ، ھۆرمىتىم تولۇپ تاشتى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللار لايىھىلەش ـ تەتقىقات ئورنىنىڭ پېنسىيەدىكى ئالىي ئىنژېنېرى (M2)

# ئۈكام، سېنىڭ مەۋلۇت كۈنۈڭگە

ـ ئۈكامغا دەيدىغانلىرىم



دىلئارام قۇربان

ئۈكام، سەن يەنە بىر ئايدىن كېيىن ـ دېكابىرنىڭ يەتتىسى ئۆمۈر ھاياتىڭنىڭ ئىككىنچى مۆچىلىدىكى ئاخىرقى ياشنى كۈتۈۋالـــــەن، يەنى 23 يېشىڭغا خوش دەيسەن ھەمدە ھايات سارىيىڭنىڭ 24 ـ ئالتۇن بوسۇغىسىغا قەدەم قويىسەن. بىز كۈنلەرنىڭ تولىسىنى ئويسىز، ھېساب ـ سوراقسىزلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالىدىكەنمىز. پەقەت بەزى ـ بەزى كۈنلەردىلا ھاياتنىڭ مەنە ـ ماھىيىتى ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىمىز ھەققىدە تىرەن ئويلارغا چۆكىدىكەنمىز. سېنىڭمۇ كۈنساناپ ئاخىرلىشىپ بېرىۋاتقان 23 يېشىڭغا تەۋە كۈنلىرىڭ ۋە باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان 24 ياشلىق قىران پەسلىڭ توساتتىنلا مېنى ئويلاندۇرۇشقا باشلىدى. شۇنداق، ئۆتۈۋاتقان، كېتىۋاتقىنى سېنىڭ كۈنلىرىڭ، كېلىۋاتقىنى سېنىڭ يېڭى، پارلاق ھاياتىڭ. ئەسلى ئەڭ چوڭقۇر، تىرەن ئويلارغا پاتىدىغىنى سەن، ئۈكام. بەلكىم ئۆمۈرنىڭ ئەھمىيىتىنى خېلىلا چۈشەنگەن، ئەر يەتكەن سەنمۇ كېلىدىغان ۋە كېتىدىغان كۈنلىرىڭ ھەققىدە خۇلاسىلىك، پىلانلىق ئويلىنىشلارنى قىلغانسەن، قىلىدىغانسەن. ئەمما، مەن ئاچاڭمەن. بىز بىر بىر ئائىلىگە، بىر ئەقىدىگە مەنسۇپ قېرىنداشلارمىز. ئۆزىگە راۋا كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ راۋا كۆرمىگۈچە ئىنسان ئىنسانىي سۈپەت ئـــالالـــماس. سېنىڭ ھاياتىڭ، پەزىلىتىڭ، ئىش ـ ئەمەللىرىڭ ھەققىدە ئويلىنىش مېنىڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيىتىم. قان ـ قېرىنداشلار بىر ـ بىرىگە ھامىي ۋە مەسئۇل بولۇشى شەرت. شۇندىلا، بىزنىڭ ئائىلىلىرىمىز ئورتاق تىل، دىل بىرلىكىدە بەختىيارلىق تاپالايدۇ. شۇنداق، بىـــر ئـــاددىي ئىستەك تۈپەيلى ئويغانغان ئوي ـ خىياللىرىمنى تۇغۇلغان كۈنۈڭگە سوۋغا سۈپىتىدە تەييارلىماقچى بولدۇم. سەن شام يېقىلغان تورتنىلا تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى دەپ بىلىدىغان تەنتەكلەردىن ئەمەسسەن. بۇلار ئاددىي يازما بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئاچاڭنىڭ ئەڭ سەمىمىي ئىستەكلىرى پۈتۈلگەن. يېنىڭدا بولغان بولسام، بەلكىم بۇ ئويلىرىمنى ساڭا بولغان سۆيۈنۈش ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن ئېيتار ئىدىم. ھېلىھەم ئاچاڭنى جاھاننىڭ يىراق بىر قەرىنىدە تۇرۇپ ساڭا ئوتـــلـۇق ســالام يوللاپ تۇرۇپتۇ، دەپ بىل!

توۋا، ۋاقىت نېمىدىگەن تېز ئۆتكەن ـ ھە؟! ئىككىمىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىز خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە. سەن بىرىنچى يىللىقتا، مەن ئۆتىنچى يىللىقتا ئوقۇيتتۇق. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئالدىراش مەكتەپكە كېلىپ ئۆز سىنىپلىرىمىزغا كىرىپ كەتتۇق. مەن سىنىپقا كىرىپ سومكامنى شۇنداق ئاچتىم ـ يۇ، چۆچۈپ كەتتىم. رەتسىز ـ پۇرلەش دەپتەر ـ كىتابلار، ئوغۇللارنىڭ ئويۇنچۇق دېگەندەك تاراق ـ تۇرۇق دەسمايىلىرى، ھەتتا بىر مەينەت قېتىق قۇتىسى... ئىككىمىزنىڭ سومكىسى ئالمىشىپ قالغانىدى... بۇ ئىشنى ئويلىساملا كۈلىمەن، سەنمۇ كۈلىسەن. شۇنداق، ھاياتقا خالىغانچە مۇئامىلە قىلىدىغان، غەمسىز، مۇكەممەل پىلانسىز ئاشۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. بىز ھازىر باشلانغۇچتا ئەمەس، جەمئىيەتتە تۇرۇۋاتىمىز. سەنمۇ قالايمىقان، تەرتىپسىز، ئويۇنقېپى بالا ئەمەس، ئەقىلمۇ، بويىمۇ يېتىلىۋاتقان ئەر ـ يىگىت بوپقالدىڭ. ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەسپىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىڭ بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە

## كۆڭۈل ئىزھارى

ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمىدە پراكتىكا ھېسابىدا ئىشلەۋاتىسەن، لېكىن خىزمەت ئىشلەش ئويلىغىنىڭدەك شاتلىق بولمىدى، يەنى، ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى»گە تېخىچە ئورنىمىدى، ھەيران قالدىڭ. لېكىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمىدىڭ. ئاتا-ئانىسىنىڭ نەچچە تۈمەنلەپ پۇلىنى خەجلەپ ئوقۇپ يەنە خىزمەت تاپالماي بىكار-لاغايلاپ يۈرۈپ جەمئىيەتكە، ئىجتىمائىي تەرتىپكە يۈك بولۇۋاتقان نى-نى ياشلارنى ئويلىسام سەندىن خۇش بولىمەن، ئۇكام. بارلىق تالانتىڭنى ئىشقا سېلىپ، ھازىرچە تېخى مائاش بەرمەيدىغان بىر خىزمەت مۇھىتىدىمۇ ۋايسىماي جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇدلۇقۇڭنى، شۇنداقلا مۇھىملىقىڭنى باشقىلارغا ھېس قىلدۇرالىدىڭ. پۇل بەرمىسە ھۆپۈپمۇ ئۇسۇرمايدىغان بىر زاماندا مەن سەندىكى چىدام-غەيرەتتىن ۋە ئۆز-ئۆزىگە پۇرسەت يارىتىشنى بىلىدىغان دانالىقتىن ھەقىقەتەن سۆيۈنىمەن. ئۆز تالانتىغا ئىشەنگەن ھەم ئۇنى قايسى يەردە، قانداق ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ ئىشسىز قېلىشتىن ۋەھىمە يېمەيدۇ. تالانتلىقلار پۇرسەت يوقلۇقىدىن ۋايساپ ياتمايدۇ، بەلكى ئۆزى پۇرسەت يارىتىدۇ، پۇرسەتنى تۇتۇشنى، تېپىشنى، يارىتىشنى بىلىدۇ.

ھەر يىلى سەن دېمەتلىك ياشلاردىن نەچچە مىڭى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزىدۇ، جەمئىيەتكە قېتىلىدۇ. شۇلاردىن قانچىلىك ئادەم ئىش تېپىپ ئۆز جېنىنى جان ئېتىۋاتىدۇ؟ قانچىلىك ئادەم يەنە شۇ بىچارە ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىپ ئۆتۈۋاتىدۇ؟ بىزدە كىچىك ئىشنى ياراتمايدىغان، چوڭ ئىشنى تاپالمايدىغان، ئاقىۋەت بىكارچىلىقتا بۇزۇلىدىغان ياشلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ؛ بىزدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بىلىملىكلەر كۆپىيىۋاتىدۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىش قىلالايدىغانلار ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. ئالىي مەكتەپتە تۆت-بەش، ھەتتا يەتتە-سەككىز يىل ئوقۇپ چىققان بىر ياشنى ئەكېلىپ نېمە ئىش قىلالايسەن، دەپ سورىساڭ، مۇنۇ-مۇنۇ ئىشنى قىلالايمەن دەپ كونكرېت بىرەر ئىشنى دەپ بېرەلمەيدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى نوقۇل مائارىپ فۇنكسىيىسىنىڭ تەربىيىلەش ئىقتىدارىدىنلا ئىزدەش كېرەكمۇ؟ شۇنداق بولسا، يېتىشىپ چىققان-چىقىۋاتقان نۇرغۇن ئالىممىزنى، ئۇلارنى تەربىيىلىگەن شۇ قەدەر ئىپتىدائىي تەلىم-تەربىيە ئۇسۇللىرىنى نېمە دەيمىز؟ سەۋەبنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن، ئۆزىمىزنىڭ تىرىشىش، مېڭە ئىشلىتىش ھالىمىزدىنمۇ ئىزدەپ باققىنىمىز تۈزۈك.

ئۇكام، سەن باشتىلا بىر كەسپكە قىزىققان، شۇنى تاللىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشقانىدىڭ. ھېلىھەم ئەجرىڭگە يارىشا ئېرىشىدىغان ھەق يوق ھېسابتا بولسىمۇ، يەنە ئۆزۈڭ تاللىغان، سۆيگەن كەسپ ئۈچۈن قىزغىن كۈچ سەرپ قىلىۋاتىسەن. سەن بەلكىم ئۆزۈڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن، تىلىنى راۋۇرۇس بىلىدىغان مۇشۇ كەسپتە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىڭغا گەپ-سۆزسىز ئىشەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتە كېپقالسا بەزىبىر قۇربانلىقلارنى بېرىشكە بەل باغلىغان بولساڭ كېرەك. چىدا ئۇكام، ھايات ئىنساندىن تۈرلۈك-تۈمەن سىناق ئالىدۇ، سىناقتىن ئۆتەلىگەنلەرنىڭ پېشانىسى ئاپتاپ كۆرىدۇ. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ۋايسىماي كۈرەش قىلىدىغان سې-

نىڭدەك قېرىندىشىمىز ئۈچۈن ھامان يۆلەكمىز، تىرەكمىز! ئەمما، ئۇكام بىلگىنىڭكى ۋە ھوشيار بولغىنىڭكى، كەسپ، خىزمەت ئىنسانىيلىقتا، ئادىمىيلىكتە تەڭ ئەمەس. بىر قابىلىيەتلىك خىزمەتچى بەزىدە ئەل-قوۋم، جەمئىيەت-ئەخلاق ئۈچۈن زەھەرخەندە مىتە، چۈپرەندە مۇناپىققا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا كەسپ جەھەتتە مۇكەممەللىشىش، ئۇنۇم قازىنىشقا تىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى روھىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن كامال تاپقۇزۇشقىمۇ تىرىش. سەن بىر رەسسام ۋە لايىھىلىگۈچى! سەن شەيئىلەرنى، ئالدىڭدىكى تەسەۋۋۇرۇڭدىكى دۇنيانى ئوخشىتىپ، شۇ قەدەر نەپىس ھالدا سىزىپ-لايىھىلەپ، ئۇنى بوياقلار بىلەن يېقىشلىق قىلىپ ئىپادىلەپ چىقالايسەن؛ سەھنىلەرنى، مەيدانلارنى، ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ زىننەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك كۆرۈنۈش، قۇرۇلما ئۈنۈمىگە ئىگە قىلىپ لايىھىلەپ چىقالايسەن. ئەمما تامامەن سىرتقى دۇنيانى لايىھىلەش بىلەنلا بوپكەتمە. سەن خىزمەتچى، رەسسام، لايىھىلىگۈچى ۋە ياكى پالانچى-پۇستانچى بولۇشتىن كۆپ ئاۋۋال ئادەمسەن، ئىنسانسەن! ئىنسان ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىگە تەۋە روھ-قەلب دۇنياسىنى ئۆز ئارزۇ-خاھىشى بويىچە لايىھىلەشنى بىلىشى كېرەك. سەن ئۆزۈڭنىڭ دۇنياسىنى، قەلبىنى لايىھىلەشنى مۇھىم بىل، ئۇكام. سەن رەسىم سىزىپ، سەھنە لايىھىلەش بىلەنلا بوپكېتىپ، قەلبىڭ قاغجىراق چۆلدەك قۇپقۇرۇق قالمىسۇن ياكى ۋۇجۇدۇڭ ئاللىكىملەر تەرىپىدىن لايىھىلىنىپ كەتمىسۇن. بىزدىن ئىلمى، دۇنياسى، ئىقتىدارى بىلەن كۆپنى ھەيران قالدۇرغان بىلەن كۆڭۈل ئىچىنى قۇپقۇرۇق ياكى كىملەرنىڭدۇ خاھىشى بىلەن قالايمىقان لايىھىلىنىپ قالغان ئادەملەر كۆپ چىقتى. ئۇلاردىن ئەڭ ئاخىرىدا قىپقالغىنى كۆپتىن-كۆپ ئەپسۇس ۋە ئىبرەتلەر بولدى. كەل، سەن، بىز بولساقمۇ ئۆز قەلبىمىزنى ئۆز ئەقىدىمىز، ئۆز مەۋقەيىمىز بويىچە لايىھىلەپ باقايلى. ۋۇجۇدۇڭ ئەزگۈلۈك بوياقلىرىدا زىننەتلەنگەن، رەھمەت زىيالىرىدا قوپۇرۇلغان بولسا سەندىن بىھېساب چىرايلىق ۋە مۇكەممەل لايىھىلەرنىڭ چىقىشىدا گەپ يوق، جان ئۇكام!

ئاپام بەزى-بەزى ئىككىمىزگە مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ: سەن تۇغۇلۇپ، ئاپام ئىككىڭلارنى دادام دوختۇرخانىدىن ئۆيىمىزگە يېڭىلا ئېلىپ چىققان شۇ كۈنى ئۆيىمىزدە بۇ قۇتلۇق ئىشنى تەبرىكلەشكە كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن-يورۇقلار بار ئىكەنتۇق. ھەممىسى سېنى كۆرۈپ خۇشھال پاراڭلىشىۋاتقاندا، مەن ياتسىرىغاندەك ئاستا مېڭىپ ئاپامنىڭ قۇچىقىدا ياتقان سېنىڭ يېنىڭغا كەپتىمەن ھەم ساڭا بوينۇمنى سوزۇپ قاراپتىمەن. ئاپام مېنى كۆرۈۋالسۇن دەپ سېنى تۆۋەن قىلىپ ماڭا سۇنۇپتۇ. ئۇخلاپ قالغان بولساڭ كېرەك، مەن كىچىككىنە قولۇمنى ئاستا چىقىرىپ يۈزۈڭگە تۇيۇقسىز چاڭگىدە بىر شاپىلاق سېپتىمەن، سەن جاررىدە يىغلاپ كېتىپسەن... ئىككى يېرىم ياشلىق ۋاقتىم ئىكەن، نېمىنى ئويلاپ شۇنداق قىلدىم، بۇنىسى ماڭا نائېنىق. بەلكىم، ھەممە ئادەم سېنى دۇنياغا يېڭى كۆز ئېچىپتۇ، دەپ تەبرىكلەۋاتسا ئۇخلاپ ياتقىنىڭ كۆزۈمگە سىغماي: ئۇكام، تۇغۇلدۇڭ، ئەمدى قورساقتىكىدەك ئۇخلاپ ياتساڭ بولمايدۇ، ئويغان دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك. ھېلىھەم سەن غەپلەتتە قالغاندا،

خارامۇشلۇققا پاتقاندا، گاڭگىرىغاندا، ئازغاندا سېنى سىلكىپ ـ سىلـ
كىپ ھوشۇڭغا كەلتۈرۈپ قويسام دەيمەن، ئۇكام. سېنى، سېنىلا ئە-
مەس، بارلىق يىگىتلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىزنى ئۇيقۇدىن، غەپلەتتىن،
بىغەملىكتىن، ئاڭقاۋلۇقتىن ئويغانسىكەن دەيمەن. مەنغۇ ئىككى يېرىم
ياش ۋاقتىمدا سېنىڭ ئۇيقۇڭنى ياقتۇرمايتىكەنمەن. ئەمما چوڭ بو-
لۇپ، ئەقلىمگە كېلىپ قارىسام، ھەرقانداق بىر ئىنسان ئوغۇللىرىنىڭ،
ئەرلەرنىڭ ئۇيقۇلۇق، زەئىپ، خارامۇش، ئىزىلەڭگۈ ھالىنى ئەمەس،
جۇشقۇن، تېتىك، كەسكىن ھالىنى ياقتۇرىدىكەن. يىگىت ـ ئەرلەرنىڭ
جەڭگىۋار تۇرقىدىن پۈتكۈل كائىناتمۇ پەخىر ـ ئىپتىخار ھېس قىلى-
دىكەن. ھېلىھەم دەيمەن، غەپلەتتە، ئۇيقۇدا قالما، ئۇكام. ساڭا باتۇر
ئوغلانلارنىڭ ئىسمى قويۇلغان. باھادىر ئوغلانلار ئۇيقۇچان ئەمەس،
تۇيغۇن، تۆرگۈن بولۇشى كېرەكقۇ!؟ بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن بېشىڭغا
تېخىمۇ ئېغىر ـ قىيىن كۈنلەر كېلىشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر، پاراغەت ئىچرە زەيپانلىشىپ، كۆلپەت ئارا چۈش-
كۈنلىشىپ كېتىدىغان ئىشنى قىلما!

ئاپام كىچىكىمىزدىنلا تەربىيەۋى ئەھمىيىتى زور ھەر خىل چۆ-
چەك ـ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ بىزگە قانداق ئادەم بولۇشنى
تەبىئىيلا ھېس قىلدۇرغانىدى. دادام بولسا ھەر بىر گەپ ـ سۆز،
ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق بىزگە ئادىمىيلىكنىڭ چىن يوللىرى ھەققى-
دە ئۇنتۇلماس ئۆلگىلەرنى تىكلەپ بەردى. بولۇپمۇ، بىز دادامنىڭ
ئۆيىمىزگە كەلگەن مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، مەرھۇم
زوردۇن سابىر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەختەم ئۆمەر... لەرگە ئوخ-
شاش دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ سەرخىل مۇتەپەككۇر، يازغۇچى ـ شائىر، تا-
رىخچى، جەمئىيەتشۇناس، سەنئەتكار ئۆلپەتلىرى بىلەن ئېلىپ بارى-
دىغان تېپىلماس ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلىرىگە قۇلاق موللىسى بولۇپ
ئولتۇرۇپ قانداق ياشاش، قانداق پىكىر قىلىش، مەسىلىلەرگە قانداق
مۇئامىلە قىلىشنى بىلىپ چوڭ بولدۇق. ئەل ـ مىللەت ئۈچۈن نېمە
قىلىش، نېمە قىلماسلىق كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. مانا بۈ-
گۈن سەن بويىلا يېتىلگەن ئەمەس، ئەقلىڭمۇ تولۇۋاتقان ئەر ـ يە-
گىت بولۇپ تۇرۇپسەن. 1.90 مېتىردىن ئاشقان بويۇڭ، چېنىقىپ ئې-
يىقنىڭ يەلكىسىدەك، بۆرىنىڭ بېلىدەك بولغان، كىشىنى ئەيمەندۈرى-
دىغان بوي ـ بەستىڭ، سالماقلىق، قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆ-
زۈڭ، ئەدەبلىكلىكىڭ ھەرقانداق ئادەمنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ.
ئەمما ساڭا ئەسلا ياراشمايدىغان بەزىبىر ئىللەت ـ قىلىقلار تۇيدۇرماي
ساڭا يېپىشماقتا، ئوبرازىڭنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە، ئۇكام. يەنى، مىجە-
زىڭنىڭ ئۆتتىكلەپ قېلىشى، رەتسىزلىك، ئادەم دوراش، باشقىلارنى
ئاسان كۆزگە ئىلماسلىق دېگەندەك... بەلكىم بۇلارنى سېنىڭ تەپچىپ
تۇرغان ياشلىقىڭغا، تەنتەكلىكىڭگە ئارتىشقىمۇ بولۇر. ئەمما مېنىڭ
يۈكلىمچىلىك قىلىپ ھەممىلا نەرسىنى كەچۈرۈۋەتكۈم يوق. سەن
ياشلىقىڭدا بىر نۇقسانغا سەل قاراپ ئۇنى تۈزەتمىسەڭ، بەلكىم ئۇ
يېشىڭنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ سەندىكى تولىمۇ رەزگى، كىشىلەرنى
يىرگەندۈرىدىغان بەتقىلىق ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ، كېيىنكى ھا-
ياتىڭدا تېخىمۇ چوڭ قۇربانلىقلارغا سەۋەب بوپقېلىشىمۇ مۇمكىن.
قاراپ تۇرۇپ لەخمىگە رازى بولۇپ سەكرىمەسسەن، ئۇكام. بىزمۇ
سېنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ئامالنىڭ بارىچە ساقلانغان، ياخشىلىققا
يېقىن ئادەم بولۇشۇڭنى تىلەيمىز.

ئۇكام، 24 ياشقا كىرىسەن. ئەمدى تېخىمۇ رېئال ھالدا تۇرمۇش،
كەسىپ، مۇھەببەت، ئائىلە قاتارلىق بىر قاتار كونكرېت مەسىلىلەرگە
دۇچ كېلىسەن. تۇرمۇشتا بىز ماڭىدىغان يول ئۇنداق تۈپتۈز بولمايدۇ؛
بىز دۇچ كېلىدىغان ئىشلار سەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىۋالا گۈ-
زەل، ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ھاياتتىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز، مۇشەق-
قەتلىك يولدا سەن بارا ـ بارا يالغۇز مېڭىشىڭ مۇمكىن، مەسىلىلەرگە
مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىپ، ھاياتنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن سوئال ـ سو-
رىقىغا يالغۇز جاۋاب بېرىشىڭ مۇمكىن. ساڭا ياردەم بېرىدىغان، مەدەت
بولىدىغانلارمۇ بارا ـ بارا ئاز قالىدۇ ۋە ئەكسىچە سەن ئىگە ـ ھامىي
بولىدىغان ئىشلار كۆپىيىشكە باشلايدۇ. سەن ئۈستۈڭگە ئېلىشقا تې-
گىشلىك مەجبۇرىيەت، ۋەزىپىلەر كۆپەيسە كۆپىيىدۇكى، ئازلىمايدۇ.
ئەمدى ھەرقانداق مەسىلىگە ھېسسىياتنىڭ ھەيدىكى بىلەن ئەمەس،
ئەقلىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەن. نىشانىڭ ئېنىق
بولسۇن، ئىشنى كېسىپ، كەسكىن قىل. ئارزۇلىغان نەرسەڭگە ئېرىشىش
ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىن قورقما. باشقىلارنىڭ توغرا نەسىھىتىنى قوبۇل
قىل، لېكىن ئەھمىيەتسىز قۇرۇق گەپلەرگە قۇلاق يوپۇرۇۋېلىشنىمۇ
ئۆگەن. زېھنىڭنى پايدىسىز ئىشلارغا چاچما!

ئوماق «ماركو» ئۇكام. سېنى ئاپام بەزىدە «ماركو بالام» دەپ
چاقىرىپ قويىدۇ. ھەر قېتىم ئاپامنىڭ مۇشۇنداق چاقىرىشىنى ئاڭلى-
سام ئىككى يېرىم ياش ۋاقتىڭدىكى تولىمۇ ئازابلىق بىر سەرگۈ-
زەشتىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئاپام ئالدىراپ
ئىشقا چىقىپ كەتسە، سەن مومام رەھمەتلىكنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ
قويۇپ، ئاپامنى ئىزدەيمەن دەپ ئىدارە خىزمەت بىناسىنىڭ 2 ـ
قەۋىتىدىن چۈشۈپ كېتىپ ياناپاش سۆڭىكىڭ چېقىلىپ ـ سۇنۇپ
كەتكەنىدى. شۇ چاغدا بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قانچىلىك بىئا-
راملىق ۋە يۈرەك زېدىسى ئىچىدە قالغانلىقىمىزنى ھېچكىم تەسەۋ-
ۋۇر قىلىپ يېتەلمەيدۇ. چوڭقۇر شۈكرىكى، ئۆزۈڭنىڭ تەلىيى ۋە
دوختۇرلارنىڭ يۇقىرى تېخنىكا بىلەن تىرىشىپ داۋالىشى نەتىجىسىدە
سەن تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتكەنىدىڭ. بىز شۇنىڭدىن كېيىن سېنى
«ماركونىڭ ئاپىسىنى ئىزدىشى» ناملىق كارتون فىلىمدىكى ئاپىسىنى
ئىزدەپ ئىتالىيىدىن ئارگېنتىناغا بارغان قەھرىمان ئۆسمۈر ماركوغا
ئوخشىتىۋالغاندۇق. گەرچە سەن ئۇنچىۋالا ئۇزاق، كىشى چىدىغۇسىز
مۇشەققەتلىك سەپەرلەرنى باسمىغان بولساڭمۇ، ئەمما ئانىغا بولغان
شۇ قەدەر ئوتلۇق مۇھەببەت ئىككىڭلارنى مەلۇم دەرىجىدە ئوخ-
شىتىپ قويغانىدى. بۇ يىل يازدا ئىككىمىز بىرگە ئولتۇرۇپ يەنە شۇ
فىلىمنى قايتا كۆردۇق. ماركونىڭ ئاپىسىنى ئىزدەش يولىدا ھېرىپ ـ
يېقىلىپ، ئاقساپ ماڭغان كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ ھەر ئىككىمىزنىڭ
كۆڭلى يېرىم بولدى، كۆز چاناقلىرىمىز ياشقا تولدى. «ئاچا، ـ دې-
دىڭ سەن كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك قىياپەتتە، ـ كىچىك ۋاقتىلى-
رىم ئېسىمگە كېپقالدى. مەن ئاپامغا بەك ئامراق ئىدىم، ھېلىھەم بەك

ئامراقمەن. لېكىن بەزىدە ئاپامنى خاپا قىلىپ قويىمەن. بۇلارنى ئويلىسام خىجىل بولىمەن». يۈرىكىم شۇررىدە قىلىپ ئېرىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇكام. پۈتكۈل نەپسى - تىنىقىم بىلەن ساڭا ئىنساپ تىلىدىم. ئۆزۈڭ ھېس قىلىپسەن. ھېلىمۇ كېچىكمىدىڭ. دادام - ئاپام ھايات، كۆز ئالدىمىزدىلا تېمەن ھالەتتە بارلىقىنى بىزگە تەگلەپ تۇرۇپتۇ. كەل ئۇكام، ئاتا - ئانا مېھرى ھاياتىمىزنى ئوت - ئاتەش مېھىر - ئىللىقلىقا ئوراپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ مەدىتى بىزنى تاغدەك يۆلەپ تۇرغان مۇشۇ بەختلىك چاغلاردا ئەڭ ئالدى بىلەن ئاشۇ بۈيۈك غەمگۈزارلىرىمىزنى ئورۇنسىز قاقشاتقان، زارلاتقان ئەدەبسىزلىكلىرىمىز ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايلى، ئۇلارغا ئەڭ تاتلىق، ئەڭ پاكىز ھېسلىرىمىز بىلەن كۆيەيلى، ئۇلارنىڭ بىزنى دەپ قاپارغان پۇت - قوللىرىغا سۆيەيلى! ئۇلار بىزدىن تولىمۇ زور ئۈمىد كۈتۈۋاتىدۇ. ئەجدادلارنىڭ، ئاتا - بوۋىلارنىڭ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى ئۈچۈن بولسىمۇ تىرىشىپ ئادەمدەك تۈزۈك ياشايلى. ئۆمرىمىزدىن كۆل قالمىسۇن، گۈل قالسۇن! توختىماي ئۆگىنەيلى. كىتاب ئوقۇش ئادىتىڭنى تاشلاپ قويما، ئوقۇغان كىتابىڭنىڭ جەۋھىرىنى سۈزۈۋشنى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىل. ئاپام ئۆگەتكەندەك پىلان تۈزۈپ شۇ بويىچە ئىش قىلىشنى تاشلىما. ھەر بىر قەدىمىمىزنى پىلانلىق، ئورۇنلۇق باسايلى. ھاياتىڭدا قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ چىققىن. شۇ چاغدىلا ھاياتىمىزنىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئىشىڭنى ئەڭ مۇھىمدىن باشلاپ رەتكە تىز. ئەگەردە پەقەت تىزالمىساڭ، مۇنداق پەرەز قىل. گەرچە بۇ بىر ئاز قەتئىيرەك تاللاش بولسىمۇ، سىناپ كۆر. مەسىلەن: ئەگەردە يەنە پەقەت بەش يىللا ياشاش پۇرسىتىم بولسا نېمە قىلارمەن؟ بىر يىل بولسىچۇ؟ بىر ئاي، بىر ھەپتە...؟ دېگەندەك ئويلا. شۇ چاغدىلا سەن قايسى ئىشنىڭ ھاياتىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى سېزىسەن. دېمىسىمۇ قانچىلىك ياشاش بىزنىڭ ئىلكىمىزدىكى ئىش ئەمەسقۇ؟! ھازىر ئۆلىدىغاندەك ۋەھىمە ۋە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ماس ھالدا ساقلاش تولىمۇ مۇھىم.

ئۇكام، بالتاسار گراسىئەن ھېكمەتلىرىدىن بىر نەچچىنى سۇنغۇم كەلدى، ھاياتلىق يولۇڭدا ئۆرنەك قىلارسەن.

▲ كەسپىڭكى ئورنۇڭ قانچىلىك يۇقىرى بولسا بولسۇن، كىشىلىك پەزىلىتىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغ ئاۋگۇستىننىڭ مەشھۇر خاقان بولغىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنسۈرك ئەركەك بولغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن.

▲ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولاي دېسەڭ، باشقىلار سېنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كەتمىسۇن. ئۆتكەلنى تېپىۋالغان ئادەم ھەرقانچە جىددىي ئېقىن بولسىمۇ قورقۇپ كەتمىگىنىدەك، باشقىلار سېنىڭ ئىستېداتىڭدىكى چەكلىمىلىكنى بىلىپلا قالسا، سېنى ھۆرمەتلەپ كېتىشى ناتايىن. ئۆزىنى سىرلىقراق تۇتقان ئادەم ئابرۇيىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

▲ ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم بول. بۇ گەپ ھەممىدىن مۇھىم. گۈزەل ئەخلاق بەختنىڭ يۈرىكىدۇر. ئۇ سېنى ئېھتىياتچان، سەزگۈر، چېچەن، ئىش ئۇقىدىغان، پاراسەتلىك، قەيسەر، سەمىمىي، ساداقەتمەن، شادىمان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ھەقىقەتچىل ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

▲ بىلىمىڭ مول، نىيىتىڭ سەمىمىي بولسۇن.

▲ قىيىن ھالەتتە قالغاندا، جەسۇر يۈرەك ئەڭ ياخشى ھەمراھتۇر.

ئۇكام، بەك كۆپ سۆزلەپ كەتتىم. شۇنچە كۆپ سۆزلىشىمۇ ماھىيەتتە سېنىڭ ھەقىقىي ئادەم بولۇشۇڭنى ئارزۇلىغانلىقىمدىندۇر. مەن ساڭا بەك ئامراق، بەك ئامراق، ئۇكام، ھەممىدە سەندىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتىمەن. پەرزەنت ئاتا - ئانىنىڭ يۈرىكى، جېنى دېيىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن دادام - ئاپامنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتى، ئۈمىد - ئارزۇسىنىڭ مېنىڭكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ - بۈيۈكلۈكىنى ئويلاپ يېتىش تەس ئەمەس. بۇلارنى ئويلىساملا شادلىقتىن كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولىدۇ. بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەت - مەسئۇلىيىتى ۋە ئۈمىد - تىلىكى شۇ قەدەر چىڭ، چوڭ، پۇختا بىر ئائىلىدە ياشىغىنىمدىن تەن - روھىم كەگرىپ، سۈزۈكلىشىپ كېتىدۇ ۋە تېخىمۇ مەنىلىك ياشاشقا بولغان ئىرادەم كۈچىيىدۇ. سەنمۇ تىرىش، ئۇكام. بىر ئائىلىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى تەبىئىي ھالدا ئوغۇللارنىڭ ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. ئاتىلار ئوغۇللارنى ئىز باسارىم، ۋارىسىم، ئۈمىد چىرىغىم دەپ بىلىدۇ. ئۇلاردىن قالتىس چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. ئاتىلارنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسىنى بايراق، ئانىلارنىڭ مېھرلىك تەلپۈنۈشىنى چىراغ بىلىپ ماڭ. يۈكسەك چوققىلار ئۈچۈن ئىنتىل. ئوغۇل تۇغۇلغاندا ھاياجان، پەخىر - غۇرۇر ئىلكىدە جاھانغا پاتماي قالغان ئاتىلار، سۆيۈنۈپ چوڭ بولغان ئانىلار ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ ئەر يەتكەندىكى تۇرقىدىن ئۆرتەنمىسۇن، نومۇس ھېس قىلمىسۇن، ئۈمىدسىزلەنمىسۇن، بەلكىم شۇنداق بىر قەيسەر، قەتئىي، جىگەرلىك، ۋاپادار، قايتماس ئوغۇلنى تاپقىنىدىن، باققىنىدىن سۆيۈنسۇن، كۈلسۇن، تەنتەنە قىلسۇن!

ساڭا سائادەتلىك ئۆمۈر تىلەپ:

ئاچاڭ دىلئارامدىن

2006 - يىل 1 - نويابىر، بېيجىڭ

---

ئاپتور: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پسىخولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى (M1)

بۇ سان 2006 - يىل 1 - نويابىردا تىزىشقا يوللاندى، 30 - نويابىردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)، نازارەتچى: زۇنۇن باقى (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

# «ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى»دىن تاللانغان ھېكمەتلەر



تەۋسىيە قىلغۇچى: ئوبۇلقاسىم مۇھەممىدى

▲ئەخمەقلەر تېز سۈرئەتنى ياخشى كۆرىدۇ.

▲ئاقىللار كۆپىنچە بىرەر ئىشقا يولۇققاندا بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قېلىش سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولىدۇ.

▲ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان ئادەم باشقىلارنىمۇ باشقۇرالايدۇ.

▲بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ھەممىلا يەردە ئورا كولاقلىق بولىدۇ.

▲باشقىلارغا ئۆزۈڭنى بىلدۈرسەڭ بىلدۈرگىنكى، لېكىن ئۇلار سېنى چۈشىنىپ يېتەلمىسۇن.

▲كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بويسۇندۇرۇش ھەقىقىي غەلىبە ھېسابلىنىدۇ.

▲ئەخمىقانە ئىش قىلغان ئەخمەق ئەمەس، يوشۇرۇۋېلىشنى بىلمىگەن ئەخمەق.

▲ ئاقىلانە چارە: تىپتىنچ دالدىغا كىرىپ، دەھشەتلىك بوران - چاپقۇننىڭ ئۆزلىكىدىن پەسىيىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

▲ ھەقىقىي كەسىپ ئەھلى بىرەرسى تىلىنى مىدىرلاتقان ھامان ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ئىگىلىۋالالايدۇ.

▲ ئەگەر دوستلۇقنى ئۇزاققىچە داۋاملاشسۇن دېسەڭ، دوستلىرىڭنىڭ مەنسەپ تۇتۇپ، باي بوپكېتىشىنى ئۈمىد قىلما.

▲ ئاقىللار ھەممىدىن بەك تاقەتسىز بولىدۇ، چۈنكى بىلىم ئۇلارنىڭ سەۋر - تاقىتىنى ئازايتىۋېتىدۇ.

## تەقدىرىڭ تەدبىرىڭدە

▲رەقىب بىلەن سۆزلەشكەندە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك؛ باشقا كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە بولسا غۇرۇر بولۇشى كېرەك.

▲ ھېچكىممۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ.

▲ پەيلاسوپلار كەمتۇكلۇكنى ھېچ گەپ ئەمەس دېيىشىدۇ؛ سىياسيونلار بولسا، كەمتۇكلۇكنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ.

▲شەرمەندە بولغان مۇناپىق شەنىگە داغ تەگكۈزمەي قالمايدۇ.

▲سەمىمىي ئادەم ئىززەتلىنىدۇ، ئەمما داۋاملىق ئالدىنىپ قالىدۇ.

▲بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقىي بىلىم - قانداق ياشاشنى بىلىشتە.

▲سەن يېرىمىڭ يالانغا، يېرىمىڭ كەپتەرگە ئوخشايدىغان بولۇشۇڭ كېرەك، بۇ، شەيتانلىق ئەمەس، تالانتتۇر.

▲مودا بوپقالغان نەرسىنى ئۆزۈڭ يالغۇز ئەيىبلەپ يۈرمە.

▲ ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش گەپ چىقسا، ئۇ بىر بولسا پاكىت بولىدۇ، بىر بولسا كىشىلەر پاكىت بوپقېلىشىنى ئۈمىد قىلغان نەرسە بولىدۇ.

▲ 20 ياشقا كىرگەندە تۆگىگە ئوخشايسەن، 50 يېشىڭدا يىلانغا ئوخشاش بوپقالىسەن، 60 ياشقا كىرگىنىڭدە ئىتقا ئوخشاپ قالىسەن، 70 ياشقا كىرگىنىڭدە مايمۇنغا ئوخشاپ قالىسەن، 80 ياشقا كىرگىنىڭدە ھېچ نەرسە بولماي قالىسەن.

▲ ھەقىقىي يوسۇندا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر كىشىنىڭ ئادەتتىكىدەكلا: «شۇنداق» دەپ قويغىنى، بىر توپ يارىماسلارنىڭ چالغان چاۋىكىدىن قەدىرلىك بولىدۇ.

---


**ياسىن ھاۋازىي** بىلەن **خەمىت نىغمەت** تەرجىمىسىدىكى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشر قىلغان «ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى» ناملىق كىتابتىن ( M2 )



## تالانتلىق شائىر،ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان، ئۇستاز ژۇرنالىست رەخىم قاسىم ئەپەندىنىڭ 70ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز

ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن: «بىرنىڭ ئىرادە»، «ھاياتقا مەدھىيە»، «چولپان»، «يەر-ئانا»، «يۇلتۇزلۇق كېچە»ناملىق شېئىر-داستانلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان؛ خەنزۇ يازغۇچىسى خۇڭ ليۇ بىلەن بىرلىكتە يازغان «ئىككى ئەۋلاد»ناملىق كىنو سىنارىيىسى1960-يىلى «تەڭرىتاغ» كىنوستودىيىسى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن؛ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن لى بەي، دۇفۇ،گومورو، ئەي چىڭ، گوشياۋچۇەن ۋە پۇشكىن،سېرگېي يېسىنن، پابلونىرودالارنىڭ شېئىر-داستانلىرىنى، جاڭ جىرمىننىڭ«دەسلەپكى مۇھەببەت»، «تەڭرىتاغقا ئوخشاش بول»، ۋېن جيىنىڭ «تەڭرىتاغ ناخشىسى»،شياۋمىن تۈزگەن«ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ شېئىرلىرى»ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان؛ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرغان؛ «ئىنتېر ناتسىئونال شېئىرى»، «دۆلەت شېئىرى»، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە قاتناشقان؛ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئائىت كۆپلىگەن ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى ماقالىسى ئېلان قىلىنغان؛ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر شېئىر، ماقالە، ئوچېركلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، چەت ئەللەر مەتبۇئاتلىرىدا بېسىلغان؛ شېئىرىيەت، ئەدەبىي تەرجىمە،مۇھەررىرلىك ساھەلىرىدە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ قېتىم ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛ مەرھۇم شائىرلاردىن ئەلقەم ئەختەمنىڭ «يېگىش دولقۇنى»، كېۋىرنىيازنىڭ «يېگىش تۇيغۇسى»، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار»، پەتتەرجان مۇھەممىدىنىڭ «ئۆمۈر چېچەكلىرى» قاتارلىق شېئىرلار توملىرىنى نەشرگە تەييارلىغان.

بالىمان ساداسى  لياڭ لى فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市团结路193号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»2006 ـ يىل 6 ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 ـ نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 22 باھاسى: 5 يۈەن